


AltunOq

KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1

١٩٩٠



ئاتاقلىق يازغۇچى، دراما تۇرگ مەرھۇم زۇنۇن قادىرى 1986 - يىلى 2 - ئايدا ئاقسۇدا ئېچىلغان پوۋېست ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىدا.



پېشقەدەم شائىر، ئاتاقلىق ئالىم، مەرھۇم ئەھمەد زىيائى (ئالدىنقى رەت سولدىن بىرىنچى كىشى) ئۆتكەن يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەردە ئېچىلغان 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى جەريانىدا، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا قاتناشقانىدى.

(مۇھەممەت رىشات ئېيسا فوتوسى)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

( قوش ئايلىق ژۇرنال )

1

1990

19 - يىل نەشرى

( ئومۇمىي 92 - سان )

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

AltunOq

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


| | | |
|---|---|---|
| ياسىنجان سادىق | سۆگەل | 1 |
| جۇڭ ۋاڭخۇا | سۆيۈملۈك كىشىلەر | 8 |
| نۇر روزى | دۈت | 21 |
| ئابلىمىت سابىر | ئائىلە كېلىشمىسى | 24 |
| سەلەي قاسىم | كەچۈر مېنى، ئايپاشا | 29 |
| ئابلىمىت باتۇر | دوستۇمنىڭ سۈرەتلىرى | 35 |
| مەھمۇد زەيىدى | «سۆزلۈك بۇلاق» بويىدىكى ئويلار | 39 |
| ئىلھامىدى ياقۇپ | مۇھەببەت توختاتقۇسى | 84 |
| ئېزىزجان توختىھاجى | دادام باشلىق بولغاندىن كېيىن | 89 |
| زۇلپىيە | تۇغماس | 92 |
| روشەنگۈل تۇرسۇن | نەسىرلەر | 96 |
| ئاتىكەم ئۆمەر | قۇياشقا سوزۇلغان يول | 98 |


## شېئىرىيەت گۈلزارى


| | | |
|---|---|---|
| ئەزىم ناسىر | تەخمىسلەر | 46 |
| مىرزاھىد كېرىمى | ئىككى شېئىر | 54 |
| ئابدۇرېھىم توختى | شېئىرلار | 55 |
| سۆزلۈك | ئىككى شېئىر | 58 |
| ئۇچقۇنجان ئۆمەر | قەشقەر ( داستان ) | 59 |
| ئۆمەرجان ئوسمانى | ئالىم ئۆلمەس، ئەجرى كۆمۈلمەس | 66 |
| تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم | شېئىرلار | 68 |
| ياسىن ئىسمائىل | ئاچچىق ھېسلار | 69 |
| ئەمەتجان قادىر | ئەلۋىدا، ئەھمەد زىيائى | 71 |
| ئەسقەرجان ئوسمان | ئىككى شېئىر | 72 |
| تەلئەت ئاتاۋۇللا | شېئىرلار | 72 |
| ئۆمەرجان سىدىق | ئىككى شېئىر | 73 |
| پەرھات مۇھەممەت | ساقىدى كۆكتىن يەنە بىر يۇلتۇز | 74 |


## ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز


| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن | ئىزگۈ پەزىلەتنىڭ ئويغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى | 42 |
| ئابدۇرېھىم سابىت | قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئەللامە ھۈسەيىن فەيزۇللا كاشغەرى | 75 |
| غولام ئەبەيدۇللا | شائىر، تارىخچى مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ ئىجادىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى | 111 |


## ساتىرا ۋە يۇمۇرلار


| | | |
|---|---|---|
| ئابابەكرى ئەمەت | ساتىرالار | 99 |
| تۇرسۇن ئابباس | ساتىرىك شېئىرلار | 101 |
| ئۆمەر ئىمىن | باشلىق بىلەن سۈرەتكە چۈشۈش (فېلىيەتون) | 103 |


## بالىلار ئەدەبىياتى


| | | |
|---|---|---|
| نىجات يۈسۈپ | «ئۆزەمنى باشقۇرالايمەن» ( ھېكايە ) | 104 |


## ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى


| | | |
|---|---|---|
| ئىجادىيەت كۇرسى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن | | 108 |


## خەزىنە


| | | |
|---|---|---|
| يۈسۈپ ئۆمەر رەتلىگەن | ۋاپادارلار ( چۆچەك ) | 118 |


## ئەدەبىي ساۋات


| | | |
|---|---|---|
| كېرىمجان ئابدۇرېھىم | ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسلۇبلار | 123 |


---

(بۇ سانىدىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنخەتنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت ۋە جۇمە ئابدۇللالار ئىشلىگەن)

1- بەت: گۈلگە پۈركەنگەن ھېيتگاھ ...... ( سۈرەتنى تۇرسۇن نىياز تارتقان)

4- بەت: تۆمەن گۈلى مەنزىرىسى ...... ( سۈرەتنى ئادىلجان تارتقان)

ياسىنجان سادىق

# سۆگەل

(ھېكايە)

سەمەت ئىنژېنېر بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە دەل سائەت بەش يېرىمدە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ۋىجىك گەۋدىسىنى يوتقاندىن يېرىم چىقىرىپ، ياستۇققا يۆلەندى ـ دە، تاماكا يۆگىگەچ خىيالغا كەتتى:

توۋا، ھېلىقى چۈشنى بۈگۈنمۇ يەنە كۆرۈپتىمەن. بۈگۈنكىسى بىلەن جەمئىي 199 قېتىم بوپتۇ، بۇ نېمە ئىشتۇ؟ بۇ خىل چۈشنى بىر ئادەم ئارقىمۇ ـ ئارقا 199 كۈندە 199 قېتىم كۆرسە ـ ھە! ئۇ، يۆگەپ بولغان تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ، ئاچچىق ـ ئاچچىق شورىغىنىچە خىيالىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، ـ ئىدارىدىكى يېقىندىن بۇيان مىش ـ مىش گەپلەر تولا، كۆپ ساندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاغزىدا ئۆتكەنكى سايلام كۈچكە ئىگە بولمىدىكەن، سەمەت ئىنژېنېرنىڭ سايلامدا ئېرىشكەن بېلىتى ئېتىراپ قىلىنمىدىكەن... دېگەنگە ئوخشاش ئادەمنى ئۈمىندۈرىدىغان گەپلەر. دېمىسىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا دائىم قوپال مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلەرمۇ يېقىندىن بۇيان خېلى يۇمشاپ قالدى. تاقىر باش ئىشخانا چۇرىنى غالىپنىڭ تۈنۈگۈن ئاتايىن ئالدىمغا كېلىپ ئەھۋال سوراپ كېتىشىمۇ، يەنە مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جالىڭ «خورا» نىڭ ئالاھىدە ھېجىيىپ، پاپىروس تۇتۇپ كېتىشلىرىدىمۇ چوقۇم بىرەر گەپ بار، ـ سەمەت ئىنژېنېر قويۇق كۆكۈش تاماكا ئىسىنى ئۆينىڭ تورۇسىغا پۈۋلىگەچ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى، ـ شۇنداق قىلىپ، راستىنلا ئەمەلدار ـــ ئىدارە باشلىقى بولۇپ قالارمەنمۇ؟ ئىدارىدىنىڭ ھازىرقى قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، گادايلىقتىن، قەرزدارلىقتىن قۇتۇلدۇرالارمەنمۇ؟ قەرزى بىر مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن بۇ ئىدارە تەۋەلىكىدىكى ئۈچ زاۋۇت ـ كارخانىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، يىلمۇ ـ يىل زىيان تارتىش ھالىتىنى پايدا ئېلىش، ئۆزىنى ئۆزى بېقىش ھالىتىگە كەلتۈرەلەرمەنمۇ؟... تەس... تەس... مەن يولۋاسقا مىنىپ قالىمەنمۇ نېمە؟! بولمىسا، ئۆزەمنىڭ بىر ئوبدان ئىنژېنېرلىقىمنى قىلىپ، يېزىۋاتقان كىتابىم بىلەن، ئىزدىنىپ ئىشلەۋاتقان تەتقىقاتىمنى تاماملىغىنىم تۈزۈككىمىكىن. نېمە پايدىسى ئەمەلدار بولدۇم، دەپ ئوشۇقچە باش ئاغرىقى تېپىۋالغانىمنىڭ؟! بىراق، ئىدارىمىزنىڭ ئەھۋالى شۇ چۈۋالچاق پېتى كېتىۋەرسە، ئىدا-

AltunOq

رىمىز تەۋەلىكىدىكى بۇ زاۋۇت-كارخانىلار ئاز كۈندە ۋەيران بولۇپ تاقىلىپ كەتمەمدۇ؟ ئۇ چاغدا، يازغان كىتابلىرىمنىڭ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، يېڭىلاشقا ئائىت ئېلىپ بارغان ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلىرىمنىڭ نېمە كېرىكى بولىدۇ؟ دۆلەتكە بولغان شۇنچە كۆپ زىياننى كىم تۆلەيدۇ؟ ئىشسىز قالغان شۇنچە كۆپ ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى كىم باقىدۇ؟ ياق-ياق! چوقۇم ئەمەلدارمۇ بولىمەن، ئىنژېنېرلىقنىمۇ قىلىمەن. ئىدارىنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالماي، تۈزىمەي بولمايدۇ. ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس، دېگەن گەپ بار. قىيىنچىلىق، توسالغۇلاردىن قورققان ئادەم ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. كاللام كۈندۈزى ئىدارىنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈچۈن، كېچىسى ئىنژېنېرلىق ئۈچۈن ئىشلىسە بولمامدىمۇ؟ ھالقىلىق پەيتتە قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالساڭ بولمايدۇ سەمەت، ئۇيات! شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا مەيدەڭگە مۇشتلاپ چىققان ئىكەنسەن، ئەمدى ئىرادەڭدىن قايتما! ساڭا خەق بىكارغا ئىشەنچ باغلىمىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ سۆزلىگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا، نامزاتتا يوق سايلانغۇچى بولۇپ، شۇنچە كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ، (ساندۇقتىن چىققان باشلىق) بولۇپ قالغانلىقىڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ ئاممىنىڭ ئىشەنچى ئەمەسمۇ؟!

ئۇ تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى ئاخىرقى قېتىم كۈچەپ شورىۋالدى-دە، كۈلدانغا تاشلىۋېتىپ، بۇنىڭدىن 199 كۈن ئىلگىرىكى سايلام بولغان كۈننى ئېسىگە ئالدى...

شۇ كۈنى يىلمۇ-يىل زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىدارىدا، ئاممىنىڭ رايىنى سىناش، پىكىر-تەلەپلىرىنى ئاڭلاش ۋە نە-مەيداندا ھەل قىلىش، شۇنداقلا يەنە رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەكشۈرۈش چوڭ يىغىنى شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا ئېچىلغانىدى. ئەنە شۇ يىغىندا سەمەت ئىنژېنېر ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى تەلەپ قىلىپ سۆزگە چىقىپ، دەستلەپ ئىدارە قارمىقىدىكى ئۈچ زاۋۇت-كارخانىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىلمۇ-يىل زىيان تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرىنى، ئاندىن كېيىن ئىدارە رەھبەرلىك ئورگىنىدىكىلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە ھەشەمەتچىلىك، مېھماندارچىلىق سەيلە-ساياھەت، ئېكىسكۇرسىيە، مەجلىسۋازلىق، ئەللەتلىرىنى، مالىيە باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىنتىزامسىزلىق، پىلانسىزلىق، ئىسراپچىلىق قىلمىشلىرىنى، شۇنداقلا ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ پارىخورلۇق، ئومۇمنىڭ مال-مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىشتەك ناتوغرا ئىستىللىرىنى ئەمەلىي مىسال، ئېنىق دەلىل-پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىدى. ئاخىرىدا ئىدارە قارمىقىدىكى زاۋۇت-كارخانىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش، ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش، ئۆزگەرتىش، تېخنىكا يېڭىلاش، مەھسۇلاتلىرىنى بازار ئەھۋالىغا ۋە ئىستېماچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ھەم كۆپ خىللاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق بىر مىليون يۈەنلىك زىياننى بىر يىل ئىچىدە تۆلەپ بولغاندىن سىرت، پايدا ئېلىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر، تەدبىرلەرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تىمتاسلىققا چۆمگەن زال ئىچىنى بىردىنلا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئالقىش سادالىرى قاپلىدى. يىغىن رىياسەتچىسى قايتا-قايتا تىۋۋلاپ يۈرۈپ ئاران بېسىقتۇردى. شۇ قېتىمقى سايلامدا گەرچە سەمەت

ئىنژېنېرنىڭ ئىسمى نامزاتلارقا تارىدا بولمى-
سىمۇ، لېكىن ھەممە بىلەتكە ئۇنىڭ ئىسمى
يېزىلغانىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر يىغىنىر-
ياسەتچىسى سايلامنەتىجىسىنى ئېلان قىلمىدى.
ئەمما شۇكۈندىن باشلاپ سەمەت ئىنژېنېر ھەر
كۈنى كېچىسى ئۆزى ئىدارىغا بىرىنچى قول باشلىق
بولۇپ چۈشەپ چىقتى. مانا بۈگۈنكىسى ئۇ-
نىڭ 199-قېتىم كۆرگەن چۈشى ئىدى...

— ھوي ئادەم، نېمانچە بۇتتەك قېتىپ
كەتلە؟

شېرىن خىياللاردىن يىگىزدىن باش كۆتەرگەن
سەمەت ئىنژېنېر، كېيىم - كېچەكلىرىنى كې-
يىۋاتقان ئايالىغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسى-
رىدى:

— قاچان ئويغاندىڭ؟ قارا، مەن بۈگۈنمۇ
ھېلىقى چۈشنى يەنە كۆرۈپتىمەن.

— يەنىلا شۇ يېرىم كېچىدىمۇ؟ سورىدى
ئايال كۈندىكى ئادىتى بويىچە «چۈشلىرى يا-
رىشا» دېگەن سۆزنى دېمەي، خوشياقمىغان
ھالدا.

— ياق، بۈگۈن سەھەرگە يېقىنراق كۆ-
رۈپتىمەن، كۆرۈپ بولۇپلا ئويغىنىپ كەتتىم.

— ئۇنداق بولسا، —دېدى ئايال بىر ئاز
ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — باشلىق بولىدى-
غانلىرى راست ئوخشايدۇ.

بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — ھەيران بولۇپ سو-
رىدى سەمەت ئىنژېنېر.

— چۈنكى، —دېدى ئايال ئويچانلىق بىلەن،
سەھەر ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشنىڭ كۆپىنچىسى
راستقا ئايلىنارمىش ھەممىدە ئۆگىدا
ئايان بولارمىش، كونىلارمۇ سەھەردە كۆرگەن
چۈشنى خاسىيەتلىك چۈش، دەيدۇ ئەمەسمۇ!

— بۇۋىلەرگە ئوخشاش گەپ قىلمىغىنا، —
دېدى سەمەت ئىنژېنېر قولىنى سىلكىپ، — چۈش
دېگەن بەرىبىر چۈش. ئۇ، قانداقمۇ رېئال-
لىقتىن بېشارەت بېرەلىسۇن؟

ئايال ئېرى بىلەن ئوشۇقچە گەپ تالى-
شىپ يۈرۈشنى خالىمىدىمۇ قانداق، ئارتۇق
گەپ قىلالمايلا ئىشكاپتىكى يۇيۇلۇپ دەزما-
للانغان كۆينەكتىن بىرنى ئېلىپ ئۇزاتتى!

— مەسىلە، كۆينەكلىرىنى ئالماشتۇرۇ-
ۋالسىلا، — ئايال ئېرىگە شۇنداق قاراپلا بىر-
دىنلا چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، — ۋاي ئا-
نامەي، ئېڭەكلىرىدىكى نېمە ئۇ؟

— نېمىكەن؟ — دېدى سەمەت ئىنژېنېر
پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— مەسىلە، ئۆزلىرى قاراپ باقسىلا، —
ئايال ئۈستەل ئۈستىدىكى ئەينەكنى ئېلىپ
ئېرىگە ئۇزاتتى. ئۇنىڭ ئەينەك تۇتقان قول-
لىرى سېزىلەرلىك دەرىجىدە تىترەۋاتاتتى.

ئىنژېنېر ئەينەكتىن ئېڭىكىدىكى ئاق
قونالغاندەك چوڭلۇقتىكى بىر تال سۆگەلنى كۆ-
رۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

— سۆگەلكەنغۇ بۇ، مۇشۇنچىلىك ئىشقى-
مۇ شۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟
مەن تېخى ئېڭىكىمدىكى ساقاللارنىڭ ھەممىسى
قايتىدىن قارىداپ قالغانمىكىن دەپتىمەن.

— توۋا دېسىلە، قالايمىقان سۆزلىمى-
سىلە، — دېدى ئايال جىددىي يوسۇندا، — ئې-
گەكلىرىدە بىر كېچىدىلا پەيدا بولۇپ قالغان
بۇ سۆگەل ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. مەن
دېمىدىممۇ ئاشۇ ۋاقىتتا، سىڭگەن نانلىرىنى
يەپ شۈك ئولتۇرسىلا، ئىدارىنىڭ ئىشىغا ئا-
رىلاشمىسىلا، باشلىقلار بىلەن پوت تېپىشمى-
سىلە، خەق ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى خەجلەمدۇ،
بۇزۇپ- چاچامدۇ ياكى باشقىلاردىن پارە ئې-
لىپ ئۆزىنى سەمرىتەمدۇ بۇنىڭ بىلەن كا-
رىلىرى بولمىسۇن دېسەم، كېپىمگە قۇلاق سا-
لمىلا. شۇنچە چوڭ يىغىندا قىزىققانلىق قىلىپ،
باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويلا، مەن ئۆز
ۋاقتىدا سىلىنىڭ كۆرگەن ئاشۇ چۈشلىرىدى-

مۇ چوقۇم بىر گەپ بار، دەپ ئويلىغانىدىم. هەي... سىلىنىڭ چۈشلىرى تەتۈر سىگە ماڭىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئېڭەكلىرىگە چىققان بۇ سۆگەل چوقۇم بىرەر بالا-قازانىڭ بىشارىتى، — ئايال ئۆزىنى يىغىدىن ئاران تۇتۇپ تۇراتتى، لەۋلىرى تىترەيتتى. مانا ئەمدى ئۇ، ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى، — ۋاي خۇدايىم، نېمىشقا بۇرۇنراق نەزىرە بېرىپ، خەتمە ئوقۇتۇۋەتمىگەندىمەن. ئەمدى قانداق قىلارمىز...

ئىنژىنىر ئايالىغا تەسەللى بېرىشنى خالىمىدىمۇ ياكى تەسەللى بەرگەنىنىڭ پايدىسى يوق، دەپ ئويلىدىمۇ قانداق، ئايالىنىڭ خەم - تەشۋىشى ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان چىرايىغا يوشۇرۇنچە قاراپ قويۇپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— ماڭا قارىسىلا، — دېدى ئايال ئېرىنى توختىتىپ، — ئىدارىلىرىغا بارغىچە 5-6 كوي پارچە پۇل چىقىرىپ ساھىللارغا سەدىقە بېرىۋەتسىلە، جۇما!

— نېمىشقا، — دېدى ئىنژىنىر ئايالىنىڭ سۆزىنى ياقتۇرمىغان قىياپەتتە.

— نېمىشقا-پېمىشقىلىرىنى قويسىلا، — دېدى ئايال رەنجىش تەلەپپۇزىدا، — بەش كوي پۇل دېگەن بېشىمىزدىن ئۆرۈلۈپ چىقمىغاندىكىن، ماقۇل دەپ سەدىقە قىلىۋەتسىلە، «تۆۋە گۇناھى يەر، سەدىقە بالانى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟! كۆرۈنمەس كەلگەن بالا-قازانىڭ، ياخشى-يامان كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ سەدىقىسى بولۇپ قالسۇن، ماڭسىلا، ئىشلىرىغا بارسىلا، خۇدايىمغا ئامانەت! خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

ئۇ، ئايالىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايلا ئىشقا چىقىپ كەتتى...

× ×

سەمەت ئىنژىنىر خۇشال هالدا كەچتە ئۆيگە كەلگەندە، ئايالى ئىشىك تۈۋىدە بېشىغا قازاندەك سەللە ئورىغان، قولتۇقىغا زەللە قىسقان موللا سۈپەت بىر كىشىنى ئۇزىتىپ قويۇۋاتاتتى.

— خەتمە ئوقۇتتۇم، — دېدى ئايال مەمنۇن بولغان هالدا، ئېرى سورىمىسىمۇ ئۆزىچە ئېغىز ئېچىپ، — قانداق، سەدىقە بېرىۋەتتىلىمۇ؟

— ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، — دېدى ئىنژىنىر پەرۋاسىز هالدا.

— ياللا، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ كارغا كەلمەيلا - دە! — دېدى ئايال نارازى بولغان هالدا غۇدۇراپ، — تۆت-بەش كوي پۇل باشلىرىدىن ئۆرۈلۈپ چىقماستتى.

سەمەت ئىنژىنىر ئايالىنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي، ئاددىراسمان، ئارچا ياغىچى، قوي يېغىنىڭ ئارىلاشما پۇرىقى بىر ئالغان ئۆيگە كىردى ۋە دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ كارىۋات ئۈستىدىكى قاتلاقلىق تۇرغان گىلەمنى كۆرۈپ هەيران قالدى.

— بۇ گىلەم...

— نېمىشقىمۇ پۇل بۇزۇپ، گىلەم ئېلىپ يۈرۈيدىغانلا؟! — سەمەت ئىنژىنىر ئەمدىلا ئېغىز ئېچىپ بولغىچە، ئايالى ئەيىبلەشكە باشلىدى، — ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان ئاشۇ ئىككى بالىغا پۇل يېتىشتۈرەلمەيۋاتقاندا، بۇ نەرسىگە بەرگىلى نەدە پۇل؟ گىلەم ئالساقمۇ بالىلار ئوقۇشنى پۈتتۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئالساقمۇ بولاتتىغۇ؟

سەمەت ئىنژىنىر بىرەر ئوقۇشماسلىقنىڭ بولغانلىقىنى سېزىپ سورىدى:

— بۇ گىلەمنى كىم ئەپكەلدى؟

— بۇرۇن بىر يەردە كۆرۈپ باقمايتتىكەنمەن، كوسا، سېمىز، دىقماقىنا كەلگەن، سىلى قورامىلىق بىر كىشى «سەمەتكام ئۆتكەن ئايدا بۇيرۇتۇپ قويغانىدى، خوتەندىن ئالغاچ

كەلدىم» دەپ تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

— ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىدىمۇ؟

— ھە راست، تاس قاپتىمەن ئۇنتۇلۇپ قالغىلى، ئۇ ئادەم ئىسمىنى ماڭا خۇددى كىچىك بالىغا گەپ ئۆگەتكەندەك قايتا-قايتا ئېيتىپ بېرىپ كەتتى. ئىسمى نۇرھەسەنكەن.

— نۇرھەسەن؟— سەمەت ئىنژېنېر بۇ ئىسمنى تولىمۇ سەسكەنگەن ھالدا تىلغا ئالدى.— چاققانلىقىنى كۆرۈڭ بۇ مەرەزنىڭ، بۈگۈن مېنىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكىمنى ئاڭلاپلا، ئۇستىلىق بىلەن ماڭا ئالدىن يەمچۈك تاشلاپتۇ-دە!

— نېمە دېيە؟ راستىنلا ئىدارە باشلىقى بوللىما؟

— ھەئە،— دېدى سەمەت ئىنژېنېر قىسقىلا قىلىپ.

— ئۇ... ھە... خۇداغا شۈكرى، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم،— دېدى ئايال غەمكىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ،— قوللىرىڭغا ئەمەل كىرگەن بولسا، ئەمدى ھېچكىممۇ بىزگە چېقىلالمايدۇ.

— ئايال بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈشكە ئۆتتى،— لېكىن ئۇيانىدىن ئەمەل تۇتۇپ، بۇيانىدىن ئۆي بېزىگىلى تۇرساق ياخشى بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كىلەمگە بەرگىلى ئوشۇق پۇلمۇ يوق، توغرا تاپسىلا، بۇ كىلەمنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەيلى، ئوشۇقچە ھەشەمەتچىلىك قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ باشلىق بولغان ئادەمنىڭ ئۆيىدە كىلەم بولمىسا بولمامدىكەن - يە...؟

— گېپىمنى چۈشەن خوتۇن، - دېدى سەمەت ئىنژېنېر ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، ساددىلىق بىلەن قىزىپ سۆزلەۋاتقان ئايالىنى گەپتىن توختىتىپ،— مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق كىلەم كېپىنى قىلغىنىم يوق. نۇرھەسەن دېگەن بۇ ئادەم سابىق ئىدارە باشلىقىمىزنى مۇشۇنداق سوۋغا تەقدىم قىلىش، پارا بېرىش... ئارقىلىق ئالقىنىغا ئېلىۋېلىپ، ئىدارىمىز قارمىقىدىكى زاۋۇت - كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارنى ئەرزان باھادا نېسىگە ئېلىپ، باشقىلارغا ئىزىدا تۇرغۇزۇپ ھايىنىغا سېتىپ، ئۆزىنى سەمرىتىۋاتقان بىر تولۇم چاشقان. ئۇ، بۈگۈن مېنىڭ ئىدارە باشلىقى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپلا، دەرھال بۇ كىلەم ئارقىلىق ئاغزىمنى ياغلىماقچى، مەندىن نەپ ئالماقچى بوپتۇ. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟

— ھە، مۇنداق دېسىلە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستاتلىقىنى قاراڭ. ئۇنداق نېمىلەر ئادەمنى ئورىغا ئىتتىرىشنى كۆزلەيدۇ. شۇڭا بۇ كىلەمنى قوبۇل قىلمايلى، بۇنداق ھارام نەرسىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى بۇلغىمايلى، قانداق دېدىم ھوي؟!

ئىنژېنېر ئايالىنىڭ تەشەببۇسىنى رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى.

— ھوي، ئېڭەكلىرىدىكى ھېلىقى سۆگەل يوققۇ؟— سورىدى ئايال ئېرىنىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپ سېلىپ.

— ھە، سۆگەلنى دەمسەن؟— دېدى ئىنژېنېر پاكىز قىردۇرۇلغان ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ،— بايا ساتىراش ئۇستام ساقىلىم بىلەن قوشۇپ كېسىپ تاشلاپتۇ.

— ئەستەغپۇرۇللا! ساتىراش ئۇستامنىڭ بۇ قىلغىنى پەقەتلا بولماپتۇ،— دېدى ئايال خاپا بولۇپ،— بەلكىم ئۇ يارىشىدىغان سۆگەل بولغىيتتى.

سەمەت ئىنژېنېر ئايالىنىڭ بۇ گېپىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مۇشۇ كەمدە نېمانداق نوتسى يوق
گەپلەرنى قىلىدىغانسەن، خوتۇن!؟ ئەتىگەن
يارىشىمايدىغان سۆكەل دەيسەن، مانا ئەمدى…
ھەي، قۇرۇق خىيالغا ئاز بېرىلگىن، داخان،
بۇۋىلەر بىلەن ئازراق ئارىلاشقىن - ھە!؟

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق پاراڭ
سېلىشتى.

تاماقنى يەپ بولۇپلا يېزىق ئۈستىلىنىڭ
ئالدىغا كەلگەن سەمەت ئىنژېنېر، قانداقتۇ
ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش ھەر خىل سىزىقلار
بىلەن تولغان بىر قۇچاق ماتېرىياللارنى ئال-
دىغا يېيىۋېلىپ، يېزىش، سىزىش، ئۆلچەش،
ھېسابلاش… ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ
قايسى ۋاقىتتا يېزىق شىرەسىگە بېشىنى قو-
يۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى.

… ھېلىقى گىلەم تۇيۇقسىز لۆمۈلدەپ
تۇرغان ئۇششاق قۇرۇتلارغا ئايلاندى.
سەمەت ئىنژېنېر گىلەمدىن بۇ
سېسىق قۇرۇتلارنى پاك - پاكىز سۈ-
پۈرۈپ، تالاغا ئەپچىقىپ تۆكتى. لېكىن قۇ-
رۇتلار ئۆيدە ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرات-
تى. يەنە تالاغا ئەپچىقىۋەتسە، يەنە پەيدا
بولاتتى. ئاخىرى ئىنژېنېر بىلەن ئايىلى قۇ-
رۇتلارنى تۇتۇپ بولالماي ھېرىپ كەتتى. بىر
چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە نۇر-
ھەسەن قاتارلىق بىر توپ كىشىلەر قوللىرىدا
ھەر خىل تەخسىلەرنى كۆتۈرۈشكىنىچە كىرىپ
كەلدى. ئىنژېنېر ئۇلارنىڭ قولىدىكى تەخسى-
گە شۇنداق قاراپلا سەسكىنىپ كەتتى. چۈنكى،
تەخسىلەردە باياقىغا ئوخشاش سېسىق گەندە
قۇرۇتلىرى مىغىلداپ تۇراتتى. ئىنژېنېر ئۇ-
لارنى چىرايلىق ھەم سەت گەپ قىلىپمۇ ئۆي-
دىن چىقىرالمىدى. ئۇلار بىزەڭلىك بىلەن
قوللىرىدىكى تەخسىلەرنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ ھې-
جىيىپ، خۇشامەت قىلىپ تۇرۇشاتتى. ئىنژې-
نېر ئاخىرى ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن 4-قە-
ۋەتتىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن پەسكە سەكرى-
دى - دە، بىنانىڭ تۈۋىدىكى بىر ئاق پىكاپ-
نى ھەيدەپ قاچتى. لېكىن ئۇ، پىكاپنى شۇنچە
يۇقىرى سۈرئەتتە ھەيدىسىمۇ، نۇر ھەسەن قا-
تارلىق ھېلىقى تەخسە كۆتۈرۈۋالغان بىر توپ
كىشىلەر ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ پىكاپقا يېتىش-
ىۋالماقتا ئىدى، تۇيۇقسىز پىكاپنىڭ ئال-
دى ئەينىكىدە سابىق ئىدارە باشلىقىنىڭ سوغ
تەلەتى كۆرۈندى. ئۇ مەسخىرىلىك ھىجايدى:

— قانداق، بىزنى پارىخور دەپ ئەيىپ-
لىگەن نوچى! قېنى ئەمدى بۇلارغا نېمە دەي-
سەنكىن؟ سەن ئۇلارنىڭ تەخسىلىرىدىكى نەر-
سىلەرنى ئالماي، قۇتۇلۇپ باققىنچۇ قېنى.
ئالامسەن؟ ئېلىۋە! ساددىلىق قىلما، گېپىم-
نى ئاڭلا، بۇ زاماندا پارا ئالمايدىغان، سوۋ-
غا قوبۇل قىلمايدىغان بىرمۇ ئەمەلدار يوق.
قولۇڭدا ھوقۇق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار سا-
ڭا شۇنداق قىلىشىۋاتىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ قول-
دىكى نەرسىنى ئالماي ھەرگىز قۇتۇلالمايسەن.
بۇمۇ سېنىڭ ئەمەل، مەرتىۋەڭنىڭ كۈچى، يارى-
شىغى، ھۆرمىتى، نېمە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرى-
سەن؟ ئال ئەخمەق!… ھا…ھا!…

ئىنژېنېرنىڭ بېشى قايدى، بىر ئامال قى-
لىپ ماشىنىنى توختىتىۋالدى. ئۇ، رولغا

بېشىنى قويۇپ بىر دەم تۇرۇۋالدى ، قاندىقتۇر بىر تېۋىشنى سېزىپ كېيىنكە ئىچىگە قارىدى ، بۇنىڭ ئىچىمۇ سان ـ سانا قىسىز گەندە قۇرۇت ـ لىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى . قورـ قۇنچ ، ۋەھىمىدىن تېنى جۇغۇلداپ ، نېمە قىلـ لارىنى بىلەلمەي قالغان ئىنژېنېر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى :

— ئوت قويۇۋېتىمەن بۇ نىجىس قۇرۇتـ لارغا ! نەسلىدىن ، يىلتىزىدىن كۆيدۇرۇپ تاشـ لايمەن !

— هوي ئادەم نېمە بوللا ؟ كۆزلىرىنى ئاچـ سىلا !

چىلىق ـ چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئىنژېنېر ، ئايىلىغا چۆچۈپ قارىدى . ئەتراـ پىغا ئالاقزادىلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى . كۆزى كارىۋاتتىكى ھېلىقى گىلەمگە چۈشۈشى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن سەسكەندى .

— بىر نېمە يازىمەن ، دەپ جانلىرىنى قىيـ ناپ بۇ يەردە ئۇخلىغىچە ، يوتقانغا كىرىپ ئۇخلىسىلا بولمامدۇ ؟ قاتتىق يەردە ئۇخلاپ قارا بېسىۋاتقان ئوخشايدۇ ، ـ ئايال ئېرىگە كايىغاچ بېرىپ ، چايدانىدىن پىيالىغا چاي قۇـ يۇپ ، قوش قوللاپ ئۇزاتتى .

ئىنژېنېر ئۇن ـ تۇنسىز چاينى ئىچتى ـ دە ، بىر ئاز ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن سائىتىگە قاـ رىدى . سائەت بەش يېرىم بولغان بولۇپ ، ئۇـ پۇق سۇزۇلۇشكە باشلىغانىدى . ئۇ ، يېزىقچىـ رەسى ئۈستىدىكى كېچىدىن بېرى قايتا تەييارـ لىغان ماتېرىياللارنى ئايرىم ـ ئايرىم رەتـ لىدى ، ئاندىن كارىۋات ئۈستىدىكى گىـ لەمنى خۇددى نىجاسەتنى تۇتقاندەك يىرگىـ نىپ قولىغا ئالدى .

— بۇنچە سەھەردە نەگە بارىلا ؟

— ئىدارىغا ، ـ دېدى ئىنژېنېر ماڭغاچ جاۋاب بېرىپ .

— گىلەمنىمۇ ئىدارىغا ئاپىرامىلا ؟ ـ ھەيـ ران بولۇپ سورىدى ئايالى ، ـ ئاخشام ئىگىسـ گە قايتۇرۇپ بېرەيلى دەۋاتاتتىلىغۇ ؟

— بولدى قوي ، نۇر ھەسەندەك ئادەملەرـ گە يۈز ـ خاتىرە قىلغاننىڭ پايدىسى يوق ، ـ ئايىلىغا بۇرۇلۇپ قول سىلكىدى ئىنژېنېر ، ـ مەن بۇ گىلەمنى ئىدارىنىڭ ئىنتىزام تەكـ شۈرۈش ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن .

— ۋاي خۇدايىم ، بۇ نېمە ئىش ئەمدى ؟! بىرنىڭ ئورنىغا ئونى ئۆسۈپ چىقىپتۇ ئەـ مەسمۇ ؟!

غەزەپ بىلەن سۆزلەۋاتقان ئىنژېنېرنىڭ ئېگىلگەندىكى تۇنۇگۈن كېسىۋەتكەن سۆگەلنىڭ ئورنىغا چىققان نۇرغۇنلىغان ئۇششاق سۆگەلـ نى كۆرۈپ ، ئايىلى قورقۇنچتىن ۋارقىرىۋەتتى .

— كېرەك يوق ، خوتۇن ، ـ دېدى ئىنژېنېر پىرتۇنلەي سۆگەل بېسىپ كەتكەن ئېگىلگىنى سىلاپ تۇرۇپ ، ـ بۇ پەقەت كۆزگە چېلىققان سۆگەللىنىلا كېسىپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ كۆزگە كۆـ رۈنمەس يوشۇرۇن يىلتىزلىرى بىلەن كارىم بولمىغانلىقىنىڭ كاساپىتى . بۇ بىر ساۋاق بولدى . مەن بۇ سۆگەللەرنى تۈپ يىلتىزىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن .

قاتتىق ۋەھىمىدە بۇكۇنمۇ ئۆيدە يەنە بىر قېتىم خەتمە قۇرئان ئوقۇتۇشنى ئويلاـ ۋاتقان ساددە ئايال ، ئېرىنىڭ نېمە دەۋاتـ قانلىقىنى چۈشەنمەيلا باش لىڭشىتتى ...

جۇ گۇاڭخۇا

# سۈيۈملۈك كىشىلەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

سىز بەلكىم تېلېۋىزوردا مۇنداق بىر كۆرۈنۈشنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن: ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ئىككى مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر ئائىلىلىك كىشى بېيجىڭگە بىرىپ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 12-قۇرۇلتىيىغا قاتناشماقچى بولغان بىر ئۇيغۇر كادىرنى، يەنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىلىۋالدى توختىنى ئۇزاتماقتا. بۇ 1982 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 كۈنى كەچتە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن بېرىلگەن خەۋەر ئىدى.

سىز يەنە 1980 - يىللىق «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ ئالتىنچى سانىدا «چىن جيەنخۇڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر دادىسى» ماۋزۇلۇق ماقالىنى ئوقۇغان ۋە 11 پارچە رەسىمنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن.

بۇ سۈرەت، ماقالىلەر ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەتتىن تەركىب تاپقان بەختلىك بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

بۇ يەردە، مەن ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

**سىنىپىي مۇھەببەت**

1961 - يىلى ئەتىيازدا. ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرا رايونىغا جايلاشقان يوپۇرغا ناھىيىسىدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىلىۋالدى توختى خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن نامرات، چەت - ياقا يەكشەنبە بازار گۇڭشېسىنىڭ 5 - دادۈيىگە كەلدى.

ئۇ يەردە زەنجىرتاپان تراكتور بىسىپ يان شورتاڭ يەرلەرنى ھەيدىمەكتە، يەر يۈزىدىكى ئاپئاق شورلار يېڭى توپىنىڭ ئاستىغا دومىلاپ - دومىلاپ ئاغدۇرۇلماقتا، ئېتىزلاردا



بىر مۇنچە ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەرلەرنى تۈزلەپ، قوناق تېرىشقا تەييارلىماقتا. تىلىۋالدى توختى كەتمىنىنى ئويناتىپ ئەزالار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئوتتۇز ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ياش دېھقان كېلىپ:

— تىلىۋالدى شۇجى...- دەپلا قاتتىق بىئارام بولۇپ گېپىنى توختاتتى.

تىلىۋالدى شۇجى كەتمەن چېپىشنى توختىتىپ، قېشىغا كەلگەن ياش دېھقانغا سەپ سالدى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— نامەتجان، بۈگۈن ھاۋا شۇنچە ئوچۇق تۇرسا، چىرايىڭغا بۇلۇت ئولىشىۋاپتىغۇ؟- دەپ سورىدى.

— راستىنى ئېيتسام، تىلىۋالدى شۇجى، بالام ئاغرىپ قالدى،- دەپ دۇدۇقلىدى ياش دېھقان.

— نېمە؟ بالاڭ ئاغرىپ قالدى؟ تېخى توي قىلماي تۇرۇپ، نەدىمۇ بالاڭ بولسۇن؟

ئەزالار ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ، ئۇ بىر نېمە دەپ، بۇ بىر نېمە دەپ، ئەتراپقا ئولاشتى.

— تىلىۋالدى شۇجى، نامەت بىر بالىنى تېپىۋالدى.

— تىلىۋالدى شۇجى، ئۇ ئون نەچچە ياشلىق ئوغۇل بالىكەن.

— ئۆزى كەلگەنمىش، بۇ يەرگە كېلىپلا ئاغرىپ قاپتۇ.

— خەنزۇ ئىكەن، يالغۇز...

— ئۆزى يالغۇز كەلگەن خەنزۇ بالا؟- تىلىۋالدى شۇجى بىردىنلا دىققەت قىلىپ، كەتمىنىنى قويۇپ نامەتكە يېقىنلىشىپ - بۇ خەنزۇ بالا ھازىر نەدە؟- دەپ سورىدى.

— مېنىڭ ئۆيۈمدە، بىر قانچە كۈن بولدى ئىچى سۇرۇپ ئورنىدىن تۇرالمايۋاتىدۇ، كېسەللىكى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتىدۇ،- دەپ جاۋاب بەردى نامەت غەمكىن ھالدا.

— ماڭ! بېرىپ كۆرۈپ باقايلى،- دېدى تىلىۋالدى شۇجى، نامەتنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا ئالدىراپ ئۇنى مېڭىشقا دەۋەت قىلدى، ئۇ، ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ كەلگەن تەبىئىي ئاپەت ۋە ھەر خىل سۈنئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ قانچىلىك جاپا چەككەنلىكىنى، نۇرغۇن دېھقانلار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە پەقەت ئامالى بولماي، باشقا يۇرتلارغا بېرىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ئون نەچچە ياشلىق خەنزۇ بالا يىراق چېگرا رايونغا يالغۇز كەپتۇ، يولدا قانچە ئازاب چەككەندۇ؟ ئۇ قانداق بولۇپ بۇ چەت-ياقا جايغا كەلگەندۇ؟ نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇ؟ بۇ ھەقتە تىلىۋالدى شۇجى نامەتتىن ئېنىق بىر نەرسە بىلمەكچى بولدى، نامەت بېشىنى چايقاپ:

— مەن خەنزۇچىنى بىلمەيمەن، ئۇمۇ ئۇيغۇرچىنى بىلمەيدىكەن.

— شۇنداق، شۇنداق،- دېدى تىلىۋالدى شۇجى بېشىنى لىڭشىتىپ ۋە كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولدى. بۇ خەنزۇ بالىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۆلپەتلىك بالىلىق چاغلىرىنى ئېسىگە سالدى. كىچىك ۋاقتىدا، ئۇ بايلارغا يالىلىقچى بولۇپ ئىشلەيتتى، بەزىدە تاياق يېيىشتىن، تىل ئىشىتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باشقا جايلارغا قېچىپ كېتەتتى. ئۇ بۇنداق ئېچىنىشلىق، سەرسانلىق تۇرمۇشتىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە ئىدى. بۇلارنى ئويلاپ، ئۇ، قەدىمىنى تېزلىتىپ، بىر دەمدە نامەتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

خەنزۇ بالا سۇپىدا تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يىرتىق يوتقان يېپىپ قويۇلغان بولۇپ، بالىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن ئورۇق مەڭزىدىكى ياش تېخى قۇرىمىغان، پاخپىيىپ كەتكەن چېچىدا توپا ۋە چاۋا ـ چاتقالنىڭ ئۇۋاقلىرى تۇراتتى. ئىلىۋالدى شۇجى سۇپىغا ئولتۇرۇپ، ئوڭ قولى بىلەن بالىنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ. دوختۇرغا كۆرسىتىپ دورا يېگۈزمىدىڭمۇ؟ سورىدى ئىلىۋالدى شۇجى.

— بۇ يەردە دوختۇر يوق، — دەپ جاۋاب بەردى نامەت، گۇڭشېغا تېخى يىراق، ئۇنىڭغا ئۆسۈملۈك دورىلىرىدىن ئىچكۈزسەممۇ ئۇنۇم بەرمەيۋاتىدۇ.

ئىلىۋالدى شۇجى ئورنىدىن تۇرۇپ، نامەتنىڭ ئاددىي ئۆي ـ بىساتلىرى ۋە كونا ئۆيىگە نەزەر سالدى ھەمدە قازاننى ئېچىپ كۆردى. قازاندا ئېشىپ قالغان ئازراق ئۇماچ تۇراتتى.

— ئىلىۋالدى شۇجى، بۇ بالىنىڭ تېنى بەك ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىلى بار، يەنە مۇساپىرچىلىقتا ئۆتتۈشكە بولمايدۇ. گۇڭشېدىكىلەرگە دەپ باقسىلا، بالىنى نوپۇسقا ئالدۇرايلى. ئۇ ھازىر ئۆسۈش دەۋرىدە ئىكەن، چوڭ ئادەمنىڭ ئۆلچىمى بويىچە نورما ئاشلىق بىلەن تەمىنلىسە.

ئىلىۋالدى شۇجى بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ بېشىنى سىلاپ، كىچىك قولىنى تۇتۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە نامەتكە قاراپ:

— بالىنىڭ كېسىلى ئېغىركەن، قانداق قىلىسەن؟ — سورىدى ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— خۇدايىم ئۇنى ساقلىغاي ... — دېدى نامەت زورمۇزور كۈلۈپ، بېشىنى چايقاپ.

پ بىر ـ بىرئىلارنىڭ گېپىنى ئۇقۇشماي ـ

دىكەنسىلەر، كېيىنچە قانداق قىلىسىلەر؟ — يەنە سورىدى ئىلىۋالدى شۇجى.

نامەت قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ يەرگە قارىدى.

— بۇ بالا چەت ـ ياقا، قاقاسلىق، سۇيى ئاچچىق بۇ يەرگە كۆنۈپ كېتەلەرمۇ؟

ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى.

— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزمۇ تازا ياخشى ئەمەس، ئۇ بۇ يەردە تۇرسا قىينىلىپ قالامدىكىن؟

بالىنىڭ يۆتەل ئاۋازى ئۆي ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى. بالا ئويغىنىپ ئىككى قولىغا تايىنىپ ئولتۇردى، قورۇنغان ھالدا ئۆيدىكى يات ئادەملەرگە قارىدى.

— بالام نېرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىلىۋالدى شۇجى. ئۇ خەنزۇ كادىرلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىللە ئىشلەپ كەلگەنلىكىدىن، خەنزۇچىنى ئاز ـ تولا بىلەتتى، مەقسىتىنى ئۇقتۇرالايتتى. بالا ئۇنىڭ مېھرىبان چىرايىنى كۆرۈپ، قورقۇنچلۇق كەيپىياتىنى بارا ـ بارا تۈگەتتى.

ئىلىۋالدى شۇجى بالىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ سوئال سوراشقا باشلىدى:

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئون ئىككى ياشقا.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— چېن جىيەنخۇڭ.

— يۇرتۇڭ نەدە؟

— يۇرتۇم سىچۈەن ئۆلكە جياڭبېي ناھىيىسىدە، يېزىدا ...

— تەركىبىڭ نېمە؟

— كەمبەغەل دېھقان.

— داداڭ بارمۇ؟

— ئىككى يېشىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەن.

— ئاناڭچۇ ؟

— ئانام ، ئانام ئۆتكەن يىلى ئۆلۈپ كەتكەن...— جاۋاب بەردى چېن جيە نخۇڭ، كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا ئۆكسۈپ يىغلاپ .

تىلىۋالدى شۇجى بالىغا ئىچى ئاغرىپ ، كۆزىگە لىق ياش ئالدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى: «ھەي! كەمبەغەل، يېتىم ، سەرگەردان! بۇ مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمدىكى تۇرمۇش بىلەن بەكمۇ ئوخشايدىغۇ!» بۇنى ئويلاپ ئۇنىڭ چېن جيە نخۇڭغا بولغان ھېسداشلىقى بىردىنلا قوزغالدى .

— تىلىۋالدى شۇجى ، ئازراق گۈرۈچ تەستىقلاپ بەرسىلە ، بالىغا تاماق ئېتىپ بەرسەم ،— دېدى نامەت .

— تىلىۋالدى شۇجى بىر تەرەپتىن مېڭىپ ، بىر تەرەپتىن يېشىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىدى .

— تىلىۋالدى شۇجى ، كۆڭشې دوختۇرخانىسىدىكىلەرگە بىر دېسىلە ، بىر دوختۇر ئەۋەتسۇن ...— دېدى نامەت تەقەززا بولۇپ،— قۇتقۇزۇش رەختىدىن يەنە بىر نەچچە مېتىر تەستىقلاپ بەرسىلە، بالىغا يېڭى كىيىم ئېتىپ بەرسەك .

— بولدى ، ھاجەتسىز— دېدى تىلىۋالدى شۇجى نامەتنى ئۆز يېنىغا تارتىپ بوش ئاۋاز بىلەن ، — گۈرۈچ ئۆيۈمدە بار ؛ كىيىدىغان كىيىممۇ ئۆيۈمدە بار؛ كېسەلنى داۋالىتىشقىمۇ قولايلىق . ئۆيۈمنىڭ شارائىتى سېنىڭكىدىن خېلىلا ياخشى، بۇ باش پاناھسىز يېتىم بالىنى بېقىشتا قىيىنچىلىقىم يوق، ئۇنى مەن ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتەي !

تىلىۋالدى شۇجى چېن جيە نخۇڭنى پىكاپقا چىقارغاندىن كېيىن ، شوپۇرغا :

— ئايالىم ئايشەم بۇ بالىغا ئۆز بالىمىز قاتارىدا مۇئامىلە قىلسۇن ، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئورۇنلاشتۇرسۇن ، سەن ماڭغاچ تۇر ، خىزمىتىم تۈگىسىلا قايتىپ بارىمەن، — دەپ قايتا - قايتا تاپىلىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇرغۇن ئازاب-ئوقۇبەت تارتقان يېتىم بالا، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ئەلۋەتتە تۇرمۇشنىڭ يولى تۈپ - تۈز بولمايدۇ - دە .

## مېھرىبان دادىنىڭ شەپقىتى

چېن جيە نخۇڭ تىلىۋالدى شۇجىنىڭ ئۆيىگە كىردى. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئۇنى يىراقتىن كەلگەن تۇغقىنىنى قارشى ئالغاندەك قىزغىن قارشى ئالدى. تىلىۋالدى شۇجى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېسىلىنى داۋالاتتى ، ساتىراشخانىغا ئاپىرىپ چېچىنى ئالدۇردى ، پاك - پاكىز يۇيۇندۇردى ، ئۇستىگە يىپ - يېڭى كۆك رەڭلىك ئوقۇغۇچى كىيىمى كىيگۈزدى. روشەنكى، ئۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا چىرايلىق بولدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، تىلىۋالدى شۇجى ئايالى ئايشەمخان بىلەن ھويلىدىكى بېدىش ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ ، چېن جيە نخۇڭ بىلەن سەمىمىي موڭداشتى . چوڭ ئادەمنىڭ يېقىملىق تەبەسسۇمى ۋە ئۇلارنىڭ قىزغىن سۆزلىرى بۇ خەنزۇ بالىنىڭ ھېتىرقايدىغان تۇيغۇسىنى تېزدىن تۈگەتتى. تىلىۋالدى شۇجى يەتتە ياشلىق چوڭ قىزى گۈلباھار، ئۈچ ياشلىق كەنجى قىزى چىمەنگۈلنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، چېن جيە نخۇڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

— قىزلىرىم، بۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ سىلەرنىڭ ئاكاڭلار بولىدۇ، — دېدى.

— ئاكا! — دەپ توۋلىدى ، ئىككى قىز يېقىملىق ھالدا . ئۆزلىرىنى دادىسىنىڭ قوينىغا ئېتىپ .

Altun

تىلىۋالدى شۈجى قىزلىرى ۋە خەنزۇ ئوغلىنى باغرىغا باستى، يۈزىنى ئۇلارغا يېقىپ سۆيدى.

چېن جيەنخۇئىمۇ ئىككىسىگىلىسىنى دوراپ، ئۈنلۈك ھالدا «دادا»، «ئانا» دېيىشنى ئۆگىنىۋالدى.

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، تىلىۋالدى شۈجى بىر پارچە سېمىز قوي گۆشىنى ئېلىپ كىرىپ، ئايالىغا چېن جيەنخۇئىغا پولۇ ئېتىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. تىلىۋالدى شۈجى كۆڭلىدە: بۇ بالا ئۇزۇندىن بېرى سەرگەردان بولۇپ يۈردى، ئوزۇقلىنىشى ياخشى ئەمەس، ھازىر تامىقىنى ياخشىلاش كېرەك، دېگەننى ئويلايتتى.

ئايشەمخان قازاننىڭ تۈۋىقىنى ئاچتى، پولۇنىڭ ئۆزىگە خاس مېزىلىك پۇرىقى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ئىككى قىزى خۇشلۇقىدىن كىچىك قولى بىلەن چاۋاك چالدى. «ئانا» بىرنەچچە پارچە ئوبدان گۆشنى پولۇغا بېسىپ چېن جيەنخۇئىغا تۇتقۇزدى. تىلىۋالدى شۈجىمۇ چوڭ بىر پارچە سېمىز گۆشنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ:

— بالام، بۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى تامىقى، كۆپرەك يېگىن!

چېن جيەنخۇئ گۆشنى ئازراق يەپ، پولۇغىمۇ كۆپ ئېغىز تەگكۈزمەي تۇرۇپلا:

— ئوبدان يېدىم، — دېدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ چىنىنى پەم بىلەن قويۇپ قويدى.

ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئويلىدى: بۇ بالا نېمە ئۈچۈن گۆش يېمەيدىغاندۇ؟

— ھە! ئەسلى بۇنداقكەن - دە... — دېدى تىلىۋالدى شۈجى ئۇزۇن ئويلىنىپ، — بالا سى-چۈەنلىك، قوي گۆشى يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن. ئۇ چوقۇم گاڭپەن يېيىشكە ئامراق. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار چېن جيەنخۇئىغا مەخسۇس گاڭپەن ئېتىپ، توخۇم بىلەن سەي قورۇپ بېرىدىغان ۋە توخۇم سېلىنغان شورپا قىلىپ بېرىدىغان بولدى. بەزىدە ئۇنىڭغا سۈت ئېلىپ بەردى، توخۇ پىشۇرۇپ بەردى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا چېن جيەنخۇئنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، ھەم سېمىز، ھەم چىرايلىق بىر يىگىتكە ئايلاندى.

بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا پۈتۈن ناھىيە بازىرىغا تاراپ، ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل ئىنكاسلارنى پەيدا قىلدى.

— تىلىۋالدى شۈجى، بارىكاللا! ئوغۇللىرى خۇددى پۈدىگەندەك سەمرىپ كېتىپتۇ...

— تىلىۋالدى شۈجى، چېن جيەنخۇئىغا قانداق ياخشى دورا بەردىڭلە، ھازىر ھەم قاۋۇل ھەم چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ!

تىلىۋالدى شۈجى كوچىدا كېتىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بېرەتتى. لېكىن، ئۇ ئۆيگە كىرىش بىلەنلا ئايالىنىڭ خاپا بولغان ھالدا سۇپىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئايالى پاختا تازىلاش زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى. بۈگۈن ئۇ ئۆيگە قايتىپ، چاپىنىغا يۇقتۇرۇۋالغان پاختىنى ئېلىۋەتمەيلا ئاچچىقىدا يېتىۋالدى. ئايالىنىڭ بۇ خىل نورمالسىز كەيپىياتى تىلىۋالدى شۈجىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى:

— نېمە بولدۇڭ، مىجەزىڭ يوقمۇ؟

— كوچىلاردىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ — ئايالى يۈگۈرۈپ قوپۇپ، خاپىچىلىقتا سورىدى.

— خوتۇن ئاڭلىدىم، — دېدى تىلىۋالدى شۈجى، ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ، — كىشىلەر بىزنىڭ ئوغۇلنى ئوبدان باققانلىقىمىزنى ماختاۋاتىدۇ.

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم بۇ ئەمەس، سىز ئەمەلدار بولغانلىقتىن ئاڭلىمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن،— ئايالى ئۇنىڭ ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزى ئاڭلىغان ھەممە پىتنە - ئىغۋالارنى ئەيىنەن دەپ بېرىشكە باشلىدى:

— بەزىلەر تىلىۋالدى توختى بىر خەنزۇ ئوغۇل بېقىۋالدى، بۇ ئۆزىنىڭ خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى خەققە كۆرسىتىش ئۈچۈنغۇ، دېيىشىپتۇ. يەنە بەزىلەر ئۆيدە باققان كەپتەرمۇ ئۇچۇپ كېتىدۇ، يات مىللەتنىڭ بالىسىنى بېقىۋالسا تۇرامدۇ؟ بۇنداق ئاۋارە بولۇشنىڭ نېمە پايدىسى دېيىشە، يەنە بەزىلەر ياغ سۇغا يۇقمايدۇ، مۇسۇلمان كاپىر بىلەن بىرگە ياشاشقا بولمايدۇ، دەپتىمىش.

تىلىۋالدى شۇجى ئۇيان-بۇيان بىر قانچە قەدەم مېڭىپ، ئايالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دۇنيادا ھاشاراتسىز زىرائەت يوق، كىچىك چۈمۈلىدىن نېمە قورقۇش،— دېدى جىددىي ھالدا،— بىز ئىلگىرى قانداق ئويلىغان بولساق، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلىۋېرىمىز. ئەتە بالىغا دەپتەر - قەلەم ئېلىپ بېرىڭ!

ئاتا - بالا ئىككەيلەن ئەمدى قارا چىراغ تۈۋىدە ئۇزاق - ئۇزاق ئولتۇرىدىغان بولدى. چېنجيەنخۇڭ يېڭىدىن ئېلىپ بەرگەن قەلەم، دەرسلىك ۋە دەپتەرلىرىنى تۇتۇپ ئەستايىدىل ئۆگەندى. ئۇ ئەسلى ئىچكىرىدىكى ۋاقتىدا تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيتتى. لېكىن، بۇ ناھىيىدىكى خەنزۇ مەكتەپتە بىردىنچى سىنىپلا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپمۇ ئەمدىلا قۇرۇلغانىدى. ئوقۇشنى تاشلاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇ، تىلىۋالدى شۇجىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىلىۋالدى شۇجىمۇ ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر نەچچە ئېغىزدىن ئۇيغۇرچە سۆز ئۆگەتتى.

تىلىۋالدى شۇجىنىڭ يىراق يېزىدا تۇرۇشلۇق ئانىسى ئوغلىنىڭ بىر خەنزۇ بالىنى بېقىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، نەۋرىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن يېزىدىن ئۈزۈم، شاپتۇل ئېلىپ ناھىيىگە كەلدى. موماي نەۋرىسى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئولتۇردى. ئۇلار گەرچە بىر - بىرىنىڭ تىلىنى بىلمىسىمۇ، بىر - بىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن موماي نەۋرىسىنى يېزىغا ئېلىپ باردى. يېزىدا ئۇنىڭ يېيىشىگە ئۈجمە، ئۆرۈك، شاپتۇل بار، ئوينىشىغا باغ، ئورمان ۋە يايلاق بار ئىدى.

چېنجيەنخۇڭ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چوڭ بولدى، تىلىۋالدى شۇجى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇھەببىتىمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. شۇجى يېزىغا بارسىلا ئۇنىڭغا مېۋە-چېۋە ۋە گۈلە-قاق ئېلىپ كېلەتتى؛ يېزىدىن ئۆيگە كىرىشى بىلەن ئوغلىنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى، كۈنىنىڭ قانداق ئۆتەۋاتقانلىقىنى سورايتتى. ئىككى مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر ئائىلىدىكىلەر ئەنە شۇنداق ئىناق ياشاپ كەلدى. لېكىن كۈتۈلمىگەن يەردىن بىر ئىش پەيدا بولدى.

بىر كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ھويلىسىدا، تىلىۋالدى شۇجى ئەمدىلا پىكاپتىن چۈشۈشى بىلەن ئۇنىڭ قوشنىسى:

— ۋاي، تىلىۋالدى شۇجى، ئوغۇللىرىڭىزنىڭ خەققە بىلىندۇرمەي توپان ئارىلاشتۇرۇلغان سەي شوپۇكىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، — دەپ غەيۋەت قىلدى.

— راستمۇ؟ - سورىدى تىلىۋالدى شۇجى ھەيران بولۇپ.

— ۋاي راست! مەن بىر قانچە قېتىم ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دېدى قوشنىسى.
ئىلىۋالدى شۇجى ئۆيگە كىرىپلا ئايىلىنى
ئىچكىرىكى ئۆيگە چاقىرىپ سورىدى:
— ئاڭلىسام ئوغلىمىز يوشۇرۇنچە توپان
ئارىلاشتۇرۇلغان سەي شوپۇكى يېگەنمىش،
بۇ زادى قانداق ئىش؟
— قانداقمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ سۆ-
يۇقئاش ئەتسەم، ئۇنىڭغا قويۇقىنى بېرىۋا-
تىمەن، بۇغداي نېنى تاشقىرىقى ئۆيدە تى-
زىقلىق، قانداق ۋاقىتتا بولسا ئېلىپ يەلەي-
دۇ. ئۆيدە قوغۇن - تاۋۇزمۇ ئۈزۈلمەيۋات-
سا... - دېدى، ئايىلىمۇ هاڭ - تاڭ بولۇپ.
— ئايشەمخان، چېن جيەنخۇڭ بىز بىلەن
بىر مىللەت بولمىسىمۇ، ئوخشاشلا جۇڭخۇا
مىللىتىنىڭ ئەۋلادى، ھەممىسى پارتىيە رەھ-
بەرلىكىدىكى خەلق؛ خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ
قىيىنچىلىقى — بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز، قىز
بولامدۇ، ئوغۇل بولامدۇ، ھەممىسى ئاتا -ئا-
نىنىڭ جىگىرى، بىز ھەرگىزمۇ چېن جيەنـ
خۇڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلساق بولمايدۇ ، -
دېدى. ئىلىۋالدى شۇجى سۆزلىگەنسېرى ھا-
ياجانلىنىپ، - مەن دائىم سىزگە شۇنى دەپ
كەلدىم، مېنىڭ كېلىپ چىقىشىم يىللىقچى،
كومپارتىيە مېنى قۇتقازغان، كومپارتىيە ۋە
خەنزۇ يولداشلارنىڭ ياردىمى بىلەنلا بۈگۈن-
كى كۈنگە ئېرىشتىم. مەن كومپارتىيە ئەزا-
سى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجى-
سى، ھازىر بۇ بالىنى ئۆيىمىزدە باققاندا
مۇنداق ئىش يۈز بەرسە، قايسى يۈزۈم بىلەن...
— مەنمۇ دېھقاننىڭ قىزى، بىز شۇنچە
يىللار بىللە ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇق. مەن
شۇنداق ئەسكىلىك قىلىدىغان ئادەممۇ؟ -
دېدى ئايىلى كۆزىگە ياش ئېلىپ.
ئىلىۋالدى شۇجى ئايىلىنىڭ كېيىنگە
ئىشەندى - يۇ، قوشنىسىنىڭ گېپىنى كۆڭلى-
دىن چىقىرىپ تاشلىيالمىدى. ئاخىرىدا چېن
جيەنخۇڭ بار ئۆيگە كىرىپ، ئۆزىدىن سوراش-
قا مەجبۇر بولدى:
— بالام، سەندىن سورايدىغان بىر ئىش
بار، ماڭا راست گەپ قىلغىن...
— دادا، نېمە ئىش؟ دېسىلە! - دېدى
چېن جيەنخۇڭ دادىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ
تەئەججۇپلىنىپ.
— يېزىغا كەتكەن چېغىمدا، ھەر كۈنى
ئۈچ ۋاخ تاماقنى تويغىدەك يېدىڭمۇ؟
— نېمە دەپ بۇنى سوراپ قاللا؟ مەن ھەر
ۋاخ تاماقنى تويغىچە يەۋاتىمەن.
سەن توپان ئارىلاشتۇرۇلغان سەي شوپۇكى-
نى يېدىڭمۇ؟
— ياق، ياق!
ئىلىۋالدى شۇجى يەنە خاتىرجەم بولال-
ماي قوشنىسىنى چاقىرىپ كېلىپ، يۈزتۇرانە
دۇيلەشتۈردى. چېن جيەنخۇڭ تەپسىلىي ئەھ-
ۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
— ھە، مېنىڭ يەۋاتقىنىم توپان ئارى-
لاشتۇرۇلغان سەي شوپۇكى ئەمەس، بەلكى
ياخشى سەي. سىلەرنىڭ سۈگزا يېگەندە سۈگ-
زىنىڭ غولىنى يەپ، يوپۇرماقلىرىنى يېمەي-
دىغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ، يوپۇرمىقىنىڭ ياخ-
شىلىرىدىن تاللاپ، ئۇششاق توغراپ بولغان-
دىن كېيىن، ئازراق تۇز سېلىپ، ئۇنىڭغا
قوناق ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ، قاسقانداپۇشۇرۇپ
يېدىم. بۇنىڭ تەمى ناھايىتى ياخشى، مەن
بۇنى يېيىشكە بەكمۇ ئامراق، - دېدى كۈ-
لۈپ تۇرۇپ.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىلىۋالدى شۇجى
ھەر قېتىم يېزىغا بېرىشتىن ئىلگىرى ئايى-
لىغا: ئوغلىمىز ئاچ قالمىسۇن، توڭۇپ قال-
مىسۇن؛ قىزلىرىمىزغا كىيىم ئالغاندا ئوغلى-

مىزغىمۇ قوشۇپ ئېلىلىك، قىزلىرىمىز نېمە يېيىسە، ئوغلىمىزغىمۇ شۇنى بېرىلىك، دەپ قايتا-قايتا تاپىلىدى.

1963 - يىلى ئەتىياز تىلىۋالدى شۇجى مەركىزدىكى پارتىيە مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇپ كېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ: مەكتەپكە بارسام ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ، ئوغلۇمنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشۇم كېرەك؟ دەپ ئويلاپ چېن جىيەنخۇڭدىن مەسلىھەت ئالدى.

— دادا ئۆگىنىش ئاساسىم ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە مەن ئوقۇيدىغان مەكتەپمۇ يوق ئىكەن، ئىشچى بولايمىكىن — دەپ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى چېن جىيەنخۇڭ.

— قانداق ئىشچى بولماقچى؟

— يۇقىرى تېخنىكىلىق ئىشلارنى قىلالمايمەن، ۋېلىسىپىت رېمونتچىلىقىنى ئۆگەنسەمىكىن دەيمەن، كەلگۈسىدىمۇ ئەسقاتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن تىلىۋالدى شۇجى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، چېن جىيەنخۇڭنى قول-ساناەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رېمونتچىلىق گۇرۇپپىسىغا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، خىزمەت ئورنىغا قەدەم بېسىپ، يارامىلىق خادىم بولۇپ چىقىشقا بەل باغلىدى.

ھەش پەش دېگىچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. چېن جىيەنخۇڭمۇ يىگىرمە ياشقا كىردى، ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان تىلىۋالدى شۇجى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئالدىراشقا باشلىدى، تەرەپ-تەرەپكە ئەلچىلەر ئەۋەتتى. كەينى - كەينىدىن بىر قانچە قىز تونۇشتۇرۇلدى. تىلىۋالدى شۇجى ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاخىرىدا بۇ ناھىيىگە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كەلگەن شەندۇڭلۇق قىز جۇچۇڭخۇانى تاللىدى. كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە تويىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپ بەردى.

يىگىرمە تۆت يىلدىن بۇيان، تىلىۋالدى توختى چېن جىيەنخۇڭغا مېھرىبان دادىلىق شەپقىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، بۇ خەنزۇ يېتىم بالىنىڭ ھاياتى، ئۆگىنىشى، ئىستىقبالى ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئۇ بىر دادىنىڭ ئۆز ئوغلى ئۈچۈن قىلىدىغان ھەممە ئىشلىرىنى قىلدى، بۇ نېمە دېگەن مېھرىبان دادا - ھە!

## ئوغۇلنىڭ ساداقىتى

چېن جىيەنخۇڭ قول-ساناەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رېمونتچىلىق گۇرۇپپىسىدا ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىشنى ئۆگەنگەندە، ھەر ئايدا ئون بەش يۈەن تۇرمۇش خىراجەت پۇلى ئالاتتى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئىش ھەققىنى ئالغاندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ ئۆيگە بېرىپ، ئون بەش يۈەن پۇلنى ئىككى قوللاپ ئايىشەمخانغا سۇندى:

— ئانا، ماۋۇ پۇل مېنىڭ ئىش ھەققىم!

ئايىشەمخان پۇلنى ئېلىپ ساناپ بېقىۋىدى، توپتوغرا ئون بەش يۈەن چىقتى، بىر پۇڭمۇ كەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوغلىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە ئون بەش يۈەننى يەنە ئوغلىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپ:

— بالام، سېنىڭ بۇ پۇلنى تاپىقىنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئۆينىڭ پۇلى يېتىشىدۇ، بۇنى ئۆزەڭ خەجلىگىن، — دېدى.

— ئانا، بىر سىڭلىمىز يېڭىدىن قوشۇلدى، ئۆيگە پۇل كۆپ كېتىدۇ، پۇلنى يانلىرىدىغا سېلىپ قويسىلا! — چېن جىيەنخۇڭ پۇلنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا، ئون كويىنى ئۆزەڭ ئېلىپ قال.

— ياق، مەن پۇل خەجلىمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ كىيىم-كېچەك يېمەك-ئىچمىكىمدىن خەۋەر ئېلىۋاتىسىلەر، مەن پۇل خەجلىمىسەممۇ بولىدۇ.

ئوغلىنىڭ ساداقەتمەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن ئانا پۇلنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئىككى يىلدىن كېيىن، چېنجىيەنخۇڭ يەنە تونىكسازلىقنىمۇ ئۆگىنىۋالدى، ئىش ھەققى يىگىرمە يۈەن، ئوتتۇز يۈەنگىمۇ يەتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆيگە تاپشۇراتتى. 1964 - يىلى ئۇ يەنە تۆمۈرچىلىكنى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرىنى رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئايلىق ئىش ھەققىنى ئوتتۇز يۈەندىن قىرىق يۈەنگە يەتكۈزدى، بەزىدە يېزىغا بېرىپ يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرىنى رېمونت قىلسا، بىر ئايدىلا يۈز نەچچە يۈەن كىرىم قىلالايتتى، شۇنداق بولسىمۇ، كۆپ قىسمىنى ئۆيگە تاپشۇراتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: «بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ئۆيدىكىلەر بولسا، مېنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىم» دەپ ئويلايتتى.

1964 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تىلىۋالدى شۈجى ئوقۇشنى تۈگىتىپ، بېيجىڭدىن قايتىپ كەلدى. بۇ، ناھىيىدە «تۆتنى ئېنىقلاش» باشلانغان چاغلار ئىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپلا باشقا رەھبەرلەرگە ئوخشاش تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ، خىزمەتنى توختىتىپ خاتالىقنى ئەسلەش دېگەنلىك ئىدى. تىلىۋالدى شۈجى ناھىيىدىن ئەللىك نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاخۇنلۇق گۇڭشېسىغا «ئېنىقلىنىش تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» كە چۈشۈرۈۋېتىلدى. ئۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇلدى. ئۇنىڭ ئېتى ۋە كىچىك ئاپتوموبىلىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە «بىر چەتكە قايرىپ قويۇلدى»، شۇڭا بەزىدە ئۆيگە قايتىشتا پىيادە قايتىدىغان بولدى.

بۇنى كۆرگەن چېنجىيەنخۇڭ، ئىچىدە تىت-تىت بولاتتى. ئۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتنىڭ سىرتىدا تېخىمۇ ئارتۇق ئىشلەيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنداقتا پۇلنى كۆپرەك تاپالايتتى. تاپقان پۇلدىن ھەر ئايدا ئۆيگە بېرىدىغاننى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا بېرىپ، قالغانلىرىنى يىغىپ ساقلاپ قويدى. بىر كۈنى ئۇ تۈرلۈك ماللار شىركىتىگە ۋېلىسىپىت قوراشتۇرۇپ بەردى ۋە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر يۈز سەكسەن نەچچە يۈەنگە «بەيشەن» ماركىلىق ۋېلىسىپىتتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، كۆڭۈل قويۇپ قوراشتۇرۇپ، پاكىز سۈرتۈپ، تىلىۋالدى شۈجىغا ئاپىرىپ بەردى.

— ھە، ۋېلىسىپىت!؟ - دېدى تىلىۋالدى شۈجى ۋېلىسىپىتنى كۆرۈپ. ئۇ چاغلاردا بىرەر يېڭى ۋېلىسىپىت سېتىۋېلىشمۇ ناھايىتى تەس ئىدى. ۋېلىسىپىت سېتىۋالالايدىغانلارمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. تىلىۋالدى شۈجى ۋېلىسىپىتنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ، قايتا - قايتا كۆردى.

— دادا، بۇ ۋېلىسىپىت ياخشىمىكەن؟ - دەپ سورىدى چېن جىيەنخۇڭ.

— ياخشىكەن، ياخشىكەن!

— دادا، مىنىپ باقسىلا قېنى.

تىلىۋالدى شۈجى يېڭى ۋېلىسىپىتكە مىنىپ مەيداننى بىر ئايلاندى.

— دادا، ئىگەرنىڭ ئېگىز - پەسلىكى مۇۋاپىقمىكەن؟

— مۇۋاپىقكەن، بەكمۇ مۇۋاپىقكەن!

— دادا، تورمۇزى چىڭراقمىكەن - نېمە؟

— ياق. دەل جايىدىكەن. - تىلىۋالدى شۈجى ۋېلىسىپىتنى توختىتىپ، - بالام، بۇ ۋېلىسىپىتنى كىمدىن ئالغانىدىڭ؟ تېزرەك

ئېگىسىگە ئاپىرىپ بەر، بۇ يەردە تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن، — دېدى.

— دادا، بۇ ۋېلىسىپىتنى ئاتايىن سىلىگە ئالدىم. ئۇنىڭغا مېنىپ ناھىيىگە قايتىش، دادۇيلەرگە بېرىش ناھايىتى ئاسان بولىدۇ، — دېدى چېن جيەنخۇڭ.

— ئوبدان بالام! — تىلىۋالدى شۇجىنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىدى. ئۇ، ئوغلىنىڭ ئېگەكتەك يىرىكلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى قايتا — قايتا سىلاپ، بۇ ۋېلىسىپىتنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى چۈشەندى.

«تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرىدا، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇنداق ھېسابلاپ، بۇنداق ھېسابلاپ ئاخىرىدا تىلىۋالدى شۇجىغا: «كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىگەن 800 يۈەنگە يېقىن پۇلنى قايتۇرسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئاتا — بالا ئىككەيلەن سۇپىدا ئولتۇرغاندا، چېن جيەنخۇڭ زەردىسى قايناپ قاينىغان ھالدا:

— كاللامدىن پەقەت ئۆتمەيۋاتىدۇ، ھەر قېتىم نەرسە ئالغاندا پۇلنى تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقان تۇرساق، بۇنچىۋالا «كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىگەن» مەسىلە نەدىن چىققاندۇ — دېدى.

— شۇنى دېمەمسەن، مەنمۇ ئويلاۋاتىمەن، — دېدى تىلىۋالدى شۇجى بىر نەچچە پارچە ئۇيغۇرچە تالون ۋە قەغەزگە كۆز سېلىپ، — لېكىن، بۇ يەردە ئەزالار ۋە ئاساسلىق كادىرلارنىڭ پاش قىلىش ماتېرىياللىرى ۋە تالونلاردا «تىلىۋالدى» دېگەن ئىسىم ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونكرېت ۋاقتى، نەرسىنىڭ ئىسمىلىكى، باھاسىمۇ بار.

ئاتا بالا ئىككەيلەن بىر — بىرسىگە قاراپ زۇۋان سۈرمىدى، ئۇلار ئويلاندى، ئەسلىدى.

— بالام بولدى، بۇنى ئويلىمايلى، ئويلاپ يەتكەن بىلەنمۇ بىكار، — دېدى تىلىۋالدى شۇجى ئوغلىنىڭ دولىسىنى قېقىپ — خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە تولسۇن دەيدۇ، ئۆي مۈلۈكىمىزنى سېتىشقا توغرا كېلىدۇ…

ئاتا-بالا ئىككەيلەن غەم — ئەندىشىلىك كۆزلىرى بىلەن بىر — بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىپ ياتتى. تاڭ ئاتماستىنلا چېن جيەنخۇڭ رېمونتچىلىق گۇرۇپپىسىغا بېرىپ، ئۆز ئىشىغا چۈشۈپ كەتتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن چېن جيەنخۇڭ ئۆيگە بىر يۈز ئەللىك يۈەن پۇل كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— دادا بۇ مېنىڭ تاپقان پۇلۇم، باشقا پۇلغا قېتىپ خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرسىلە، — دەپ، پۇلنى تىلىۋالدى شۇجىغا سۇندى.

دادا ئوغلىغا بىر ھازا سىنچىلاپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتىپ مېيىقىدا كۈلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاللىقى بىر ھېسسىيات مەۋج ئۇراتتى.

بۇ چاغدا پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر «تۆلەم»نى قايتۇرۇش ئۈچۈن غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، گۆش يېمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولغان بولۇپ، ھەر كۈنى ئوماچ ئىچەتتى، زاغرا نان يەيتتى. چېن جيەنخۇڭنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى بۇرۇنقىدىن ئېشىپ، دائىم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئاشۇرۇپ يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى. ئاتا-ئانا ئوغلىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ياداپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بەزىدە ئۇنىڭغا ئاتايىن توخۇم پىشۇرۇپ بەرسىمۇ، ئۇ، توخۇمنى سىڭىللىرىغا ئېلىپ قويۇپ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بىلەن تەڭ يەپ يۈرۈۋەردى.

«زاڭ پۇللار» ئاخىرى تۆلىنىپ بولدى. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بىر «ئۇھ» دېدى. ئەمما بىر كۈنى چېن جيەنخۇڭنىڭ جۇدۇنى ئۇشتۇمتۇت ئۆرلەپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىشى بىلەن:

— دادا، بىزگە ئۇۋال بوپتۇ، خەق بىزگە دۆڭگەپ قويۇپتۇ، — دېدى.

— بولدى بالام، ھاجەتسىز. باشقىلارنىڭ ئۆيىدىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىق بار، ئىشقىلىپ بىزدىن ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بولدى، ھېساباتسىز تۈگىدى. بۈگۈندىن كېيىنكى ئىشلارنى يېڭىباشتىن باشلايلى.

لېكىن، بۈگۈندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ تېخىمۇ قىيىن بولىدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا «مىسلى كۆرۈلمىگەن» ھەرىكەت باشلاندى. تىلىۋالدى شۇجى باشقا «ھوقۇقدارلار»غا ئوخشاش تارتىپ چىقىرىلدى، ۋە چوڭلۇقنىڭ ياقىسىدىكى بىر چەت كۆكشىغا ئەمگەك بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىلدى.

شەھەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقان چېن جيەنخۇڭمۇ تەبىئىي ھالدا چېتىلىپ، باشقىلار تەرىپىدىن «ئىت كۈچىكى»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان كىچىك ھوقۇقدار» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ياتىقى ۋە دۇكىنىدا ھەر خىل ئادەملەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بەزىلەر:

— ئۇكام، كۆچۈپ چىق، ئۇ ئۆز داداڭ بولمىغاندىكىن، ئۇنىڭ كاشىلىسىغا چېتىلىپ ئىستىقبالىڭغا تەسىر يەتكۈزۈپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپ نەسىھەت قىلدى. بەزىلەر:

— بىر ئۇۋۇدىكى قۇش بالىسىمۇ چوڭ بولغاندا ئۆز ئالدىغا ئۇچىدۇ، سەن نېمە ئۈچۈن ياھىلىق قىلىپ «جىن-شەيتانلار» بىلەن بىللە تۇرۇۋېرىسەن؟ — دەپ تەنبىھ بەردى. بەزىلەر:

— ئاڭلاپ تۇر چېن جيەنخۇڭ، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان» ئۇيغۇر داداڭ بىلەن چەك-چېگرىڭنى ئېنىق ئايرىمايدىغان بولساڭ، ساڭا ياخشى ئاقىۋەت يوق! — دەپ قورقۇتتى.

ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان بېسىم قانچىلىك قاتتىق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، چېن جيەنخۇڭ قەتئىي ھالدا:

— ئۇ ئىلگىرى مېنىڭ دادام ئىدى، ھازىرمۇ مېنىڭ دادام، كەلگۈسىدىمۇ مەڭگۈ مېنىڭ دادام بولىدۇ! — دېدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، چېن جيەنخۇڭ يەنە يۈز نەچچە يۈەن پۇل جۇغلاپ، ئۈچ دولقۇنلۇق «قىزىل بايراق» ماركىلىق رادىئودىن بىرنى سېتىۋېلىپ، يېزىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان تىلىۋالدى شۇجىغا بېرىپ:

— دادا، بۇ يەر بەك چەت ئىكەن، دائىم گېزىت كۆرۈپ تۇرغىلى بولمايدىكەن، مەركەزنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدىكەن، سىلىنىمۇ دائىم يوقلاپ تۇرالمايدىكەنمەن، بۇ رادىئو سىلىگە ھەمراھ بولسۇن، — دېدى.

مۇشۇ قىيىن كۈنلەردە، چېن جيەنخۇڭ پۈتۈن ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مومىسى ئاغرىپ قالغاندا ۋېلىسىپىت بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى؛ ئانىسىنىڭ مىجەزى بولمىسا، كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالدى؛ ئۈچ سىڭلىسىنىڭ ئۆگىنىشىگە دائىم ھەيدەكچىلىك قىلىپ، تەكشۈرۈپ تۇردى. ئۆيدە ئۆپكە-زاسۇ قويسا، يىراق دېمەي، يول مېڭىپ دادىسىغا ئاپىرىپ بەردى...

جاپالىق كۈنلەر ئاخىر ئۆتۈپ كەتتى. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر خۇشال-خۇراملىققا چۆمدى. چېن جيەنخۇڭنىڭ مومىسى ئۇنى «ياخشى نەۋرەم» دەپ ماختىدى، سىڭىللىرى ئۇنى «ياخشى ئاكام» دېيىشتى، دادىسى بىلەن ئانىسى چېن جيەنخۇڭ بىزگە ئۆز ئوغلىمىزدەك كۆيۈندى، دەپ ماختاشتى.

## ئاكا - سىڭىللىق مۇھەببەت

چېن جيەنخۇڭ تىلىۋالدى شۇجېننىڭ ئۆيىگە كەلگەن چاغدا، تىلىۋالدى شۇجېننىڭ چوڭ قىزى ئالتە ياش، ئوتتۇرانچى قىزى ئۈچ ياش، كەنجى قىزى ئاران ئۈچ - تۆت ئايلىق بولغانىدى. هازىر تىلىۋالدى شۇجېننىڭ ئالتە قىزى بار، كىشىلەر ئۇلارنى ئالتە تال «گۈل» دەپ ئاتايدۇ. چېن جيەنخۇڭ سىڭىللىرىدىن بىرلەپ چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلغىچە خەۋەر ئالدى. بۇ جەرياندا ئاكا-سىڭىل ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر مۇھەببەت بارلىققا كەلدى، ئەلۋەتتە.

ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەتتىنكى ئاكا - سىڭىل بىر ئائىلىدە ياشىغانداتەبىئىي ھالدا بەزى قىزىقارلىق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلارمۇ مەيدانغا كېلىدۇ.

چېن جيەنخۇڭ كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا ئۇيغۇرچىنى بىلمەيتتى، سىڭىللىرى خەنزۇچىنى ئۇقمايتتى، ئۇلار قول ئىشارىتى بىلەن قەلبىنى چۈشەندۈرۈشەتتى. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار بىر - بىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ، بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى تەدرىجى چۈشىنىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئاكا - سىڭىل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تېخىمۇ كۈچەيدى. ئىككىنچى سىڭلىسى كىچىكىدىن باشلاپ خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇدى، لېكىن ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا خەنزۇ ساۋاقداشلارغا يېتىشەلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن چېن جيەنخۇڭ ھەر كۈنى كەچتە سىڭلىسىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ۋە ھېساب ئۆگىنىشىگە ياردەم بەردى، نەتىجىدە سىڭلىسىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى ئۆرلىدى. كېيىن ئۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، شاڭخەي چەت ئەل تىلى شۆيۈەنىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئاكىسىغا يازغان خېتىدە: «ئاكا، ئەگەر سىز ئۆگىنىشىمگە سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بەرمىگەن بولسىڭىز، نەدىمۇ مېنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈم بولاتتى...؟» - دەپ يازدى.

چېن جيەنخۇڭ توي قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ سىڭىللىرى بەكمۇ خۇش بولۇپ، ئاكىسىنىڭ توي مۇراسىمىنى قىزدىتىش ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن بەس - بەستە ياردەم قىلدى. ئۇيغۇرچە پوسۇندا ئىشلەپ بەرگەن رەشلىيە، ئۆي جاھازلىرى ھېلىغىچە ئۇنىڭ ئۆيىدە ساقلاغلىق.

چېن جيەنخۇڭنىڭ سىڭىللىرى چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئوخشاشلا توي مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. بۇ ھەقتە كىشىنى خوشاللاندۇرىدىغان، ھەم ئەندىشىگە سالىدىغان، ھەم ئېچىندۇرىدىغان، ھەم شېرىن تۇيغۇغا سالىدىغان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس.

چوڭ سىڭلىسى گۈلباھارنىڭ توي ۋاقتى دەل 1972 - يىلىغا توغرا كەلدى. بۇ يىللاردا بازاردىكى نەرسىلەر بەكمۇ كەمچىل ئىدى. شۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە، توي قىلغانداگىر دېتىشىن، سوكنو بولمىسا بولمايتتى. ۋىلايەتلىك تۆرلۈك ماللار شىركىتىدە ئاپتوموبىل ھەيدەشنى ئۆگىنىۋاتقان چېن جيەنخۇڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئىچى تىت - تىت بولدى. ئۇ ھەر خىل يوللارنى مېڭىپ، ئاخىرى سىڭلىسىنىڭ تويلۇقىغا كېرەكلىك قىس ماللارنى تېپىپ بەردى. سىڭلىسى خۇشال - خۇرام ھالدا تويىنى قىلىۋالدى. كېيىن سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە ئوتۇن - كۆمۈر تۈگەپ قالغاندا، چېن جيەنخۇڭ ياردەملەشتى.

ئىككىنچى سىڭلىسى چىمەنگۈلنىڭ توي ئىشى بىر مەزگىللىك «رومانتىك» تارىخقا ئىگە. ئۇ شاڭخەي چەت ئەل تىلى شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇنىڭ سۆيگىنى شوپۇر بولۇپ، دادىسى قەشقەر شەھىرىدىكى داڭلىق ئىش كۆتۈرە ئالغۇچى ئىدى. چىمەنگۈلنىڭ ئانىسى ئايشەم

بۇنى بىلگەندىن كېيىن، قىزىنىڭ بۇ توي ئىشىغا دەرھال قوشۇلۇپ كېتەلمىدى، ئەپسۇسكى، بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشتا كەسكىن زىددىيەت پەيدا بولدى. 1979 - يىل 10 - ئايدا، ئىككىنچى سىڭلىسى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ توي قىلماقچى بولدى، ئۇ ئانىسىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلىپ، چېن جيەنخۇڭنى ئىزدىدى. چېن جيەنخۇڭ ئانىسىنى ئالايىتەن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ، قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلىدى. ئايشەمخان ئۆز قارىشىدىن سەل بوشاشقاندەك قىلسىمۇ، يەنىلا :

— ئۆزىنىڭ پۇلى بولسا توي قىلسۇن، ئىش قىلىپ ئۆيدىن پۇل بەرمەيمىز - دەپ تۇرۇۋالدى.

سىڭلىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قوشۇمىسىنى يەنە تۈردى. پۇل بولمىسا توينى قانداق قىلغىلى بولسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن چېن جيەنخۇڭ تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، سىڭلىسىنىڭ تويىغا كېتەرلىك پۇلنى ھەل قىلدى.

ئاكا سىڭىللىرىغا كۆيۈندى، سىڭىللار ئاكىسىنى ھۆرمەتلەپ كەلدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چېن جيەنخۇڭ جىگەر كېسىلى بىلەن بالنىتسىدا ياتتى. مۇشۇ مەزگىلدە، ئۈرۈمچىدىكى ئىككىنچى سىڭلىسى كېلەلمىگەندىن باشقا، بەش سىڭلىسىنىڭ ھەممىسى ئۇنى يوقلاپ تۇردى. بىرسى تاماق ئېتىپ كەلسە، بىرسى يەل-يېمىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بىر ياتاقتىكى كېسەللەر بۇنى كۆرۈپ: قېرىنداش مىللەت سىڭىللار بىر تۇغقان سىڭىلدىنمۇ يېقىملىق ئىكەن، دېيىشتى.

## بەختلىك ئائىلە

ئىلغۇالدى شۇجىنىڭ ئائىلىسى — دوستلۇق ئائىلىسى، بەختلىك ئائىلە. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تىرىشىپ خىزمەت قىلىدۇ ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ئايالى، ئوغلى، كېلىنى، ئۈچ قىزى ۋە ئۈچ كۈيئوغلى خىزمەتتە؛ تۆتىنچى، بەشىنچى قىزى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومدا، توققۇز ياشلىق ئالتىنچى قىزى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1980 - يىل 6 - ئايدا، ئىلغۇالدى شۇجى بىلەن چېن جيەنخۇڭ بىرلا ۋاقىتتا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلىنىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. ئىلغۇالدى شۇجى پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ كاندىدات ۋەكىلى، چېن جيەنخۇڭ بولسا كۆپ قېتىم ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپ سايلاندى. ئاتا - بالا ئىككىيلەن ھەم خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نەمۇنىچىسى ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىسى.

ھازىر چېنجيەنخۇڭنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار. توققۇز ياشلىق قىزىنىڭ ئىسمى لى لى، چوڭ دادىسى ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر» دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇپ بەردى، يەتتە ياشلىق ئوغلىنىڭ ئىسمى ۋېۋى، ئىلغۇالدى شۇجى ئۇنىڭغىمۇ خەنزۇچە ئاھاڭغا ئاساسەن ۋېلجان دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇپ بەردى.


ھېيت - بايرام بولسىلا بۇ چوڭ ئائىلىدىكى يىگىرمە نەچچە كىشى خۇشال - خۇرام بىر يەرگە جەم بولىدۇ. ئۇلار ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىغا سېلىنغان شىرداق ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مېزىلىك تاماقلىرىنى يەۋاتقاندا، تاماقتىن كېيىن ھويلىدا ئولتۇرۇپ خۇشال - خۇرام ھالدا ناخشا-ئۇسسۇلغا چۈشكەندە، ھەر قانداق ئادەم ئۇلارنىڭ ئىككى مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئائىلە ئىكەنلىكىنى تۇيمايلا قالىدۇ.

بۇ ئائىلە — ۋەتەندىن ئىبارەت چوڭ ئائىلە ئىچىدىكى بىر كىچىك ئائىلە. ئەگەر ھەممە ئائىلە مۇشۇ ئائىلىدەك بولسا ئۇ ھالدا، بۇ چوڭ ئائىلە مۇقەررەر ئىتتىپاق ئائىلىسى، بەختلىك ئائىلە، گۈللەنگەن ئائىلە، قۇدرەت تاپقان ئائىلە بولىدۇ، خالاس.

(شىن جيەنخۇا تەرجىمىسى)

نۇر روزى

# دۆت



(ھېكايە)

— كەلسىلە - كەلسىلە، مۇشۇ ساپاغا، قېنى مەرھەمەت. چايغا باقسىلا، ۋاي - ۋۇي، يوللىرىغا قارىغىلى نىزامان. ھەر نېمە بولسا كەلدىلە، لەۋزىمىزنى يەردە قويمىدىلا. بىز سىلىنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەردار.

ئۇرۇۋشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئىكەنلا، كېيىن نەچچە كارخانىغا جان كىرگۈزۈپلا. باشقارما باشلىقى بولۇشقا ئۇنىماپلا، يەنە كارخانىدا ئىشلەشنى تەلەپ قىلىپلا، سىلىدەك كارخانىچىنى ئىزدەپ - سوراپ ئاران تاپتۇق. ئەمدى بىزنىڭ بۇ ئۆلەمچان كارخانىمىزغىمۇ جان كىرگۈزۈۋېتىدىغان بولدىلا. يۈرەكلىك، خاتىرجەم ئىشلىسىلە. ھازىر ئىسلاھات دەۋرى، مەنمۇ ئىسلاھاتنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغىنى، لېكىن... ئاغىنە. ھەر قانداق ئىشتا ئېھتىياتچانلىق بەك مۇھىم. ئېھتىيات قىلايلى، بېشىمىزغا سېكە قويۇۋالمايلى، ھەرگىز دۆتلۈك قىلمايلى. ئىسلاھات ئېلىپ بارىمىز، دەپ كارخانىمىزغا بىر نەچچە باشلىق ئالماشتۇردۇق. ئۆزىمىزدە بولمىسا سىرتتىن يۆتكەپ كەلدۇق. لېكىن ئۇلار كارغا كەلمىدى، دېيىشىمىزغىمۇ ياقمىدى. قىچىشمىغان يەرنى قاشلاپ دۆتلۈك قىلدى. ئالدى ئۈچ ئاي، كەينى بىر ھەپتىدىلا ئۇسەيگە چىقتى. ئاپلا، ماۋۇ تېلېفوننى! تولا جىرىڭلاپ گەپنىڭ بىلىنگە تەپتىغۇ! ۋەي - ۋەي! ھە - ھە، شۇنداق. مەن شۇ، ۋۇي - ۋۇي، تىنچلىق تۇردىلا؟ باللار ئوبدان تۇرغاندۇ؟ ئەجەپمۇ سېغىنىپ كەتتىم سىلىنى، بەك كۆرگۈم كېلىپ زادى. قاچان قايتىپ كەلدىلە؟ ھە؟ نېمە - نېمە؟ ھېچيەرگە بارمىدىم؟ دوختۇرخانىدا؟ ساقسىز بولۇپ قالدىلا؟ ئاپلا بۇ دۆتلۈكنى، ئوقماي قايتتۇق ئەمەسمۇ؟ ۋۇي، مېنى تونىدىڭىزمۇ دېدىلىمۇ؟ تونۇمامدىغان ئۆزلىرىنى. «سىز» دېگەنلىرىگە قاراپ ئاتىڭجاڭ ئىكەنلىكلىرىنى بىلدىم. ۋۇي تىڭجاڭ، ياخشى تۇردىلىمۇ؟ ھاھا - ھاھ ۋۇي-ۋۇي، نېمە - نېمە؟ مەن تىڭجاڭ ئەمەس دەملا! ياق - ياق. ھە، ھە، بىلدىم- بىلدىم، ۋالىي،

ۋۇيۋا لىي…ھە؟ نىمە-نىمە؟ ۋا لىي ئەمەس؟ دوخ-
تۇرخانىدا بىللە ياتقان تۇرسۇن؟ ۋۇيقاندا ق
دۆت نىمىسەن؟! ئۇقۇپ قوي! مەنسىنىڭ «سىز
دەيدىغان ئادىمىڭ ئەمەس. ئۆز خىلىڭنى تې-
پىپ سىزلە! قانداق ئەدەبسىز نىمە بۇ؟!

ھىم! «سىز» لەپ سۆزلىسە، مەن تېخى نا-
زىر ياكى ۋالىيمىكىن دەپتىمەن. تېلېفۇننىڭ
غاژ - غۇژىدا ئاۋازىدىن تونۇيالما پتىمەن.
مېنى پەقەت نازىر بىلەن ۋالىيلا «سىز» لەي-
تتى. ئاندىن باشقىلىرى ۋاي «سىلە»، «ئۆز-
لىرى» دەپ ھۆرمەت بىلەن ئاتايتتى. نەدى-
كى بىر قوڭالتاق شوپۇر تېخى مېنى سىز-
لەۋاتىدۇ. ھىم! دوختۇرخانىدا
بىللە يېتىپ تونۇشۇپ قالغان. كېسىلىڭىز يە-
نە خاپا سالدىمۇ؟ ئەنسىرەپ قالدىم دەيدۇ.
ئۆز ھالىغا باقماي تېخى، مېنى سىزلەپكەتە-
كەنلىكىنى! ۋۇي دۆت! ئادەمنىڭ ئىززەت -
ئابرويىنى قىلىشنى بىلمەيدىغان دۆت! ئاچ-
چىقىمدا تېلېفوننى قاتتىقراق قويۇپ سال-
دىم، كېرەك يوق. بۇزۇلسا، يېڭىسىغا ئال-
ماشتۇرۇۋالىمىز. ھە بولدى - بولدى، ئۆزگې-
پىمىزگە كېلەيلى. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى
زاۋۇت باشلىقىنىڭ بىرسى كېلىپلا بىزگە دې-
مەي ئۆز ئالدىغا «ئەمگەك كۈچلىرىنى تەڭ-
شەيمەن» دەپ ئۇ سېختىن بۇ سېخقا ئادەملىر-
نى يۆتكەپ ئىشنى قالايمىقانلاشتۇردى. بۇن-
داق دۆتلۈككە يول قويغىلى بولامتى؟ ئەل-
ۋەتتە بولمايدۇ - دە، «ئەمگەك كۈچلىرىنى
تەڭشەش ئىدارىنىڭ ئىشى» دەپ تور-
مۇزلاپ قويدۇق. يەنە بىرسى كەلدى. ئۇنىڭ
ئەخمىقانىلىقىنى دېمەمدىغان! بىزگە تەستىقلاتـ-
مايلا ئون نەچچە ئىشچىنى ئىشقا ئالغان. بۇنىمۇ «ما ئىدارىمىزگە ئالـ-
بىنگە ئىدارە ئىگە» دەپ تىزگىنىنى تارتىپ
قويۇۋىدۇق، تېرىكتى. «مانا ئەمسە» دەپ ئۇ-
نىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى دەسسەتتۇق. ئۇمۇ

تازا بىر ساراڭ نېمىكەن، تۇلۇمدىن توقماق
چىققاندەكلا تەربىيىلەيمەن، دەپ بىرسىنى بىر
يەرگە، يەنە بىرسىنى يەنە بىر يەرگە ئو-
قۇشقا ئەۋەتكىلى تۇردى. يەنە تېخى قاملاش-
مىغان ئىشنى قىلىپ، تەخىيى ئانىسىنىڭ ئال-
دىغا ئۆتۈۋالغاندەك بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق
ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى قوبۇل
قىلىمەن، دەپ چېپىپ يۈرۈپتۇ. يۈك بو-
لۇپ قالىدۇ، دېسەك ئۇنىمىدى. يەنە تېخى
سەپرايىمنى ئۆرلىتىپ مۇكاپات - جازانى ئې-
نىق قىلىمەن، دەپ ئالاھىدە ئىنگىسى بار، نە-
شانلىق تەربىيىلىنىۋاتقانلارنى بىكارلاپ قو-
يۇپتۇ. بۇنداق ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا سۆ-
كۈت قىلىپ تۇرغىلى بولامدۇ؟ تازا كېلىش-
تۈرۈپ ئەدىپىنى بەرگەنتۇق، ئۇمۇ غىپپىدە
كەشىنى توغرىلىدى. مانا - مانا، ماۋۇ قام-
لاشمىغان ئىشنى قارىمامسىز. ئىككىمىز ئو-
چۇق - ئاشكارا سۆزلىشىپ ئولتۇرساق، ئا-
دەمنىڭ كۆڭلىنى مالال قىلىپ، خۇدۇكسىراپ
ئىشىك چەككىنىنى! بىز ياكى مەخپى ئىش
قىلمىساق. تۇۋا - تۇۋا! مونىكى بارنىڭ خۇ-
دىكى بار دېگەن شۇدە، بۇ دۆتلۈكنى! ھە
كىرىڭ! ۋۇي، كىرسىلە - كىرسىلە، ئىككىلىرى
تونۇشۇپ قېلىشسىلا. بۇياق مەن سىلىگە دې-
گەن كىشى شۇ بولىدۇ. بۇ زاۋۇتقا باشلىق
بولۇپ كەلدى. ھە بۇياق بولسا، مالىيە بۆ-
لۈم باشلىقى، سەل تەخىر قىلسىلا. ھۆججەت-
لەرنى ماۋۇ كېپىمىز تۆگىگەندە تەستىقلاپ
بېرەي. خوش ھېلى نېمە دېيىشىۋاتاتتۇق؟ توغ-
را، كارخانىنى باشقۇرۇشتا، ئىلگىرى كۆرۈل-
گەن تەجرىبە - ساۋاقلار توغرىلىق كۆڭۈللە-
رىدە سان پەيدا بولدى. كۆڭلىمىزدە سان بول-
مىسا دۆتلۈك قىلغان بولىمىز. ئۇتتۇرۇپ قو-
يىمىز. خوش ئەمدىكى گەپ، ئىشلەپچىقىرىش-
نى يىلمۇ-يىل قانداق ئۆستۈرۈش مەسىلىسى،

كارخانىنى باشقۇرغۇچى ئىشلەپچىقىرىشنى 10، 50، 60 پىرسەنتلەپ، يەرنى پەللەمپەي شەكلىدە — بالداقمۇ بالداق ئۈستۈرۈشنى بىلىش كېرەك. ھە، مىسالەن، ئالايلى، كارخانىنىڭ بۇ يىلقى ساپ پايدىسى يۈز كويچەن بولدى دېسەك، كېلەر يىلى كەمدېگەندىمۇ 10% ئۆسكەن بولۇشى شەرت. ھە، بۇ دېگىنىمىز؟... خوش، يۈزنىڭ ئون پىرسەنتى...ھە... ئونبىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدىغۇ، دەيمەن؟ شۇنداقمۇ مالىيە بۆلۈم باشلىقى؟ بەللى-بەللى، «خوش-خوش» دېگىنىڭىزگە قارىغاندا، توغرا دەپتىمەن. شۇنداق، يۈزنىڭ ئون پىرسەنتى ئونبىر ئەتراپىدا بولىدۇ. مۇشۇنداق پىرسەنت بەلگىلەپ ئىشلىسەك ئوبدان بولىدۇ. نىشانلىق ئىشلىگەن بولىمىز. نىشانسىز بولمىسا توغرا بولمايدۇ، دۆتلۈك بولىدۇ.

خوش، يەنە بىر گەپ، بۇنىڭغا سىز بەك دىققەت قىلىڭ. سىز دېگەن كارخانىدا بىرىنچى قول. بىرىنچى قول دېگەن، بىرىنچى قولدەك بولۇشى كېرەك. بىرىنچى قول دېگەن باش بارماق. مۇئاۋىنلىرىڭىز چىمچىلاق، باش بارماق بىلەن چىمچىلاقنى قانداقمۇ تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن؟ دوكلاتلارغا مۇئاۋىنلىرىم تولۇق قوشۇلغىنى بىلەنمۇ مېنىڭ كارىم يوق، توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ يېرىمىنى قىرقىۋېتىمەن. بولمىسا، مەن قانداقمۇ بىرىنچى قول بولغان بولىمەن؟! دېمەكچى بولغىنىم، ئۆزىمىزنىڭ بىرىنچى قول باشلىق ئىكەنلىكىمىزنى باشقىلارغا قەتئىي تونۇتۇپ قويۇشنى، قىلچە يول قويماسلىقنى بىلىش كېرەك، دېمەكچىمەن. شۇنداق، ئورنىڭىزنى قەتئىي قوغداڭ. مەندىن ئۆگىنىڭ، سىز تېخى كۆرمىدىڭىز، ئىلگىرى بىزنىڭ بىر باشلىقىمىز بار ئىدى. ئۇ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، مەن بىرىنچى قول باشلىق بولدۇم. ئىككىمىز داھايىتى ئەپ. لېكىن ئىككىمىز بىر يەرگە بىللە بېرىشقا توغرا كەلسە، قېرىپ قالدى، كېسەلمەن، سىز دېگەن بىلەن زادىلا كارىم يوق. شۇپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇن بىرىنچى قولنىڭ ئورنى بولغانلىقىدىن ئۆزەملا ئولتۇرىمەن. ئۇنىڭ چايقىلىشى بىلەن، سىلكىنىشى بىلەن، سىقىلىشى بىلەن چاتىقىم نېمە؟ ئۇ نېمە بولسا بولسۇن ھەرگىز بەرمەيمەن. مەن بىرىنچى قول بولغانكەنمەن، ئۇ ئورۇن ئەلۋەتتە ماڭىلا مەنسۇپ دېگەن سۆز. ئورنىمىزنى مانا مۇشۇنداق قوغدىمىساق بولمايدۇ. بولمىسا، چوڭ دۆتلۈك بولىدۇ. ۋۇي، نىم بولدى؟ گېپىمىز تۈگىمەستىنلا ئورنىڭىزدىن تۇرۇۋالدىڭىزغۇ! نېمىگە شۇنچە ھەيران قالدىڭىز؟ ئاغزىڭىز كامادەك ئېچىلىپلا قالدىغۇ؟ مۇشۇنداق مۇھىم ئورۇنغا سىزدەك دۆتلەرنى بىرىنچى قول قىلىپ قويغانلىقىغا ھەيران قېلىۋاتىمەن، دېدىڭىزمۇ؟! ئاغزىڭىزنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلىڭ! كىمنى دۆت دەۋاتىسىز؟! ھاي-ھاي! توختاڭ! چىقىپ كەتمەڭ! گېپىمىز تېخى تۈگىمىدى. ئۇنداق دۆتلۈك قىلماڭ! نەگە بارىسىز؟! دۆتلەردىن يىراق يەرگە دەمسىز؟! كۆزۈمدىن يوقال! جاھاندىن يوقال!! ۋۇي يارىماس دۆت!!!

ئابلىمىت سابىر

# ئائىلە كېلىشىمى

(ھېكايە)

ئايشەم بىلەن قەييۇم ئۆزلىرى تاللاپ، ئۆزلىرى سۆيۈشكەن ئاشىق-مەشۇقلاردىن ئىدى. ئۇلار دەل باھار كۈنلىرىنىڭ بىردە توي قىلغان، پۈتۈن دوستلىرى نەغمە-ناۋا ياڭرىتىپ، پەتە قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەختلىك لەردىن بولۇشىنى تىلىگەنىدى. بىراق توي ئاخشىمى ئوتلۇق ھارارەت ئىچىدە باشلانغان بەختلىك تۇرمۇش ئۇزاققا بارمايلا سوغۇق تەگكەن گۈلدەك بىردىن بۇزۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن قەيۇمنىڭ تەرسالىقى سەۋەب بولدى.

ئايشەمنىڭ ئائىلىسى يېزىدا بولۇپ، ئۇل ئانىسى ۋە مەكتەپتە ئوقۇيدىغان يالغۇز ئىنىسى بار ئىدى. شۇڭا ئېيىغا مۇئاشىدىن ئوتتۇز سوم ئاجرىتىپ ئەۋەتىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ئىش ئاشقا چۈشتىن چۈشكەندەك قەيۇمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدى. ئۇ دەسلەپ پۈشۈلداپ تىنىپ، دومسىيىپ يۈردى. كېيىن قولىدىن كەتكەن زىيانىنىڭ بەدىلىگە ئۆينىڭ خىراجىتىنى ئازايتىپ سەي بىلەن گۆشنى نورمىغا چۈشۈردى. توۋا، توۋا... ئىش بۇيەرگە كەلگەندە ئايشەمنىڭمۇ تاقىتى توشتى. دە، تومۇرلىرى پىچاق بىسىدەك چىقتى. دەلمۇ دەل تۇرۇپ ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش يولىنى تۇتتى. ئىككى كىشىلىك ئاشخانا ئۈچۈن ئېيىغا قىرىق يۈەن سەرمايە سېلىشتىن باشقا، ئاشقان مۇئاشىنىڭ ھەممىسىنى چۆنتىكىدە ساقلايدىغان بولدى. ئۇلار نەچچە رەت تەنپەن شىرەسىگە ئولتۇرۇپمۇ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى. مانا، ئارىدىن ئىككى

يىل ئۆتتى، ئۇلار مېھمانخانىمۇ ئايرىم ھېساب ئېچىپ ئۆز ئالدىغا چاقىرىشاتتى. كېيىن-كېچەك سېتىۋېلىشتىمۇ مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرمايتتى. ئۇلار ھەققەتەن بىر تېكىدە باش قويۇپ، ئىككى كىشىكتىن چىقىدىغان ئايرىم- ئايرىم ئىككى ئادەم ئىدى.

مانا، بۈگۈن مۇقەددەس ئون ئىككىنچى چېسلا- مۇئاش ئالغان كۈن. ئۇلار يەنە تەنپەن شىرەسىگە ئولتۇرۇشتى.

— مەھەللىدىكىلەر يېقىندىن بۇيان تېلېۋىزور لىشىپ بوپتۇ. ئۇنىڭ ئالغۇنىمۇ بىر قېتىمدىن يېڭىلاپ بولۇشۇپتۇ،— دېدى قەيۇم پۈشۈلداپ تىنىپ.

— نېمە دەۋاتىسىز؟— دېدى ئايشەممۇ ئالدىغا سەكرەپ چۈشۈپ،— سافا، ساجى، يېڭى نۇسخىدىكى ئەينەكلىك يېڭى ئىشكاپنى ئالىلىقاچان تەييارلاپ بولۇشتى. پولغا سالىدىغان گىلەمنىمۇ سېتىۋېلىپ بولۇشتى.

— شۇنداق،— قەيۇم ئايىلىغا تەن بەرگەندەك بېشىنى سالدى،— ئىككىمىز باشقىلارنىڭ ئۇخلىغىنىنى كۆرۈپ ئەسنەپ ئولتۇرغاندەك ئىش قىلىۋاتىمىز. بىرلەشسەك بولامدىكىن.

— توغرا، زادى بىرلەشمىسەك بولمايدۇ.

ئىشتىن بۇرۇن ئۈچۈپ يۈرگەن كەپتەرنى ھەركىم ئۆز قەپىزىگە قوندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلىش ناھايىتى ئاسان. مۇھىمى تالاش-تارتىش بولۇۋاتقان مەنپەئەت-رايونغا مەردانىلىق بىلەن بۆسۈپ كىرەلىسە ھېساب.

— ئۇنداقتا، قانداق بىرلىشىمىز؟— سو-
ردى قەييۇم.

— شەرتىم بار. ئالدى بىلەن ئائىلەمگە
ئەۋەتىدىغان پۇلغا دەخلى قىلماڭ.

— نېمە؟ تېخىچە شۇ گەپمۇ؟

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كونا كېسىلى
قوزغىلىپ كەتتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كې-
تىشتى. قەييۇم بوينىنى سوزۇپ ئالدىغا مېڭى-
ۋېدى، ئايشەممۇ كۆزىنى چەكچەيتىپ كاپكىر-
نىسى قولىغا ئالدى. ئۇلار گويا ئىككى با-
راق ئاستىدا زېمىن تالىشىشى قىلىۋاتقان
ئىككى دۆلەت ئادىمىگە ئوخشايتتى.

— بىلىپ قوي!- دېدى قەييۇم ئاخىرى
ئايالىغا گەپ يېگۈزەلمىگەندىن كېيىن،- ئىش
مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئىدارىدىنىڭ ئاشخانىسى-
دىن تاماق يەيمەن، ئۆينىڭ توك، سۇ ھەققى-
نىمۇ تۆلىمەيمەن.

ئايشەممۇ بوش كەلمىدى:

— سەنمۇ بىلىپ قوي، مەنمۇ ئىدارىدىن
يالغۇز كىشىلىك ياتاق ھەل قىلىپ قويىدۇم.

تەنپەن ئەنە شۇنداق سوغۇق ئۇرۇش ھا-
لىتىدە ئاياغلاشتى. باشتا بۆكنى ئېلىۋېتىپ
ياخشى ئويلىنىپ توي قىلىۋەتكەنلىك كاسا-
پىتى، شۇ چاغدىلا مومايىنى ئالدىغا ئولتۇر-
غۇزۇپ ياخشى توختام قىلىش كېرەك ئىدى.
قاتلىما نان بىلەن كۆكسامسىنى توشۇپ ئا-
دىراپ كەتكەن ئاقىباش ئەۋلىيا ئوغۇلنى قو-
غا كىرگۈزگەندىن كېيىنلا يەلكىسىنى بېسىپ
ئېغىر يۈك بولماقتا. قەييۇم بۇ ئارزۇلۇق
ئانىسىنىڭ ئالۋىڭىدىن قاچان قۇتۇلار؟!

قەييۇم ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى
ئىگىلىۋالغان غەزەب ۋە ھەسرەت ئوتلاۋىسى-
دەك بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇ يول-
نى كېسىپ ئۆتۈپ كىچىككىنە قاۋاقخانىغا كىر-
دى - دە، پۈكەي ئالدىدا تۇرۇپلا كەينى-كەينى-
دىن كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بوخسۇپ تۇرغان
ئاچچىق ھاراق كانىيىدىن ئۆتۈپ، توكدول-
قۇنىدەك تومۇرلىرىغا ئېقىپ پۈتۈن بەدىنى-
نى لەرزىگە سالدى.

ئۇ ئۆيگە كەلگەندە، تۈن جىمجىتلىقى باش-
لانغان بولۇپ، ئايشەم يېتىپ تۇرغان چىراغقا
تىكىلگىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. قەييۇم
ئايشەمگە تاشلاندى - دە، بوينىنى قايرىپ
چوكۇلدىتىپ سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ كىرپە
تېرىسىدەك يىرىك ساقىلىنى ئايشەمنىڭ
يۈزى، ئاغزى ۋە پېشانىسىگە تەشنالىق بىلەن
سۈركەيتتى، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سۆيۈۋىرەت-
تى، گويا ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن يىل
بولغان ئادەم ئايالى بىلەن قايتا ئۇچراش-
قاندەك زادىلا قانمايتتى.

— سۆيمەڭ،-دېدى ئايشەم ئەلەم بىلەن ئۆز د-
نى تارتىپ،- ئەزەلدىن ئالا كۆڭۈل ئىكەنلىكى-
ڭىزنى بىلمەمەن. نەزەرىڭىزدە مەن ئويۇنچۇق،
تاشلىۋەتسىمۇ بولىدىغان ئويۇنچۇق. خورلىماڭ!

— كەچۈرگىن جېنىم،- دېدى قەييۇم قۇ-
رۇتتەك تولغىنىپ ئايىلىغا يېپىشىپ،- باچ-
كىدەك چېغىمدا ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان،
تىل ۋە نۇر بەرگەن مېھرىبان كىشىنى تاشلى-
ۋېتىشكە بولامدىكەن، بۇ ئۇچىغا چىققان نۇ-
مۇسسىزلىق! ئايشەم، ھەقىقەتەن تاش يۈرەكلىك
قىپتىمەن، پۇل ئەۋەتكىن، كۆپرەك ئەۋەتكىن.

— ئىشەنمەيمەن،- دېدى ئايشەم يېنىغا
ئۆرۈلۈپ،- ئەتە ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىسىز، خۇد-
دى قىشكۈنىنىڭ ئاپتىپىدەك يەنە قېپىداش،
دەشكۈشلىشىڭىز باشلىنىدۇ.

— مېنى مەس كۆرۈۋاتامسەن؟ مانا قارا،
ھازىر سائەت دەل ئونبىردىن ئوتتۇز مىنۇت
ئۆتتى. بىلەمسەن، مەن بالدۇرراق قايتىش
ئۈچۈن قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ سىمتوساقلىرى
ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇللا كەلدىم. ئەنە ئار-

زۇلۇق ئەترە گۈلۈم يېگىدىن ئىككى غۇنچە باغلاپتۇ. قانداق ساقىمىكەنمەن؟

ئۇ مەردانىلىق بىلەن يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، بىر بولاق پۇلنى ئالدى-دە، سۆيىدىكى گىلەم ئۈستىگە تاشلىدى. بۇ ئۇنىڭ يېڭى ئالغان ماشى بولۇپ، تېخى ئۈچ سوملا خەجلىگەنىدى.

— ئال جېنىم، كېلەر ئايدىن باشلاپ ماشىمنى لىتاب بىلەنلا تاپشۇرىمەن، سەن مېنىڭ سۆيۈملۈك ئايال خوجايىنىم.

ئايال ئېرىنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان قوڭۇر كۆزلىرىگە قارىدى، شۇئاندا قەييۇم مەيدىسىنى يېشىۋەتكەن، ھارارەت تەپتىدىن قىزىپ كەتكەن چىرايى غۇبارسىز سەممىيەتكە تولغانىدى.

— قەييۇم راستلا بۇ پۇلنى مېنىڭ ئىشلىتىشىمگە بېرىۋەتتىڭىزمۇ؟

— ھازىر بېشىغا ئاق كىرگەن ئاياللارمۇ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ بىلەن مودا كىيىملەرنى كىيىدىغان بولۇۋالدى. سېنىڭ پەقەت ئۈچ يۇرۇشلا كىيىمىڭ بار. بۇ پۇلغا قىممەت باھا رەختىن يازلىق كىيىم تىكتۈرگىن، كېلەر ئايدا ئۆز قولۇم بىلەن بىر بويۇنلۇق مەرۋايىت ئېلىپ بېرەي. كەل جېنىم، يېقىنراق ياتقىن.

ئايشەم كۆز يېشىنى سۈرتۈپ كۈلۈمسىرىدى، قەييۇمدىكى بۇ يېڭى باشلىنىش ئايشەمنىڭ شادلىقىنى قوزغاپ، ئۈمىد چىراغلىرىنى يالتىراتقان، ئۇ بويۇن تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققان ساقاللىق ئېرىگە چوڭقۇر مۇھەببەت پەيدا بولغانىدى. شۇڭا پۇلنى قولىغا ئېلىپ، گىلەم تېگىگە تىقىپ قويدى.

— كەچلىك تاماق يېمىدىڭىز؟ چاي دەملەپ بېرەيمۇ؟

— ياق جېنىم، قولۇمنى تۇتۇپ قوي.

ئۇلار يېتىشتى، ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ چىمىرلىشى دېرىزىدىن ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئۇلار يانمۇ - يان يېتىشقانىدى.

— ھەي قەييۇم،- دېدى ئايشەم ئېرىنىڭ بېقىنىغا بوشقىنا نوقۇپ،- بىزنىڭ مۇھەببەت باغلاپ تۇنجى ئۇچراشقان كۈنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئېسىمدە، ئۇ چاغدا ئىككىمىز يېرىم كۈن باغ سەيلىسى قىلىپ قورسىقىمىزنىڭ ئېچىپ كەتكىنىنىمۇ بىلمىگەن ئىكەنمىز. سەن ماڭا بىر دانە يېپەك ياغلىق تۇتقان ئىدىڭ.

— سەنمۇ ماڭا بىر شېشە ئالى سورتلۇق ئەترە سوۋغا قىلغان.

— ھېلىقى يامغۇرلۇق ئاخشامدا ئۆيۈنگە بارغىنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ تۇراتتى. يامغۇردا كىيىملىرىمىز ئۈستىمىزگە چاپلىشىپلا قالغانىدى.

— قېلىن،- دېدى ئايشەم ئېرىنىڭ كېپىنى بۆلۈپ،- سەن مېنى يۆلەپ ماڭىمەن دەپ...

— ھەي، ئۇ چاغدا تارتىنچاقلىق قىلغان ئىكەنمەن، قېنىپ - قېنىپ سۆيۈۋالمىغىنىمغا بىر ئاي پۇشايمان قىلغانىدىم...

ئۇ ئەتىسى ئىدارىغا بارغاندا، گۈللۈك ئارىسىدىكى چوڭ مەيدان قىزغىن سودا بازىرىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، سودا ئىدارىسىنىڭ سېمىز پىركازچىكى ھارۋا سۆرەپ ئەرەنچە خروم ئاياغ سېتىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئاياغ ئالاندا ئېيتىلغاندەك رەڭگى پارقىراق، تىكىلىشى چىرايلىق، باھاسىمۇ مۇۋاپىق ئىدى.

قەييۇم ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇ نۇسخىدىكى ئاياغدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، قۇربان ھېيت كۈنى كۆلرەڭ شىم - كاستيۇمىغا ماس قىلىپ كىيىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. لېكىن ھېچيەردىن تاپالمىغان. ئۇچۇر يەتكۈزۈپ دوستلىرىغا ئېيتىپمۇ ئالدۇرالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي توپنى يېرىپ قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتتى. بىر جۈپ ئاياغنى

تاللىنىپ، پۇل تۆلەش ئۈچۈن ئىچ يانچۇقىغا قول سالدى-دە، چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. يانچۇق قۇپ-قۇرۇق ئىدى.

— يولداش چاققانراق بولسىڭىز، ئارقىڭىزدا كۈتۈپ تۇرغان ئادەم بار.

ئۇ دەسلەپ ئاخشام قاۋاقخانا خوجايىنى ئوغۇرلۇقچە قول سېلىپ بىلىندۈرمەي پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋاپتۇ، دەپ ئويلىدى. كېيىن ئايشەمگە بىر-دۈەتكىنى ۋە دېگەن سۆزلىرى چۈشىدەك غۇۋا ئېسىگە كەلدى.

— كەچۈرۈڭ پۇل ئۆيدە قاپتۇ، ھازىرلا ئېلىپ كېلەي.

ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ توپتىن چىقىپ، ئىتتىك دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— يولداش قەييۇم، تېزدىن ئىشخانىنىغا چىقىڭ، — دېدى ياش ئايال دېرىزىدىن ۋارقىراپ، — تارقىتىلىدىغان جىددىي ئالاقە بار. تامغىنى بېسىۋېتىڭ.

— جىددىي ئىش، كەچۈرۈڭ، ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن.

— بولمىغاندا ئىشخانىڭىزنىڭ ئاچقۇچىنى قويۇپ كېتىڭ.

— ھازىر، مانا ھازىر.

ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپلا ئۆيىگە قاراپ ئۇچقاندەك مېڭىپ كەتتى. ئانىسىغا كۆپرەك ئەۋەتىش ئۈچۈن پۇلنىڭ ھەممىسىنى بېرىدىمەنمۇ؟ بۇنداق ياۋاش ئادەم يوق.

ئون سوملۇقتىن ئون ئىككى، بەش سوملۇقتىن ئون، ئىككى سوملۇقتىن بىر، بىر سوملۇقتىن بىر، بىر مولۇقتىن يەتتە، جەمئىي بىر يۈز يەتمىش ئۈچ سوم يەتمىش تىيىن، بىرسى كەم بولسۇنچۇ. كېكىردىكىنى بوغۇپ يۈرىدىن قاپ ئالىمەن. ئۆزەممۇ قىلالايتتى؟

ئۇ ھارۋىلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئادەم توپلىرىغا ئۇرۇلۇپ ناھايىتى ئىلدام باراتتى. گويا يەر ئېگىز، بىنالار كەينىگە سىلجىپ قەدىمى ئاستىلاپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

— يولداش، قارىغىمۇ ياكى گاسمۇسىز، ئالدىڭىزدا ماشىنا بار. ئاۋايلاپ مېڭىڭ.

ئۇ ئۇدۇلىدا ئۈزۈلمەي سىگنال بېرىپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ماشىنىنى كۆردى-دە، چۆچۈپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە ئۆيىگە تېزراق يېتىپ بېرىش ئۈچۈن خىلۋەت تار كوچا بىلەن سەي بازىرىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئۆيىگە كەلگەندە، ئايالى يوق ئىدى. ئايشەم بۈگۈن ئۆينى پاكىز تازىلاپ پەردىلەرنى تارتقان، توي قىلىشتىن بۇرۇن چۈشكەن رامكىلىق رەسىمنى قايتىدىن ئېسىپ ئۆي ئىچىنى توي كۈنىدىكىدەك ياسىۋەتكەنىدى. لېكىن بۇ ئىشلار قەييۇم بىلەن قىزىشقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ پۇلنى تېزرەك قولىغا ئېلىش ئۈچۈن ئىشكاپ، چامادانلارنى ئاقتۇردى. تەكچىدىكى تەخسە ۋە قەدانلارنى پەسكە ئالدى. ئايالىنىڭ كىيىم يۇيۇلىدىنى سالىدىغان قول سومكىسىنىمۇ ئاختۇرۇپ كۆردى. كېيىن سائەت شىرەسىنىڭ ئىچ تارتىمىسىنى ئاچتىدە، بىر بولاق پۇلنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئايشەم ئېرىنىڭ سوۋغىسىغا ئۆز ماشىنى قوشۇپ شۇ يەرگە سېلىپ قويغانىدى. قەييۇم بۇ رەڭلىك قەغەزلەرنى شىرە ئۈستىگە يېيىپ بىر-بىرلەپ ساناپ چىقتى-دە، ئۆز ماشىنىنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى، ئايشەمنىڭمۇ ئاپىسىغا ئەۋەتىدىغان پۇلنى ئايرىپ ئالمىغانلىقىنى بىلدى.

ئۇ دەسلەپ سودىدىن يېنىۋالغان ئادەمدەك ئۆز پۇلىنى ئايرىپ ئالدى، بىراق ئىشىك تەرەپكە ماڭغاندا تاپىنىدىن مىخ قاققاندەك ھېچ قىلماي تۇرۇپ قالدى. ئايشەم نېمە ئۈچۈن ئىككى كىشىنىڭ ماشىنى بىر جايدا

قويۇپ قويدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھېلىقى ئوتتۇز سومنى ئايرىپ ئالمىدى؟ بۇنىڭدا قەييۇم بىلمەي قالغان قانداقتۇ پەشتاقتىن چۈشۈش ئالامىتى بولمىسۇن يەنە؟ ئەمدى ئۇنىڭ قاتمال ۋۇجۇدىدىكى غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك تورىنى ئىككىلىنىش، ئەنسىزلىك ئىگىلىۋالدى. قۇشقاچنى تۇتىمەن دەپ، كەپتەرنى ھۈركۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئارقىسىغا ياندى. ئاياغقا كېتەرلىك پۇلنى ئايرىپ ئالغاندىن كېيىن، قالغىنىنى ئاۋايلاپ ئۆز جايىغا قويۇپ قويدى.

ئۇ ئەمدىلا ئىشىكتىن چىقىپ كوچىدو قمۇشىغا كەلگەنىدى، يىراقتىن ئايالىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۈگۈن ئۇنىڭ دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، چىرايلىق ئەتلەس كۆينىكىنى كىيىۋالغان بولۇپ، قولىدا بىر جۈپ يېڭى ئاياغ تۇراتتى.

— قەييۇم، سىزگە يېڭى ئاياغ سېتىۋالدىم، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — قاراڭ ناھايىتى سۈپەتلىك، قانداق يارامدۇ؟

بۇ قەييۇم سېتىۋالماقچى بولغان ئاياغنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىپ قالغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن قەييۇم ئاياغنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەنسىز يۈزلىرىگە قىزىللىق تاراپ، ئېگىز قاڭشىرىدا تەر تامچىسى پەيدا بولدى.

— يارايدىكەن، — دېدى ئۇ ئاياغنى كۆرگەن بولۇپ، — مەنمۇ شۇنداق ئاياغدىن بىرنى سېتىۋالماقچى ئىدىم.

— يەنە سىزگە پايپاقمۇ سېتىۋالدىم.

ئايىشەم ناھايىتى سۆيۈملۈك ئىدى. ساددە كۆزلىرىنىڭ تېگىدىن ئېرىگە بولغان كۆيۈنۈش بۇلاق كۆزىدەك ئېتىلىپ تۇراتتى. ئۇ قولسومكىسىنىڭ سىرتتىمىسىنى شارتتىدە ئېچىپ، بىر رەلڭ يىپەك پايپاقنى چىقاردى.

— بۇ ئايىغىڭىزغا تازا باب كېلىدۇ، چىرايلىق، كېيىپ بېقىڭ.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. ئايىشەم ئېرى يېشىنىپ يېڭى ئاياغنى كەيگىچە قاراپ تۇردى.

— ياراشتى، سودىمىز دەل جايىدا بوپتۇ، — دېدى ئۇ خۇشاللىنىپ ۋە سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى — دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — قەييۇم، مەن سىزگە ئېيتسام، ئېنىم ئوقۇش تۈگىتىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ، ئاپامنىڭ پۇل ئەۋەتمەسلىك ھەققىدە خەت يازغىنى نەۋاخ، بىراق مەن سىزگە ئىشەنچ قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ ئەتەي يالغان سۆزلەپ قويغانىدىم. مەن ئەمدى سىزگە ئىشەنچ باغلىدىم. ئاخشامقى سۆزلىرىڭىز مېنى ھەقىقەتەن قايىل قىلدى، يۈرىكىمنى چىرماپ تۇرغان قايغۇلارمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، قاراڭ، شىم — كاستيۇمىڭىز كونىراپ قاپتۇ، بۇ ئايدا ئىككىمىزنىڭ مائاشىنى قوشۇپ سىزگە يېڭى كىيىم سېتىۋالايلى.

قەييۇم قىزىرىپ كەتتى، ۋۇجۇدىنى پۇشايمان تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى. ئۇ كۆز ئالدىدا غىل — پال پەيدا بولۇپ تۇرغان ئاخشامقى مەنزىرىدىن ئەر — ئايال ئىككى دوستىنىڭ باشلىغان ئۇزۇن سەپىرى ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت، پىداكارانە كۆيۈنۈش روھىغا بەكمۇ مۇھتاج ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلسا بۇ ئۇزۇن سەپەرنى يىراققا داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلماقتا ئىدى.

شۇڭا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايالىغا بىلىندۈرمەي ئايرىپ ئالغان پۇلىنى ئۆز جايىغا قويۇپ قويدى — دە، ئىدارىسىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئىدارىغا كەلگەندە، پىركازچىلىك تېخى قايتىپ كەتمىگەن. قەييۇمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يول تەرەپكە قاراپ تۇرغانىدى.

— يولداش كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ خىجىل بولغانىدەك قىلىپ، — ئەمدى سىلەرنىڭ ئايىغىڭلارنى سېتىۋالمايدىغان بولدۇم. چۈنكى ئايالىم قوشۇلمىدى.

سەلەي قاسىم

# كەچۈرمىنى، ئايپاشا

(ھېكايە)

— ۋاي خېنىم بالام!... جېنىم بالام ئايپاشا...

ئارا تام قوشنىمىز ھەمراخان ئاچامنىڭ ئەنسىز نالە ـ پەريادىنى ئاڭلاپ، ئىچىۋاتقان چېيىمنى قويۇپ چىقتىم، ئايپاشا سۇپىدا دالىيىپ ياتىدۇ، قولىدا مىجىقلانغان خەت.

— ھاشىمجان بالام، قارىمامىلا، بىر چىرايلىق چۈشلۈك قىلىپ كەلگەن ئايپاشا ئەشۇ خەتنى ئوقۇۋېتىپ دارائگىدا كەينىگە ئۆچۈپ كەتتى. ئوقۇپ باقسىلا بالام، يىلان ـ چايانىڭ زەھرىمىدۇ؟ بۆرە ـ قاۋانىڭ قەھرىمىدۇ؟ ۋاي ئىسىت بالام!...

چۆچۈپ كەتتىم، ئايپاشا بىرلا تولغىنىۋىدى، ئىككى چاۋغىيىدىن سىرغىپ قان ئېقىشقا باشلىدى. ھەمراخان ئاچامنىڭ ئاۋازى ئۆينى كۆتۈرۈۋەتتى. خولۇم ـ قوشنىلار گۇررىدە كىرىشتى، بولمىدى. يۈگرەپ چوڭ يولغا چىقىپ، بىر سايىۋەنلىك ھارۋىنى توختاتتىم. ئايپاشانى قول ـ قول كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ئېلىپ چىقتۇق. ھارۋىغا سېلىنغان قېلىن كۆرپىگە ئاۋايلاپ ئولتۇرغۇزۇپ، قوش ياستۇقنى سەل ئالدىغا سۈرۈپ يېرىم ئۆرە ياتقۇزدۇق. ھەمراخان ئاچام تەتىللا يوتقانىنى تۈجۈپىلەپ يېپىپ، ھارۋىغا چىقتى. ئايپاشاغا يانىمۇ ـ يان ئولتۇرۇپ تۆكۈلۈپ تۇرۇپ يىغلاپ. ئامراق قىزىنىڭ ئىككى چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى. ھارۋا مېڭىشىغا:

— ھاشىمجان بالام، ـ دېدى ھەمراخان ئاچام ماڭا يېلىنىپ قاراپ، ـ سىلىمۇ چىققىلا. دوختۇرخانىدا ئۇ ئىشىكتىن بۇ ئىشىككە بارىدىغان گەپ... خېنىم بالام، جېنىم بالام!... كۆزى يامانىنىڭ كۆزى تەگدىمۇ، سۆزى يامانىنىڭ سۆزى تەگدىمۇ؟...

ۋېلىسىپىتنى مىنىدىم ـ دە، ھارۋىنىڭ كەينىدىن چاپتىم. ئايپاشانىڭ دادىسى مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ھايات ۋاقتىدىن تارتىپ بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ قوشنىدارچىلىقى مانا مۇشۇنداق يېقىن، ئۇ ئۆيدە ھېيت بولسا، بۇ ئۆيدىمۇ... ئۇ ئۆيدە مۇسىبەت بولسا بۇ ئۆيدە ھازا...

تەلىيىمىزگە، دوختۇرخانىغا كىرىشىمىزگە بىر تونۇش دوختۇر ئۇچرىدى. ئەھۋالنى دېدىم. ئايپاشانى كۆتە ـ كۆتە قىلىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردۇق. ئېگىزرەك، تار، بىر بېشى پەس، بىر بېشى ئۇزۇن كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئۇزۇن تەكشۈردى.

— ھېچقىسى يوق، ـ دېدى دوختۇر قەددىنى رۇسلاپ، ـ تولىمۇ جىددىيلىشىپ، ھاردۇق يەتكەن چېغى... بىر نەرسىگە ئىچى ئېچىشىپ كالپۇكىنىڭ ئىچىنى چىشلىۋاپتۇ. ئەنسىرىمەڭلار... ھېلىلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ...

سېستىرالار ئايپاشانى كېسەللەر دار بۆلىمىگە ئېلىپ چىقتى. دوختۇرلۇق ئىلمىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە، دوختۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق پە-

زىلىتىگە ھەشقاللا... ئاۋۋال جىسمانىي كېسەللىنى ئەمەس، ئۇ كېسەللىنىڭ يىلتىزى بولغان روھىي كېسەللەرنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىپ، يۈرىكىنى جايىغا چۈشۈرۈپ ئۈمىد، ئىشەنچ، شېرىن تىلەككە ئېرىشتۈرىدىكەن، بولمىسا ...

دوختۇر رېتسېپ يېزىپ بىر سېستىراغا بەردى، بىرلا ئوكۇل بىلەن ئايپاشا كۆزىنى ئاچتى، ئۆرە بولدى. ئۆي ئىچىگە، بىزگە ئالاق-جالاق قارىدى. «بالام!» دەپ ئانىسى باغرىنى ئاچتى. ئىككىسى بىر جان بىر تەن بولۇپ كەتتى. «يىغا كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئالىدۇ. قېنىشىۋالسۇن، دەيدىغىنىنى دېيىشىۋالسۇن» دەپ ئويلاپ سىرتقا چىقتىم. زېھنىم ئېچىلدى، پىكىرىم چېچىلدى، خىيالىم يىراق-يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى.

ئايپاشا بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپكە بىللە بېرىپ بىللە كېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇپ، ئۈرۈمچىگە بىر مەكتەپكە بىللە ئوقۇشقا باردۇق. ئايپاشانىڭ دادىسى كادىر بولغاچ، ئۇ، شوخ زېرەك، سۆزمەن، ئەركىن-ئازادە، ئوچۇق-يورۇق ئىدى. ھېچكىمدىن ئەيمەنمەس، تارتىنىش دېگەننى بىلمەيتتى. مېنىڭ دادام باققال بولغاچ مەن كەمسۆز، ئۆزەمنىڭ ئىشىغا پىششىق ئىدىم.

مۇھەببەت پىنھان بولغىنى بىلەن ھەممە كۆڭۈلدە مېھمان بولىدۇ، دېگەندەك، مېنىڭمۇ بىچارە كۆڭلۈمگە مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقى چېچىلغىنى نىكەم ئىدى. ئايپاشانىڭ چىرايلىق ھۆسنى-جامالى،ماڭسام-تۇرسام كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيتتى. ئايپاشا مەندىن بۇرۇن دانىسا ئۆگەندى بولالمىدىم. خەت يازدىم. خېتىمنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق بېيىت يازدىم:

«مەن قارىسام كۆلىسەن،
شېرىن خىيال سۈرىسەن.
مەن ئىشقىڭدا پەرۋانە،
سەن كىم بىلەن يۈرىسەن؟

ۋە بەزىبىر گەپ كەلدى،
ماڭا ئېغىر دەرد كەلدى.
ئىچ-ئىچىمگە ئوت كەتتى،
ھېسابى يوق خەپ كەلدى.

ئارقاڭدىن قاراپ قالدىم،
تۈيدۈرماي ماراپ ماڭدىم.
ئۆزەممۇ ھېچ بىلمەيمەن
مەن قانداق چىداپ قالدىم؟

بىرسېنى دەپ، سېنى دەپ،
ئويلاپ چېك تىنالمايمەن.
راست گېپىڭنى بەر ئەمدى،
مەن ئارتۇق چىدالمايمەن.»

شۇ كۈنىلا ئايپاشا قولۇمغا كىچىككىنە بىر باغاقچىنى تۇتقازدى: «مەن ئۈرۈمچىگە ئەر تاللىغىلى ئەمەس، ئوقۇشقا كەلگەن، سىزچۇ؟...»

يۈرىكىمگە يوغان بىر پارچە مۇز جاققىدا تەگدى، كۆڭلۈم لەككىدە بولدى، ۋۇجۇدۇم يىگانە ياپراقتەك تىترىدى، ئىچىمگە تېنىپ قالدىم. ئېگىز تاغدىن غۇلاپ چۈشتۇم، تەختى ئەسراغا كىرىپ كەتتىم، ئاسمان يەر، يەر ئاسمان بولدى. ئالەم گۇرۇستان، لېۋىمنى قاتتىق چىشلىدىم، مۇشتۇمۇمنى چىڭ تۈگدۈم. تامغا بىر مۇشتلىدۇم، ئايپاشا كەتتى، كەتتى... كەتتى...

بالىلار قولۇمدىكى قانىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تاڭدۇرۇشتى.

« ... سىزچۇ؟ » ... «... مەنچۇ!؟...» بۇ ئىككى سوئال مېنى قىيىندى. كېسەل قىلدى، ئارام بەرمىدى. ئويلا ـ ئويلا خېلى كۈنلەردىن كېيىن ھوشۇمغا كەلدىم.

ئوقۇشمۇ پۈتتى، قايتىپمۇ كەلدۇق، ئايپاشاغا گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدىم. «سىزچۇ؟» «مەنچۇ؟» كېيىنچە ئايپاشا ئېرىنگەندەكمۇ بولدى. مەنچۇ؟... جۈرئەت قىلالمىدىم. ئەسلىدە ئىككىمىزنىڭ ھەق ـ نېسىۋىسى بىر ئەمەس ئىكەن، ئايپاشا سودا ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بىرسى بىلەن توي قىلدى. مەن ھازىرقى ئايالىم گۈل جەننەت بىلەن...

بىراق... بىلمىدىم... تۈنجى مۇھەببەت باشقىچە بولىدىكەن... يىللار ئۆتۈپ ئادەم قېرىسىمۇ ئۆچمەيدىكەن، يا باشقىغا كۆچمەيدىكەن، قۇياش پېتىپ كۈن چىقسا تال چىۋىقتەك كۆكلەيدىكەن، ساۋاقداشلىق، قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق، ئۆزئارا ھۆرمەت، ئىشەنچ، مېھرىبانلىق ھاياتنىڭ لەززىتى ئەمەسمۇ؟...

ئايپاشانىڭ يولدىشى ئابدۇللا خېلى جىننى تۈزۈك بىر نېمە بولىدىغان، يېقىندىلا قولغا ئېلىنغان، ئايپاشاغا يازغان خېتىدە نېمە دېگەن بولغىيدى؟...

ئايپاشانىڭ يېنىغا كىردىم. ئىككى مەڭزى قىزىرىپ، تال ـ تال تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرى زەڭگەر كۆزىگە سايە تاشلاپ، چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

ئايپاشا ئاپئاق، ئوماق، چىرايلىق قولى بىلەن چېكە چاچلىرىنى كەينىگە قىلىپ ۋىللىدە قىزاردى، دېدى:

— مەڭ! سىزمۇ ئوقۇپ چىقىڭ، كىچىككىنە سەۋرى خاتالىق، ئادەمگە قانچىلىك يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى سىزمۇ بىلىپ قېلىڭ!

ئىككىلەندىم، تىنەپ تىترەپ تۇرۇپ قالدىم، نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم.

ئايپاشا يېلىندى:

— مېنىڭ بۇ خەتنى قايتا كۆرەرگە كۆزۈم يوق، ئۆتتۈنۈپ قالاي، بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىڭ، بۇ يەردە ئەمەس، خالى يەردە... ئۆزىڭىز تەنھا... ئۇھ!...

خوشلاشتىم، يول بويى نەچچە قېتىم قولۇمنى يانچۇقۇمغا سېلىپ خەتنى تۇتۇپ باقتىم. ۋېلىسىپىتنى شۇنچە تەپسەممۇ بىر ئورۇندا پىقىرىغاندەك بىلىندى، ماشىنىلار ھارغاندەك، ئادەملەر ماس بولۇپ قالغاندەك، دەل ـ دەرەخلەر سەۋدايىدەك بىلىندى.

ئىشخانىغا كىردىم ـ دە، ئىشىكنى كۈپپىدە ئېتىپ، كۆزئەينىكىمنى تاقاپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

«ئايپاشا، مەن ساڭا بۇ خەتنى پەيلۇدىن يېزىۋاتىمەن، بەلكىم بۇ خەت، مېنىڭ ساڭا يازغان ئەڭ ئاخىرقى خېتىم بولۇپ قالار، مېنى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئاتىدىغان بولۇشتى ... »

يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ كەتتى. ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ھەر قىسما گەپلەر چىقىدىكەن ـ ھە!؟ ...

«مېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمنى باشقا ھېچكىشىدىن كۆرمەيمەن. ئۆزەمدىنلا كۆرۈمەن، پەقەت ئۆزەمدىنلا... ئىككىمىزنى كىشىلەر «ئاللا قوشقان قوشماقلار» دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ، ئىككىمىز تولىمۇ ئامراقلاردىن ئىدۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىز، بىر يەكشەنبە كۈنى خەلق باغچىسىنىڭ ئالدىدا ئىككى لۈكچەك ئالدىڭىزنى توسۇۋاپتۇ.

ــ نەدە ئوقۇيسىز؟ ئەجەب باغچىغا يالـ
غۇز كىردىڭىز؟ ... ئۆيىڭىز نەدە؟ ـ دېيىشىپ
بەزدەك قارىشىۋاتىدۇ.

ــ ھە، نېمە قىلاي دېيىشىسەن؟ـ دېـدىم
كۆكسۈمنى كېرىپ، قۇيرۇقىنى قىسىشتى. مېنى
كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدىك، مەنچۇ؟... سـامادا
سەيلە قىلدىم، ئارزۇ- ئارمانلىرىم قۇياشقا
مېنگىشىپ ئاينى قۇچاقلىدى. ئىككىمىز ھېيت-
گاھقىچە بىللە كەلدۇق، مېنى ئۆيۈڭگـە تەكـ
لىپ قىلدىڭ، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم جانان
كوچىسىغاــسېنىڭ ئۆيۈڭگە كىردىم، تاختاشو-
تىغا ئاۋايلاپ دەسسەپ مەنزەر ئۆيگەــسېنىڭ
خاس ھوجراڭغا چىقتىم. تاكچىدىكـى، شىـرە
ئۈستىدىكى رەت- رەت، دەستە- دەستە كىتابـ
لىرىڭغا قاراپ ھەۋىسىم كەلدى. قـايسى كىـ
تابنى قولۇمغا ئالسام، شۇ كىتاب ھـەققـىدە
سۆزلەپ ئەقلىمنى لال قىلدىڭ. سەندىن بىـر
كىتابنى ئارىيەتكە ئالدىم، ئۆمرۈمدە تۇنجى
قېتـىم رومـان ئـوقـۇشـۇم شـۇ بـولـدى.
شۇنىڭدىن بېرى كىتاب خۇمار بـولـۇپ قالـ
دىم. ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم بېرىپ
سەندىن كىتاب ئارىيەت ئالىدىغان بولدۇم.

كېيىن سەن ئۈرۈمچىگە كەتتىڭ، مەن ئاـ
تا- ئانام قېرى ھەم كېسەل بولغـاچ سودا
ئىدارىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم، بەش يىلـ
دىن كېيىن خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن پەرـ
زاتـتـەك قـەشـقـەردە پـەيـدا بـولـدۇڭ.
كۆزۈمنىڭ يېغىنى يېدىڭ. باشتا تـەلىپىمنى
رەت قىلدىڭ، ئىككى يىلدەك ساقلىدىم. كېـ
يىن ماقۇل دېدىڭ. توي قىلدۇق، بـەختلىك
بولدۇم. ئاردىن ئون يىل ئۆتتى. خۇدايىم
بىزگە بالا يۈزى كۆرسەتمىدى. كۆپ داۋالانـ
دۇق، بولمىدى. بېيجىڭ، شاڭخەي، چەڭداۋ ـ
لارغا ئېلىپ بېرىپ داۋالاتتىم، بولمىدى. تەقـ
دىرگە تەن بەردىم. سەنچۇ؟ تولىمۇ ئازابلانـ
دىڭ. بىر كۈنى ساڭا «ئاپپاشا ماڭا قارا،
ماڭا بالا ئەمەس، سېنىڭ سالامەتلىكىڭ كېـ
رەك، سەمىمى مۇھەببىتىڭ كېرەك» دېـدىم .
سەن يىغلاپ تاشلىدىڭ. تۇرمۇشىمىز كۆڭۈلـ
لۈك ئىدى، تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. ياقام كىر
بولمايتتى، ئۈستى ـ بېشىمغا چاڭ قونمايتتى.
ئەتىگەندە ئىشقا ماڭىدىغان چاغدا كىيىملىـ
رىمنى تۈزەشتۈرۈپ، قىچقىم كېلىدىغانلىقىـ
نى بىلىپ تۇرۇپ، كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىنى
قەستەن ئۈزۈۋېلىپ ئېتەتتىڭ. كۈلەتتىم، كۈلەتـ
تىڭ. كۈلۈپ سەكرەپ كېتەتتىم، كۈلۈپ يىقىـ
لىپ كېتەتتىڭ. كەچتە ئىشتىن كەلسەم كۈلۈپ
ئالدىمغا چىقاتتىڭ. سېنىڭ دەملىگەن چېيىڭـ
نى ئىچسەم ـ ئىچسەم قانمايتتىم. خۇمادايتتىم.
تاماققا كەلگەندە قولۇڭ گۈل ئىدى. بـەزى
كۈنلىرى ئادىمى شەيتانلارغا يولۇقۇپ ئىچىپ،
تەڭشىلىپ كەلسەم، چىرايىڭنى قىلچە ئۆزگەرتـ
مەي كۆرپەمنى قېلىن سېلىپ، ياستۇقنى ئېگىز
قويۇپ، چاينى قېنىق دەملەپ، ئۆز قولۇڭ بىـ
لەن قويۇپ بېرىپ، توخۇنى تاخ، مـۇشـۈكنى
پەش دېگىچە ئاچچىق ـ چۈچۈك ئۈگرە ئېتىپ
بېرەتتىڭ، كىيىملىرىمنى تازىلايتتىڭ.

ئەپسۇسكى، مىڭ بىر ئەپسۇسكى، تۇمەنـ
مىڭ ئەپسۇسكى، مېنى شەيتان ئازدۇردى. كۆـ
ڭۈلنىڭ كەينىگە كىردىم. ئەقلىمدىن ئازدىم.
دىلىمدىن ئىمان، كۆڭلۈمدىن ئىنساپ كۆتۈـ
رۈلدى. بىر گۇمان كۆكسۈمنى قۇرۇتتەكغاجىـ
لىدى. ئۇ، قايسى گۇمان دېمەمسەن؟ ‹ئاپپاشا
مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ماڭا شۇنچە كۆيۈـ
نىدۇ، ئەقىدە قىلىدۇ. لېكىن ئارىمىزدا بـالا
يوق. ئۇنىڭ ماڭا بولغان كۆڭلى راستىمدۇ ـيالـ
غانمىدۇ؟...› مانا مۇشۇ گۇمان. ئىشىكتىن كۈـ
لۈپ كىرسەڭمۇ گۇمانلاندىم، چىقسائىمۇ گۇمانـ
لاندىم، ئىشقا سەل بۇرۇن ماڭساڭمۇ گۇمانـ
لاندىم. ئىشتىن سەل كېيىنرەك كەلسەڭمۇ گۇـ

مانلانددىم. ئۆزەڭنى تۇزەشتۇرۇپكىيىملىرىڭـ
نى رەتلىك، پاكىز كىيىپ، كوچىغا چىقسالڭ قىـ
زىق ياغقا چۈشكەن پىيازدەك كۆيدۇم، تىرىك
تۇرۇپ ئۆلدۇم. بۇغنۇقتۇم، ئىچ ـ ئىچىمگە
زەرداپ تولدى. كۆلسەڭ يىغلىددىم، يىغلىساڭ
كۈلدۇم. سىنى مارىددىم. قەستەن ئا بىر كىچىـ
دە كىلىپ ئىشىكنى قاقماي تامدىن سەكرەپ
چۈشتۇم. بەزىدە سەندىن بۇرۇن ئىشقا مىڭىپ،
بۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ ماڭار يولۇڭدا خۇپىـ
يانە يەردە تۇرۇپ سىنى كۈزەتتىم. سەن تو-
لىمۇ تۈز، كۆڭۈلچەك، سەمىمى ئىدىڭ، ئاسانـ
لا ھىسسىياتقا بىرىلەتتىڭ. كىنو، تىـياتىر
كۆرۈۋىتىپ، تىلىۋىزور كۆرۈۋىتىپ ئۆزۈڭچە
يىغلاپ كىتەتتىڭ. مەنچۇ، مەن ئوتتا پۇچۇ ـ
لىنا تتىم. بىرسى ھال ئېيتسا تەڭ يىغلايتتىڭ.

بىر كۈنى كەينىڭدىن ئوغرىمۇشۇكتەك ماـ
رىلاپ ئارىيىادا كىتىۋىتىپ، بىر دەللە خو-
تۇن بىلەن دوقارىشىپ قالدىم.

— ئۇكام ماڭا قارا،— دىدى ئاۋازىـنى
پەس سىرلىق قىلىپكۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ،ـ
مۇنداق قارىسام، ئاشۇ چوكانغا كۆڭلۈڭ چۈشۈپ
قاپتۇ ھە!؟... يىقىندىن بىرى تىمىسقىلاپ ئارـ
قىسىدىن ئەگىشىپلا يۈرگىنىڭ يۈرگەن. تـولا
سەتەڭ چوكان جۇمۇ! تولا سەتەڭ چوكان. كۆـ
زۈڭ مال تونۇيدىكەن سىنىڭ، مال تونۇيدىـ
كەن، ھىخ...خىخ... خىخ !... تازا تىـرنىقىڭدا
توختايدىغان مال دىگىنە... يىقىندا بـىرسى
يۈز يۈەن بىرەي شۇ چوكاننى بىر قولغا كەلـ
تۈرۈپ بەرگىن دىگەنىدى. ئېيىنى كەلتۈرەلـ
مەي يۈرسەم سەنمۇ تونۇۋاپسەن ئۇنى!... نىمە
تاتىرىسەن؟ يىگىت بولساڭچۇ، يىگىتتەك بول.
ئاسمانىدىكى ئاينى ئالىمەن دىسەڭمۇ ئـۈزۈپ
ئالالايسەن. جاجىسى پۇل... ئوغۇل بالا دىگەن
پۇلنى نىمە دەپ تاپىدۇ؟ كۆڭلىنى خۇش قىـ
لىش ئۈچۈن. خوراز جىنىدا بىر تال دانتاپـ
سا مىكىيانىنى چاقىرىدۇ... ئەر كىشىنىڭ كۆڭـ
لى تالادا، خوتۇن كىشىنىڭ كۆڭلى نەخمەـناـ
ۋادا ... ھە بىلەمسەن؟ خوتۇن دىگەن كۈندە...
ئاشىنا دىگەن گۈلدە... گۈل...گۈل، قانداق ئويـ
نامسەن؟ ...

دەللە خوتۇن ئورۇق، ئاۋاق، ياغاچتەك
قاتتىق جەينىكى بىلەن بىقىنىمغا نوقۇدى. قاـ
را قىشتا مۇز يىگەندەك لاغىلداپ تىـتىرەپ
كەتتىم.

كەچتە ئۆيگە تولىمۇ خامۇش كىرىپ كەلـ
دىم. مىنى كۆرۈپلا چىرايىڭ ئۆڭىدى. ئۆزۈڭنى
قويىدىغان يەر تاپالماي ئالدىراپ قالدىڭ.
ئۇنى ئېيتىپ بىرەي، بۇنى ئېيتىپ بىرەي دىدىڭ.
بىشىمنى چايقىددىم. دىلىم ھىچنىمىنى تارتـ
مىدى. سەنمۇ ئاچ، مەنمۇ ئاچ ئۇن ـ تـۈنسىز
ئولتۇرۇپ يىرىم كىچە قىلدۇق. ئىككىمىز توي
قىلغاندىن بىرى تۇنجى قېتىم كەچتە مورىمىزـ
دىن تۈتۈن چىقمىغان كۈن بولدى.

بىر نەچچە كۈندىن كىيىن، دەللە خـوتۇن
بىلەن يەنە ئارىيادا ئۇچرىشىپ قـالدىم.
مەندىن يىقىن تۇغقانلىرىدىن ھال ئـەھـۋال
سورىغاندەك، ھال ـ ئەھۋال سوراۋىتىپ تۇـ
يۇقسىز بىرسىگە ھىجىيىپ ئېگىشىپ تازىم قىلـ
دى. قارىسام پاكار، دوغىلاق، گـازىر كـۆز،
يوغان قورساق، بۇقا بويۇن، قوش ئىڭەك، دورـ
داي كالپۇك، چاناق بۇرۇن، ئىككى قوۋزىدىن
پىشانىسى بىر ھەسسە دىگىدەك تار بىرسى يەرـ
نى ئەيلەپ دەسسەپ، پۇشۇلداپ ئۆتۈپكەتتى.

— شۇ ... ئاشۇ شۇ!...—دىدى دەللە خوتۇن
ھەم قولى ھەم بىشى بىلەن ئارقىسىدىن ئۇنى
كۆرسىتىپ،— سەن كۆز سىلىپ يۈرگەن چوكانغا
گەپ قىلىپ باقساڭ دىگەن شۇ...

يۈرىكىمسالدى، دىمىمسىقىلدى، پۇت ـ قوـ
لۇمدا جان قالمىدى، لەسسىدە بوشىشىپ كەتتىم،
كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى، ئۆرە تۇرار ھالىم يوق،
دەللە خوتۇن يەنە يارام ئۈستىگە تۇز سەپتى.

— نىمە بـولـدى سـاڭـا ئۇكام؟ نىمانـ
چە تاتىرىپ كىتىسەن؟ ساڭىمۇ يەنە بىرسەـ
تەڭ بار. شۇنى تونۇشتۇرۇپ قويايبولامدۇ؟!
ئوھۇش قويە شۇنداق چوكاننى. كۈندۈزى قورـ
قۇپ تىنىڭ قارىيالمايدىغان، كىچىسى ھىيىقىپ
ئۇنىنى چىقىرالمايدىغان ئۇنداق ياغاچقوچاق
خانىمچاققا نىمانچە قىلىدىغانسەن؟ مەن ساڭا
دىگەن ھىلىقى سەتەڭچۇ، ئۇتۇپ بولغىچە بۇلـ

بۇلدەك سايراپ بېرىدۇ دېگىنە، سايراپ بېرىدۇ. سايراپ… كەتتىڭيا؟… دىتىڭغا ياقمىدىما؟ كۆرۈپ باقساڭ بولاتتى…

ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆيىمىزدە بوران ئۇچتى.

ھېلىقى بۇقا بويۇننىڭ ئېتى بىر نېمە مەخسۇم ئىكەن. ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ قالدىم. ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇنى ئۇرماي، تىللىماي، ئۆمۈر بويى ۋىجدان ئازابىغا قويۇش نىيىتىگە كەلدىم. ئەپچىل چارە ئىزدەپ يۈردۈم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىنوخانىنىڭ ئالدىدا تۇرسام، مەخسۇم ئايالى بىلەن كىنوغا چىقىپتۇ. ئۆزىگە باقسا ئايىلى خېلى تۈزۈك، زىلۋا، قارا قۇمچاق بىر نېمە ئىكەن. ئىچىمگە بىر جىن كىردى. بېلەت ئېلىپ، بىرنى ئېلىپ كەينىدىنلا كىنوغا كىردىم. كارىدوردىن زالغا كىرىشتە بىلمىگەن بولۇپ ئايالىنى كاسام بىلەن ئىتتىرسەم قايرىلىپ قارىدى، كۈلدى، قولىنى تۇتتۇم، قولىنى ئېلىپ قاچمىدى، كۆڭلۈم تىندى. ئۇلار جايىدا ئولتۇرۇشتى. يىراقتىن كۆز تىكىپ تۇردۇم، كىنو باشلىنىش بىلەن سىرتقا چىقىشنى قول، كۆزۈم بىلەن ئىشارەت قىلدىم، بېشىنى لىڭشىتتى، دېگەندەك كىنو باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي چىقتى. سۆزلەشتىم. «ئەتە كەچتە ئۇنىڭ يىغىنى بار، سىزنى چاسىداكۈتىمەن» دېدى، ماقۇل دېدىم.

باردىم، مېنى كۆرۈپلا بىر نىمە دېمەستىن قايرىلىپلا ئارقىسىغا ماڭدى. مەنمۇ ماڭدىم، بىر كوچىغا كىردىم، قايرىلدىم، يەنە ئۇدۇل ماڭدىم. قايرىلدىم، بىر خالتا كوچىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ھويلىغا دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئىتتىرىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى: كىردىم، مايمۇندەكلا بوينۇمغا ئېسىلدى.

— قورقماڭ، نېمە تىترەيسىز، بالىلارنىڭ ھەممىسى سەھراغا چىقىپ كەتتى. ھېلىقى (ئېرىنى دېمەكچى) يىغىنغا كەتتى، يۈرۈڭ، -دېدى، قولۇمدىن يېتىلەپ چوغدەك گىلەم سېلىنغان بىر ئۆيگە باشلىدى. ئەندى يېتىپ پىچىرلىشىۋاتساق، دەرۋازىنىڭ ھالقىسى جاڭ-جاڭ ئۇرۇلدى، ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ،

— كىم؟ - دېگەنىدى.

— خەلچەم! -دېدى بىرسى بوغۇق ئاۋازدا.

— ۋېيەي ئەمدى قانداق قىلىمەن، قوپسىلا كىيىملىرىنى كەيسىلە، ھېلىقى سەتكەپتۇ، يىغىنى ئېچىلمىغان ئوخشايدۇ، ۋاي خۇدايىم، نېمە پوق يېگەن بولغىيدىم، بولسىلا، ماۋۇ دېرىزىدىن چىقىپ كەتسىلە… ئوڭ تەرەپكە ئازراقلا ماڭسىلا بىر تام بار، ئارتىلىپلا چۈشسىلە كوچا… چاپسان بولسىلا…

مەن شۇ چاغ دېرىزىگە ئۆزەمنى ئېتىشىمغا پۇتۇمنىڭ ئاستىدا بىر نېمە «ۋار»لا قىلىپ قالدى، چىقىپ كەتتىم، تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپلا يۈندە ئورنىگە چۈشۈپ كەتتىم، مەخسۇمنىڭ ئۆيىدە قىيامەت قەييۇم بولدى. ئاللا كاللا… ئۆزىنى كاچاتلاش، يىغا-زارە…

مېنى نەس باستى، دېرىزىدىن قاچىمەن دەپ، مەخسۇمنىڭ ئەتىۋاركەنجىسىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىمەن. ئۆزەڭمۇ بىلىسەن، سەھەردە مېنى ساقچىلار كېلىپ ئېلىپ كېتىشتى. لېكىن مەن سېنى مەسلىكتە ئورەككە يىقىلىپ چۈشتۇم، دەپ ئالدىغانىدىم. تاڭ ئاتقىچە كىيىملىرىمنى تازىلاپ، بېشىمدا پاي - پېتەك بولغانىدىڭ. مېنى كەچۈر، ئايپاشا… مەندەك ۋاپاسىز، ئەقىلسىز نامەرتنى مەڭگۈ ئۇنۇت.

ئەقىلسىز ئابدۇللا»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتىم، بىچارە ئايپاشاغا ئىچىم ئاغرىدى. بۇ خەت ھەققىدە ھېچكىمگە تىنماسلىققا ئىچىمدە ۋەدە قىلدىم، لېكىن خەتنى ئايپاشاغا بەرگىچە ئۇستىخان-ئۇستىخىنىم لەسسىدە بوشاپ كەتتى.

ئابلىمىت باتۇر

# دوستۇمنىڭ سۈرەتلىرى



(ھېكايە)

ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇراتتىم، تۇساتـ
تىن ئىشىك جالاق - جۇلۇق ئېچىلىپ، قول
سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان دوسـ
تۇم ئەركىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ماڭا گويا مېـ
نىڭ بىرەر مەخپىيەتلىكىمنى سېزىۋالغانۋەشۇ
سەۋەبلىك، مېنى مەسخىرە قىلماقچى بولۇـ
ۋاتقاندەك غەلىتە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن:
«ھە، كىرىپ قاپسەنغۇ؟» دېمەكچى بولۇپ ئېغـ
زىمنى ئۆمەللىشىمگە، ئۇ بىردىنلا قاھـ قاھلاپ
كۈلۈپ كەتتى. ئارقىدىن قولتۇقىدىكى سومكىنى
شىرەگە قويۇپ، ئۇنىڭدىن بىر مۇنچە سۈرەتـ
لەرنى ئالدى. ئىككى چەينەكنى شىرەگە تىـ
رەپ، ئات يۈزىگە باشقىدىن كۈلكە يۈگۈرتتى.

— بىلىمەن،- دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ،ـ
سەن خېلى ئوقۇمۇشلۇق بىر زىيالى بولساڭمۇ،
لېكىن يېڭىلىقلارغا ئالدىراپ يېقىنلاشمايدىـ
غان ئادەم. شۇڭا خېلىدىن بۇيانقى «قىيا پەت
يارىتىش مەشق» ئەھۋالىمدىن سېنى خەۋەردار
قىلمىغانىدىم. لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن سەن
ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن زىيالىي. ھەر قانـ
داق ئىشنىڭ ياخشى - يامان تەرىپىگە تولۇق
پىكىر قىلالايسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىز
قەدىنازلاردىن... دوستۇم كۆزۈمنىڭ ئىچكـ

رىسىگە قاراپ ھېچ ئايدى. مەن ئۇنىڭغا سوئال نەزەرىدە قارىدىم. ئۇ قولياغلىقىنى چىقىرىپ، ياناق بۇرنى ئۈستىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى.

— سەن «نېمە گېپىڭ بار يەنە» دېمەكچى بولۇۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ — دوستۇم ھېلىقى سۈرەتلەرنى شىرەگە يېيىپ، دۈم بولۇپ قالغانلىرىنى ئوڭشاپ داۋام قىلدى، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى قىياپەت يارىتىش ئۈچۈن چۈشكەن بۇ سۈرەتلەرنى ساڭا كۆرسىتىپ، بۇ ھەقتىكى پىكرىڭنى ئاڭلاپ بېقىش. قېنى، بۇلارغا ئاددىي كۆزۈڭ بىلەن ئەمەس، تەپەككۇر كۆزۈڭ بىلەن ئەستايىدىل بىر قاراپ باقمىنا!؟

مەن بويۇنۇمنى سوزۇپ سۈرەتلەرگە قاراشقا باشلىدىم. بۇ سۈرەتلەر ئىچىدە ھېچبىرى، باش بارمىقى بىلەن ئاغزىدىكى بىر دانە ئالتۇن چىشىنى كۆرسىتىپ تۇرغان، ھاراق بوتۇلكىسىنى ئاغزىغا تەڭلەپ تۇرغان، بىر كۆزىنى قىسىپ تاماكا تۇتاشتۇرۇۋاتقان، ئېگىشىپ بېشىنى چاتىرقىدىن چىقىرىپ تۇرغان، دەرەخكە يامىشىۋاتقان، ئالا كۈچۈكنى ئەركىلىتىۋاتقان ۋە تىلىنى چىقىرىپ تۇرغان كۆرۈنۈشلەر بار ئىدى. دوستۇم بىلەن ئىككىمىز بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، شۇڭا ئۇنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇنىڭ كىچىك چاغلىرىدىمۇ قىلمايدىغان قىلىقلىرى يوق ئىدى، بىر قېتىم ئۆگزىدە تۇرۇپ «ئاغزىمغا يامغۇر چۈشۈرىمەن» دەپ، ئاسمانغا قاراپ مېڭىپ، يىقىلىپ چۈشۈپ، خېلى ئۇزۇندا ساقايغانىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەر ئىككىمىز چوڭ بولدۇق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ بىر سىنىپتا ئوقۇدۇق. «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەندەك، دوستۇمنىڭ شۇ قىلىقلىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇ، سەللا چىشىغا تېگىپ قويغان بالىلارنىڭ سومكىلىرىنى كىشى كۆرمەستە سىنىپ، ياتاقلارنىڭ ئۆگزىلىرىگە تاشلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئاۋارە جىلە قىلاتتى. بەزىدە مۇئەللىملەرنى مەسخىرىلىك دوراپ، «ئويۇن» كۆرسىتەتتى. ھاجەتخانا تاملىرىغا يېزىلىپ كەتكەن ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆز، سىزىلىپ كەتكەن ناچار رەسىملەرنىڭ ئاپتورى — يەنىلا مۇشۇ دوستۇم بولۇپ چىقاتتى.

دوستۇمنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىنى ئۇنىڭ مەرھۇم دادىسى ناسىر پىيەنچۈك يېتىشتۈرگەن. ئۇ رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا سۇ كادىرى ئىدى، مەس يۈرەتتى. دوستۇم 7—8 ياشقا كىرگەندە، دادىسى ئۇنى ئۆزىگە ئۇلپەت قىلىۋالدى. ئۇ، دوستۇمنىڭ ھاراقنى كۈندىن — كۈنگە جىق كۆتۈرىدىغان بولۇپ كەتكىنىنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ تىلغا ئالاتتى. ناۋادا دوستۇم بىر كىمنىڭ بالىسىنى ئۇرۇپ يىغلاتقان بولسا، دادىسىنىڭ كۆرۈكلىرى يېشىلىپ، باشقىلارغا:

— بىزنىڭ ئەركىن پالانىنىڭ بالىسىدىن ئىككى ياش كىچىك تۇرۇپ، ئۇنى بوغۇپ، راسا ساپتۇ، قالتىس جىگەرلىك ئادەم بولىدىدە بۇ! — دەپ ماختىناتتى. مۇبادا بىراۋ ئەركىنىنىڭ ئەسكىلىكلىرىدىن زارلىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان بولسا، ئۇ دەرھال مەس قىياپەتكە كىرىۋالاتتى — دە، چۆجە مارىدىغان سادەك ھەر تەرەپكە ئەگىپ، باش-ئايىغى يوق گەپلەرنى قىلىپ، كەلگۈچىنى زېرىكتۈرۈپ كەتكۈزۈۋېتەتتى.

بىر كۈنى ئەركىن ئاپىسى ۋە ئۇكىلىرى بىلەن چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنىلاپ كېتىپ قونۇپ قالغان كېچىلىكى، ناسىر پىيەنچۈك مەس بولۇپ قېلىپ، چىلەكتىكى سۇغا بېشىنى بىر تىققانچە كۆتۈرەلمەي، تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بۇ ئىش يۈز بېرىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، بىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردۇق. مەن دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، 1 — ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ سۇچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ كەلدىم. ئەركىن بولسا، دادىسىنىڭ ئورنىغا

AltunOq

ئورۇنلاشقانىكەن. تەقدىر بىزنى يەنە بىر ئىدارىدا ئۇچراشتۇردى. مانا شۇنىڭدىن بۇيان ئەركىن بىلەن بىللە ئىشلەپكېلىۋاتىمىز. ئۇ، ھېلىغىچە بۇرۇنقى ئادىتىنى تاشلىغىنى يوق، ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلدىم، ھېچىيىپلا تۇرغىنى تۇرغان. ئۇنىڭ بۇ مىجەزىدىن بىزار بولدۇم. ئەمما ئۇنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە خېلىلا ئالاھىدىلىكى بار، بۇنىڭغا مەن قايىل. ئەركىنىڭ ئارىلىشىدىغان ئادەملىرى تولا. قولى ئوچۇق، ئولتۇرۇش-قوپۇشلىرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن ئارىلاشمىسامۇ، لېكىن ئۆزى بىلەن كونا دوست ئىكەنلىكىمنى ھەرگىز ئىنكار قىلالمايمەن. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ئالاقەمنى ئالدىراپ ئۈزەلمەيمەن. بۈگۈنكى بۇ ئاجايىپ-غارايىپ كۆرۈنۈشتىكى سۈرەتلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقىپ، ئەركىنىڭ قالاشمىغان ئىشلىرىدىغا بىر تەرەپتىن كۈلگۈم كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئېچىنىمەن. مەن ئۇنىڭغا تەگكۈزۈپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي دەپ تۇراتتىم، ئىشىك چېكىلىپ قالدى. «كىرىڭ!» دېيىشىم بىلەن تەڭلا، دوستۇمنىڭ ئايالى - مېھرىبان كىرىپ كەلدى. ھېمىشقىدۇ، ئۇ، ئۆزىنىڭ شۇنچە ئەدەبلىك، تۈزۈتلۈك بولۇشىغا قارىماي، مېنىڭ بىلەنمۇ سالاملىشىپ قويماستىن، ئۇدۇل ئېرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ، خۇددى ئۇزاق يەردىن ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ كەلگەندەك تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان، گەپ - سۆز قىلغانلىرىدا قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، قاپ - قارا كۆزلىرىنى بىر قىسىپلا خۇمالاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مېھرى نەگىدۇ غايىپ بولغان، قاپىقىنىڭ ئىششىپ قىزىرىپ كەتكەنلىكى ۋە چىرايىدىكى ئارتۇقچە غەمكىنلىك — ئۇنىڭ قاتتىق خاپىلىق كۈچى بىلەن بۇ يەرگە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— سىز ،- دەپ يەنە بىر قەدەم ئىرىسكە يېقىنلاشتى ئۇ، - ئوكىمۇ ياكى ساراڭمۇ؟

دوستۇم ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشەنگەندەك قىلدى-يۇ، لېكىن مەندىن سەل **ئىزا** تارتىپ خوتۇنىغا ھەيۋە قىلىپ قويدى.

— نېمە دېمەكچىسەن، ھەر قانداق گېپىڭ بولسا ئۆيگە بارغاندا دېمەمسەن؟ قانداق ساراڭ نېمە بۇ...

— راست دېدىڭىز، سىز بىلەن ئۆي تۇتۇپ، بىر بالىغا ئانا بولغۇچە ھوشۇمنى تاپالمىغاندىكەن، ئەلۋەتتە مەن ساراڭ...

مەن گەپكە ئارىلاشتىم، قانداق گەپ بولسا، ئالدىرىماي چىرايلىقچە ئېيتىپ بېقىشنى ئۆتۈندۈم. مېھرىبان ئۆزىنى يىغىدىن ئاران-ئاران تۇتۇۋېلىپ، بوغۇلۇپ سۆزلىدى:

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پۇلنى ھەر قىسما ئىشلارغا بۇزۇپ چاچتى، ئۆينى ئويلاڭ دەپ تولا گەپ قىلىپ ئاغزىم ئۇپراپ كەتتى، ئۈزەلمەكتە يوق، يەنىلا ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرگىنى يۈرگەن. بايا بازارغا سەيگە چىقسام، كوچا دوقمۇشىدىكى ھېلىقى سۈرەتچى ئالدىمنى توسۇپ، «ئېرىڭىزگە ئېيتىپ قويۇڭ، نىسى چۈشكەن رەسىملەرنىڭ پۇلىنى بۈگۈنلا تاپشۇرۇۋەتسۇن، ئەگەر يەنە ھۆرت- پۆرت دەيدىغان بولسا، قىلچە يۈز-خاتىرە قىلمايمەن» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئەلپازى بەك يامان. مەن ئايال كىشى بولغاچقا، ئارتۇق گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتتىم، - مېھرىبان ئەلەملىك ئۇھسىنىپ داۋام قىلدى، - ئادىلجان، ئالدىلىرىدا دەۋرىمەي، بالىلار يەسلىسىگە ئۈچ ئايلىق قەرز بولدۇق. ئۇچىسىدىكى ماۋۇ سارجا كىيىمنى تېخى ئۇلۇشكۈن بىرەر مىڭ تاغار ياغلىما گەپ بىلەن ئۇستامنى ئېرىتىپ، پۇلىنى نىسى قىلىپ ئېلىپ چىقتىم. ئىتتىن سۆكەككە، مۇشۇكتىن بەزگە قەرزدار بولۇپ كەتتۇق، شۇنداق تۇرۇپ يېقىندا يەنە «ئەرزان بەردى» دەپ، بۇزۇق سۈرەت ئاپپاراتىدىن بىرنى نىسى ئاپتۇ، كۆرۈڭمۇ بۇنىڭ قىلغان ئىشىنى؟! مۇشۇنداقمۇ ئادەم بولىدىكەن، تۇۋا...

— يالغان سۆزلىمە، مېنىڭ ھېچكىمدىن قەرزىم يوق، سۈرەتچىنىڭ ئاغزى قىچىشىپ قاپتۇ. ماڭ، بۇ يەردە تولا كوتۇلدىماي، ئۆيگە كېتىپ ئىشىڭنى قىل! دەل شۇ چاغدا

ئىشخانىغا بابا كېپىنى قىلغان سۈرەتچى
كىرىپ قالدى، ئۇنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى.
ماڭا قاراپمۇ قويماستىن، ئەركىنىنىڭ ئالـ
دىغا كېلىپ توختاپ، زەردە بىلەن دېدى:

— بۇرادەر، بۈگۈن ھېلىقى گەردىنىڭدىكى
پۇللارنى بېرەمسەن ياكى باشقا گېپىڭ بارمۇ؟
ئۇقۇپ قوي، مەن سەندەك ئايلىقچى ئەمەس،
ھۆنەرگە تايىنىپ جان باقىدىغان ئادەم.
سېنىڭ بىر بالاڭ بولسا، مەندە بالا — بەش،
ماۋۇ كىشىنىڭ قېشىدا سەن بىلەن جاڭجاللاشسام
سەت تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۆزەڭنى سوراپ پۇلۇمـ
نى بېردۈەت، مەن چىقىپ كېتەي.

ئەركىن كەينىدىن شىر قوغلاپ كېلىۋاتقانـ
دەك، ئالدىدىن يولۋاس چىقىپ قالغاندەك تولىمۇ
جىددىيلىك، ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى،
ئوڭايسىزلىنىپ يەرگە قارىۋالدى. ئارقىدىن
ئۆزىنى ئوڭشاپ، سۈرەتچىگە قاراپ كۈلگىنىدى:

— ھەي ئاداش، ھەرقانداق گېپىڭ بولسا،
باشقا يەردە ئېيت، بۇ دېگەن ئىشخانا، خىزـ
مەت ئاقساپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا جاـ
ۋاب بەرمىگىنىڭ تەس بولارمىكىن.

— بۇنداق گەپلەر بىلەن مېنى قورقىتالـ
مايسەن، مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە، ھازىرلا دەيـ
دىغانىنى دەپ، ئالىدىغىنىنى ئالىمەن، قانداق؟!

ئەركىن ئاچچىقىدا تىپىرلاپ كەتتى،
ئارقىدىن بۇرنى بوغۇلغان قېرى ئۆكۈزدەك
ئېغىر پۇشۇلدىدى:

— ساڭا ھازىر بېرىدىغان پۇلۇم يوق،
تاپقاندا بېرىمەن.

— نېمە دېدىڭ؟ بۇدا بىر دېگىنە؟! —
سۈرەتچى غەزەپتىن شىردەك تاشلاندى — دە،
ئامبۇردەك قوللىرى بىلەن ئەركىنىنىڭ گېلىنى
سىقىۋالدى. ئەركىنمۇ بوش كەلمەي، سۈـ
رەتچىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى.

ئۇلار مۇشۇ ھالەتتە بىر دەم تۇتۇشۇپ
قالدى. مەن ئاجراتماق بولۇپ، خېلى ھەرىكەت
قىلىپ باقتىم، مېھرىبانىمۇ بىردەم ئۇنىڭ
پېشىدىن، بىردەم بۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ
باقاتتى، بىردەم «ۋاي ئانام، نېمە ئىش
بۇ!» دەپ ۋارقىراپ، ئۆزىنى كاچاتلايتتى.

ئۇلار گاھ ئىتتىرىشىپ، گاھ يومىداقلىشىپ،
ئىشخانا ئىچىنى ئوڭتەي — توڭتەي قىلىۋەتتى.
ھېلىقى خىلمۇ-خىل سۈرەتلەر يەردە چېچىلىپ
ياتاتتى. مەن ئۇلارنى ئاران ئاجراتتىم، دوستۇمـ
نى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، سۈرەتچىگە يۈزلەندىم.

— نېمە قىلىق بۇ؟ ئىشخانىدا دېگەنـ
دەك ئۇرۇش — جېدەل قىلغان بارمۇ؟ ئېيتقىنا،
بۇ كىشىدە قانچە پۇل ئېلىشىڭىز بار — ھە؟ — سۈرەتـ
چى ماڭا ئەپسۇرىغاندەك قىلىپ قاراپ دېدى:

— خاپا بولمىسىلا، ئىشخانىلىرىدا قاـ
لاشمىغان ئىش قىلىپ قويدۇم، ئاچچىقىمغا
پايلىماي ... ھە... ھەممىمىزگە تونۇش، پۇل
لازىم بولىدۇ — دە، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان
بۇ ئاداشنى كۆپ ئايىدىم. يەتتىمىش بەش
يۈەن پۇلنى ئەتە بېرەر، ئۆگۈن بېرەر دەپ ھازىرـ
غىچە كەلدىم، بەرمىدى. مەندىن ھە دېسىلا ئۆزىنى
قاچۇرۇپ يۈردى، بۈگۈن سەۋرى قاچام يېرىلىپ...

— مەڭ، ھازىرچە مۇنۇ پۇلنى ئېلىپ تۇرۇڭ! —
دېدىم مەن يېنىمدىن يىگىرمە بەش يۈەن پۇلنى چىـ
قىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ، — قالغان پۇلنى ئەتە مەنـ
دىن ئېلىۋېلىڭ! سۈرەتچى قولۇمدىن پۇلنى ئالـ
دى — دە، ئەركىنگە ئالىيىپ قارىغاندىن كېيىن
بۇرۇلۇپ سىرتقا ماڭدى. ئىشىك قېشىغا بارغانـ
دا چېپىپىدە توختاپ، ئارقىسىغا يېرىم بۇرۇلۇپ:

— ئىست، سېنىڭ «مەن كادىر» دەپ ھۆـ
كۈمەتنى كولدۇرلىتىپ يۈرگىنىڭ، سەندەك نېـ
مىنىمۇ ئەر دەپ يۈرۈپتىمەن، بولدى، قالغان
پۇلنى باش — كۆزۈمنىڭ سادىقىسى قىلىۋەتـ
تىم، — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئۇستەلگە يۆلىنىپ قالغان مېھرىبان ماـ
ڭا «ئەمدى مۇشۇ دەرىجىگە يەتتۇقمۇ؟!» دېـ
گەندەك بىر قاراپ قويدى، ئۈن سېلىپ يىغـ
لاپ كەتتى. دوستۇم بولسا، كىرىسلودا بايا
مۇش تېگىپ ئىششىپ چىققان قاپىقىنى سىلاپ،
سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ، بىـ
چارىلارچە ئولتۇراتتى. مەن ئىشكاپتىن خىزـ
مەتكە ئىشلىتىدىغان فوتو ئاپپاراتىنى ئالـ
دىم — دە، دوستۇمنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتىـ
نى چاس قىلىپ تارتىۋالدىم. بەلكىم بۇ،
ئۇنىڭ ئاخىرقى سۈرىتى بولۇپ قالار!...

مەھمۇد زەيىدى

# «سۆزۈك بۇلاق» بويىدىكى ئويلار

— ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

(سەجئى)

دۇنياغا كۆز ئاچقان كىشى ئاخىرى،
ۋاقىت يېتىپ كۆمىلەر ئانا تۇپراققا.
قالدۇرسا ياخشى ئىش، بولۇپ خاتىرى،
شۆھرىتى تارقىلىپ كېتەر ئۇزاققا.

شۇنداق، بۇ دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر كىشى ئاخىرى ئۆلىدۇ، لېكىن ئۆلۈمنىڭ قەدىر-قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇرۇق-ئەۋلادىغا شان-شەرەپ كەلتۈرگەن بولسا، مۇنداق ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، خەلق ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ قالدۇرغان ياخشى ئىش-ئىزلىرى، يادىكارلىقلىرى نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى قەدىرلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى بىز ئۈچۈن خۇددى شۇنداق، مەڭگۈ يادلىنىدۇ. ئۇ تۇغۇلغانغا بۇ يىل 980 يىل بولدى، ئۇنىڭ تۆھپىسىدىن بۇ دىيار قىزىل گۈللەرگە تولدى. ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئالىم دۇنيادىن ئۆتكىلى سەككىز ئەسىر ۋە 82 يىل ۋاقىت ئۆتتى①. لېكىن ھەر يىلى مەھمۇد قەشقىرى دۇنيادىن ئۆتكەن ۋاقتى بولغاندا، ئاسمانمۇ قايغۇ يېشىنى تۆكتى. شۇنداق، تارىخ بوۋا ئۆز يىلنامىسىغا ئالتۇن قەلەمدە ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈ ئۆچمەس قىلىپ نەقىشلەپ پۈتتى.

— بۇ ئۇلۇغ ئالىم نەگە كۆمۈلگەن؟

— كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىغا — قەشقەر دىيارى سۆزۈك بۇلاق ياقىسى، «ھاي-ھاي تېرەك» بويىغا... ئەل ئاتىغان ئۇنىڭ قەبرىگاھىنى — ھەزرىتى موللام مازىرى، بۇ خەلقنىڭ ئىپتىخارى، بولۇپكەلدى ھازىرغىچە خاتىرى...

تىلغا ئالسام قەدىم قەشقەر سۆزىنى، كۆرگەندەك بولىمەن بوۋىلىرىم يۈزىنى، بوۋىلىرىم شۇ يەردە ئۈنگەن، شۇ يەردە چوڭ بولۇپ ھەم دەۋر سۈرگەن. ئەجدادلىرىم مەرىپەتنىڭ باغۋەنى ئىكەن، باغلىرىدا ئۆسە لەمەس ئىكەن تىكەن. ئۇلارنىڭ ياراتقان ئەمگىكى بىلەن، ھەم ئەقىل-پاراسەت رىغبىتى بىلەن، گۈللەنگەن يېقىن-يىراق جايلار، بۇ دىياردا چەكسىز سايلار، بولغان گۈلىستان، قۇمۇل ۋە تۇرپان، كۇسەن ھەم سۇلي②، يەركەن ۋە خوتەن...

بوۋىلىرىم قۇرغان ئىكەن شەھەر-سېپىللارنى، ئاچقان ئىكەن نى ئۇزۇن يوللارنى! يىپەك يولى بۇنىڭ قەدىم ئۇۋىسى. سۆزلەپ تۇرار «تۈركىي تىللار قامۇسى»، ئۇنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدە يۈزلەپ شەھەر، دەريا، كۆللەر نامى يېزىلغان، ئۇيغۇر ئەجدادىنىڭ ئېتىنىك قاتلاملىرى نامى قاتار تىزىلغان.

---

① م. قەشقىرى 1008 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1105 - يىلى ۋاپات بولغان:

② سۇلي — قەشقەرنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭقى، شۆھرىتى بار، تارىخقا قاراڭ، جاھاندا كۈچ - قۇدرىتى بار. كىشىلەر قەلبىدە ھەق - ھۆرمىتى بار؛ ئەجدادلىرىم ياشىغان ئەزىز يەرلەرنى ھەر كۈ- نى كېزىمەن، تەپەككۇر قىلىپ؛ خىيال ئېتىم يورغىلايدۇ، تىنمايدۇ. ئۇ كىشنىسە، ئېسىمگە كېلىدۇ، بۇۋىمىز مەھمۇد - ھەزرىتى موللامنىڭ سەپەر قىلغان يىللىرى، سۇلتانىباغقا① قا- راپ، كۆڭۈل - كۆزۈم تويمايدۇ. ئەنە، ئۇ پامىر باغرىدا ئات تۇۋىقىنىڭ ئىزلىرى بار، يان - يانلىرىدا گۈل - باغلار، سۇلار شارقىرار. ھەزرىتى موللام تېغىدا، قولباق② نىڭ ئىز- لىرى باردۇر. ھەتتاكى تاشقا ئويۇپ قويغان نەزمىسى باردۇر!

ھەزرىتى موللام مازىرى ئوپال يېزا «موللام بېغى» كەنت غەربىگە جايلاشقان، مازار ئالدى «نورۇز بۇلاق»قەبرە بىلەن مۇئەدداشقان. گۈزەللىكتە خۇددى بولۇق ئورمانلىرى ياراشقان.

بۇۋىلىرىم چىراغ ياققان، قوشاقلار قاتقان «ھاي - ھاي تېرەك» تۈۋىدە، جىرەن كۆز- لۈك ئەشۇ بۇلاق قاينايدۇ. ئۇنى ئىچكەن كىشىنىڭ يۈرەكلىرى ياشنايدۇ. ئەگەر ئىچسە بى- مارلار، شىپا تېپىپ ئىچسە - ئىچسە قانمايدۇ! مەنمۇ ئىچتۈم بىدىم، بىر نەچچە يۇتۇم، ھوزۇر- لاندى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم. شۇندىن بېرى روھىم بەك جۇشقۇن، كۆزلىرىمدە ئۈمىدۋار ئۇچقۇن. ئىچكىم كېلۇر بۇلاقتىن ھەر كۈن...

مەن شۇ يەرگە تەلپۈنىمەن، ئويلىنىمەن، بوۋامنى سېغىنىمەن. ئوپال بۇلاقلىرىنى ئىچىپ شۇ بوۋام، ئۇزاق ئۆمۈر كۆردىمۇ دەيمەن!... ئىخ، مەن قەشقەرگە كەتسەم دەيمەن، بىر كۈن ئەمەس، ئۆمرۈمنى شۇ مازاردا ئۆتكۈزسەم دەيمەن...

ئىخ، بۇ بۇلاق ئانا تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسىمۇ، ياكى شۇ ئەۋلىيا بوۋامنىڭ كارامىتى- مۇ؟ بۇنى ئويلىسام، تەپەككۇرۇم تۈگمىنى گۈرۈلدەيدۇ، خىياللىرىمنىڭ ئايغىچىقمايدۇ. قارايمەن: كۆرىمەن شۇ بۇلاق سۈيىدىكى قۇياش ئەكسىنى، مېھرى ئىللىق ئانا چېھرىنى، ھەر قېتىم ئىچ- سەم شۇ بۇلاق سۈيىنى، ئەسلىدىم ئەجدادلارنىڭ ئەجرىنى؛ ئۆتكەن دەۋر، پارلاق ئۆمرىنى!

× × ×

شۇنچىلىك سېخىيدۇر ئانا تەبىئەت؛ شۇنچىلىك مېھرىبان بۇ ئانا زېمىن! قەلبىدە ساق- لاپتۇ قەھرىمانلارنى، قەدىم قەشقەر — ئانا زېمىن ھەققانىلىرى مەرت ئوغلانلارنى. مەن ھەز- رىتى موللام تېغى ئۈستىدە تۇرىمەن. ئەنە، بوستانلار ئىچىدە ئوپال يېزىسى... تۇپرىقى مۇنب- بەت، سۇلىرى ئەلۋەك، ساپ ھاۋالىق، تەڭگە شىپالىق. ئەتراپى يايلاق. ئوتلايدۇ قوي، قوزا، تايلاق. ئەجدادىمىز كىندىك قېنى يۇلتۇز بولۇپ يېنىپ تۇرغان بۇنىڭدا بار «ئۈيغۇر قور- غان» ئۇيغۇر شەھىرى خارابىسى③، ياڭرار بۇندا مۇقاملارنىڭ شادىيانىسى، بۇ يەر ئۆلى- مالار سەيياھگاھى. ئاشۇ قەدىم زاماندا، ئازىق بىلەن ئوپالدا، مەرىپەتنىڭ بوستانلىرى يا- رالغان، سانسىزلىغان ئەدىبلەرنىڭ ئىلىم سۆيەر قەھرىمانلىق ئوبرازى - مەھمۇد، يۈسۈپ نامى بىلەن تارالغان. بۈك - باراقسان ئورمانلار ئارىسىدا شۇ مەرتلەرگە بېغىشلانغان كۈي،

① «سۇلتانىباغ» ھەزرىتى موللام مازىرىنىڭ غەربىدە بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەدىمكى پادىشاھلىق «خانىبې- غى» ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا چۆللىشىپ ياۋا قىياقلىق بولۇپ قالغان.

② قولباق — قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەۋلىياسى. ئۇ تاغلار ئارىسىدا يۈرۈيدىكەن. قولى بىلەن تاشقا خەت يازسا نەقىشلىنىپ زادى ئۆچمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئىزلىرى ھازىرغىچە بارىكەن (دىۋان 1-، 2- توم).

③ ئوپالدا بۇندىن باشقا يەنە «يار قورغان»، «كونا قورغان» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەر خارابىلىرى، بۇددا ۋە زەردەش دىنىغا ئائىت قەبرىلەر ئېنىقلانغان («مەھمۇد قەشقىرى» دېگەن كىتابنىڭ 81-بېتىگە قاراڭ).

ناخشىلار ياڭرايدۇ. ئەنە، بۇلبۇللارمۇ زەڭ قويۇپ، بۇ ناخشا - ناۋالارنى جىم تۇرۇپ ئاڭلايدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەجرى سىڭگەن، ئىزى چۈشكەن يەرلەردە باھار، ئۇلارنىڭ نەزەرى تەگكەن چۆللەردە باھار. ئۇلارغا ئەل ھۆرمىتى دەريا بولۇپ ئاقىدۇ. تاغۇ - تاشلار ئۇلارغا ئۈنچە - دۇرنى چاچىدۇ. ھەممە كىشى ئۇلارغا قۇچىقىنى ئاچىدۇ. ئىلھامىمىزنىڭ چەشمىسى قەلبىمىزنىڭ قىرغىقىدىن تاشىدۇ…

كىم خالىماس گۈزەل، ياخشى نەرسىنى، گۈزەللىك كىشىلەرگە ياقىدۇ. قەھرىمان مەرتلەر گۈزەللىك دۈشمەنلىرىگە ئوتلار ئاچىدۇ. ئەنە شۇ مەرتلەرنىڭ پىرى، ھۈسەيىن ئوغلى مەھمۇد قەشقەرى كېلىۋاتىدۇ. تارىخ يولىدىن، زامان دەريا بويىدىن… تاغلار ئارىسىدىن… ئاستىدا ئارغىماق ئېتى، تاغ تىترىتىپ ھەيۋەت - سۈرىدىن، تىزگىن سىرىپ كېلىدۇ، ئىگەردە غانجۇغىلاپ خورجۇن - قاپچىسىنى، قولىدا مەھكەم تۇتۇپ قامچىسىنى داۋام ئەيلەپ مۇساپىسىنى! ئەنە، توختاپ قالدى جاڭغا ئىچىدە، ئايدىڭ كېچىدە، ئارغىماقنىڭ كىشنىشى بىر ئالدى يەر - كۆكنىڭ ئارىسىنى…

× × ×

كۆكئۆل كۆزۈم ئالدىدا: كۆك، يېشىل يايلاق. چېكى يوق ئوتلاق، چىمەنزار قىرغاق. قىيالار يېنىدا كىگىز ئۆيلەر. بۇ يەردە مول سۈت، قېمىز، قايماق. كۆل چىقىشتا ئېقىن سۇلار ئېقىپ تۇرار. ئەنە، ئاۋۇ ئۆستەڭ بويىدىن كىچىك قىزلار، قۇم كوزىغا سۇ ئېلىپ يانار.

ئوچىقىدا قازىنى، قازىنىدا شورپىسى قاينار. يوغان قېرى توغراق تۈۋىدە، تاش سۇپا ئۈستىدە، گىلەم سېلىنغان تاۋار كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ مەھمۇد قۇرۇپ باداشقان. ئەتراپىغا ئولىشىدۇ يىگىت - قىزلار، بوۋاي - موماي لار. ئۈستەلدە خاتىرە دەپتەرلىرى. قولىيازمىلار دىۋانىنى ئاچار ئۇ. كۆپ ياشىغان، كۆپنى كۆرگەن بوۋىلارنىڭ ھېكمەتلىرىنى دەپتىرىگە يازار ئۇ! ئۇنىڭ قامىتى قارىغاي، شۇنچە ئىللىق خۇش چىراي. ئۇ خۇددى نەۋقىران بۈركۈت — كۆك تۇيۇلغان① ئۇ، تاغ تېشىدىغان، قانىتىدا پولات بار، بۇ قەدىمكى ئۇزۇن يوللاردا يۈرگەن ئۇ. قولىدا كىتاب، قەلبىدە ئاپتاپ بار. ھەر بىر ۋارىقىدا ئەۋلادىغا جاۋاب بار. يەلكىسىدە، ئات ئۈستىدە نەيزە ۋە ئوقياسى بار.

ھەي، مېنىڭ تارىخ دەستۇرۇم! «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇسسىغان تىللارغا سۇ بەردىڭ سەن! ئېھ، بوۋام جىگەر پارەم، مەھمۇد قەشقەرى، قارا كېچە، قارا ئۆيلەرگە چىراغ ياقتىڭ سەن. سەن، ئەۋلاد - ئۇرۇقلارغا ئوقۇش ئۈچۈن نەزمە بەردىڭ سەن! سېنىڭ سۆز - ھېكمەتلىرىڭ يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدى، ئۇرۇق بولۇپ چېچىلدى ئانا دىيارغا. بىخ سۈرۈپ كۆكلەپ يۇمران مايسىلار، يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇلغىيىپ قارىغاي بولۇپتۇ. نەگىلا قارىسام قارىغاي. قارىغايلارنىڭ يىلتىزلىرى تۇتاشقان، ئانا زېمىن قات - قېتىغا چىرماشقان. شۇ قارىغايلار سىياقىدا سېنى كۆردۈم. سېنى يادلاپ، ئانا يەرنى قۇتلۇق مەقبەرەڭنى قۇچاقلاپ سۆيدۈم!

سۈزۈك بۇلاق تۈۋىدە،
تېرەك ئۆسۈپتۇ تولغىماچ.
ئېھ، ھەزرىتىم،
**دىدارىڭغا تويۇۋالاي قەبرەڭنى ئاچ!**

① كۆك تۇيۇلغان — قانىتىدا پولات بار بىر قۇش. ئۇ قانىتىنى تاغ چوققىسىغا بىر ئۇرۇپ تېشىپ نېرىسىغا ئۆتۈپ كېتەرمىش (دىۋان 1 - توم).

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# ئېزگۈ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئرىيىتىدىكى ئىپتىخارى

ئەمدىلا تىمەن خازانلىق رۇخسارىنى تۈزەپ، ئۆزىنىڭ كۆركەم يېڭى باھار ئەييامىنى ئەنتەنە قىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتى نادىر پېشىۋالىرىدىن ئابدۇكېرىم خوجا، تېيىپجان ئېلىيوۋ، زۇنۇن قادىرىدىن ۋىدالاشقاندىن كېيىن، يەنە ئەھمەد زىيائىدىن ئايرىلىپ قالدى!

نەپەستىن قالدى پىر ئۇستاز، ئەقلىنىڭ مەشئىلى ئۆچتى،
بۇرۇچتىن سىرقىدى يۇلتۇز، قەۋستىن يەرگە ياش توشتى.
«بىلىك» داستانىغا دەۋران تىلىدىن نەزىم نەقشەيلەپ،
يۇسۇپنىڭ قەبرە ـ قەسرىگە زىيائى يار بولۇپ كۆچتى.

ئۇلار ھەقىقەتەن كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر كىلاسسىك مەدەنىيىتىنىڭ ئەسىرىمىزگە يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ئەزىمەتلىرى، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى سەركەردىلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە خاس ئىلھام بۇلاقلىرى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت گۈلدەستىلىرى بىلەن نەچچە ئەۋلاد ئۇيغۇر ياشلىرىغا روھىيەت بېغىشلىغان. مەيلى قانچە ئۇن ئەسىر ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ئۆز زامانىغا يارىشا مەرىپەت تاپقان ئۇيغۇر ئەۋلادى ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر تۆھپىلىرى ۋە پەخىرلىك ئوبرازىسىز سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قاينامچان تۇنجى سەھىپىلىرى بىلەن تونۇشۇپ كېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

## 1

ئەھمەد زىيائى (1913 ـ 1989) بۇندىن 76 يىل مۇقەددەم قەشقەر خانئېرىق يېزىسىدا تەرەققىپەرۋەر دىنىي زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى، مەرىپەتپەرۋەر دادىسى موللا ئاخۇن ھاجىم ئۇنىڭ تۇنجى مېھرىبان ئۇستازى ئىدى. ئۇ ئۆز دادىسى تەربىيىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەندى.

ئۇ 22 ياشقا كىرگەن يىلى ـ 1935 ـ يىلدىن باشلاپ مەشھۇر ئۇيغۇر مەرىپەتچى ۋە يېڭى زامان ژۇرنالىستى قۇتلۇق شەۋقى رىياسەتچىلىكىدە قەشقەردە نەشر قىلىنىۋاتقان «يېڭى ھايات» گېزىتخانىسىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ يىللار ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن ئالەمشۇمۇل ئويغىنىش ۋە يېڭىلىقتا ئىنتىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيادا سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر شەكىللەنگەن، ئېلىمىزدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى قانات يېيىۋاتقان يىللار ئىدى. قەشقەرنىڭ ئۆزىدىلا ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى تەۋپىق قاتارلىق مەرىپەتچىلەرنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيگەن، موللا نازىم موللانىيازى، نەۋرۇز يۇسۇپى، مۇسا خوتەنى قاتارلىق مۇئەللىپلەر ئارقا ـ ئارقىـ

دىن مەيدانغا كەلگەنىدى. شىنجاڭدا «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» نامىدا دېموكراتىك سىياسىي ئىسلاھات مەيدانغا چىققانلىقى ئەينى زامان ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەنىدى.

ئەھمەد زىيائى 1935 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە توققۇز يىل گېزىت ساھەسىدە ئىشلىدى. ئۇ 1943 - يىلىغىچە «يېڭى ھايات» (كېيىنچە «شىنجاڭ - قەشقەر گېزىتى») گېزىتخانىسىدا، 1943-، 1944 - يىللىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ئەدەبىيات بېتىدە ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئەھمەد زىيائى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى مەزگىلىنى بېسىپ ئۆتتى.

ئەھمەد زىيائى 1944 - يىلى مارتتىن 1946- يىلى ئىيونغىچە ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۈرمىسىدە ياتتى. ئۇ تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىپ، ئوتتۇرا - يېقىن شەرقنى ئايلىنىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىجادىيەت مەزگىلى 1947-، 1952 - يىللىرى «قەشقەر گېزىتى» گە مەسئۇل بولغان يىللىرى بولدى.

ئەھمەد زىيائى گەرچە 1957-، 1960 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، سولچىل ئېقىم بارغانسىرى كۈچىيىۋاتقان بۇ يىللار ئۇنىڭغىمۇ ئەمىنلىك بەرمىدى. ئۇ تاكى 80 - يىللارغىچە ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت پۇرسىتىدىن تامامەن مەھرۇم قىلىنىپ، لەنەتلىك يىللارنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلاندى.

ئەھمەد زىيائىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئىجادىيەت مەزگىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشلاندى، گەرچە ئۇ 80 - يىللاردا 60 ياشتىن 70 ياشقا ئۆتۈۋاتقان، خېلىلا ياشىنىپ قالغان، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋەيرانلىقتىن ئەمدىلاتىن قۇتۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ بۇ قىسقا بىر قانچە يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھەممە ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدىن مىقدار ۋە سۈپەت جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئارتۇق تۆھپىلەر ياراتتى. ئۇنىڭ ئوبرازى ھەممىمىز ئۈچۈن پىر - ئۇستازلىق ھۆرمىتى بىلەن خاراكتېرلەنگەنىدى.

2

ئەھمەد زىيائى كۆپلىگەن ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئون ئۈچ ياشىدىلا دادىسىنىڭ تەسىرىدە پارس تىلىدا «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستان يازغان. ئۇ 1939 - يىلى يېزىشقا باشلىغان «رابىيە - سەئىدىن» رومانى گومىنداڭ تۈرمىسىدە يوقالغان. ئۇ 1947 - يىلدىن باشلاپ «توزىماس چېچەكلەر» ناملىق غەزەللەر دىۋانى، «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق ساياھەتنامە، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق تەپەككۇر ئەدەبىياتى ئەسەرى ۋە «رابىيە - سەئىدىن» دراممىسىنى ئېلان قىلدى. 80 - يىللاردىن كېيىن ئۇ «ئەھمەد زىيائى تاللانغان ئەسەرلىرى»، «رابىيە-سەئىدىن» شېئىرىي رومانى، «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» ناملىق تارىخىي داستانىنى ئېلان قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى، ئەھمەد زىيائى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئون ئۈچ مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ھېكمەت قامۇسى «قۇتادغۇبىلىك» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىي تىلىدا قايتا ئىشلەپچىقىشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك شەرەپلىك ئەمگەككە ئاساسلىق تۆھپە قوشتى. «قۇتادغۇبىلىك» نى چۆرىدىگەن ھالدا بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلار ئېلان قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولدى. بۇ «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتـ

نىڭ نوپۇزلۇق پىرامىدىسىنى بىر مىللىيارد نوپۇزلۇق خەنزۇ تىلىدا نەشىر قىلىشقا ئاساس يارىتىپ بەردى.

ئەھمەد زىيائىي ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ھەر بىر دەۋرىدىلا زىلزىلە پەيدا قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ بىرىنچى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى شېئىرلىرى بىلەن «رابىيە ـ سەئىدىن»دراممىسى ئەينى زامانىدىكى فېئوداللىققا قارشى دېموكراتىك ۋە مەرىپەتچىلىك پىكىر ئېقىمى مۇخلىسلىرىنىڭ ئاجايىپ ئۇتۇقى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى «تۇزىماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» قاتارلىق ئۈچ كىتابى نۇرمۇھەممەت ئېركى قاتارلىق دېموكراتىك زىيالىيلار قەلبىگە ئۆچمەس يالقۇن قوشقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى نەتىجىلىرى ئۇنىڭ ئىلىم ـ مەدەنىيەت مۇنبىرىدىكى پېشىۋالىق ئورنىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇۋەتتى.

مەن ئەھمەد زىيائىي بىلەن 1985 ـ يىلى كۈز پەسلىدە جىلىن ئۆلكىسى يەنبىيەن چاۋشيەن ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى يەنجى شەھىرىدە ئېچىلغان «شىمالىي جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا تونۇشتۇم. يىغىن جەريانىدا ئۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇستازىم ۋە ئەڭ يېقىن ئادىمىم بولدى. ئۇ ماڭا مېنىڭ دادام بىلەن يېقىن ئۆتكەنلىكىنى، مېنىڭ ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە قەشقەر گېزىتىگە ئەۋەتكەن شېئىرلىرىمنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ «لاداخ يولىدا كارۋان»، «تۇزىماس چېچەكلەر» ناملىق خوتەن قەغىزىگە بېسىلغان ئىككى كىتابىنى ئوقۇغانلىقىمنى ئېيتتىم. مەن ئۇنىڭ خىزمەت ۋە ئىجادىيەت شارائىتىدىكى ئەپسىزلىكلەرگە ئېچىندىم. ئۇنىڭ مەسىلىلىرى تولىمۇ كېچىكىپ ھەل قىلىنغان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ماڭا «رابىيە ـ سەئىدىن» ناملىق شېئىرىي روماننى يازغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇندىن كېيىن بىز كۆپلىگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا بىللە قاتناشتۇق.

بۇ يىل يۈسۈپخاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى قايتا پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك 2 ـ قېتىملىق ‹قۇتادغۇ بىلىك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» غا ئۇ ئېغىر كېسەل بولۇشىغا قارىماي، دوختۇرنىڭ مۇھاپىزىتىدە قاتناشتى. يىغىندىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ كۆرۈنگەن مەدەنىيەت ئەربابى، پېشىۋا مەرىپەتچى، پېشقەدەم ئەدىب ئالەمدىن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

3

ئەھمەد زىيائىينىڭ ۋاپاتى پۈتۈن خەلقىمىزنى ئېغىر ماتەمگە دۇچار قىلدى. مەنمۇ كۆز ياشلىرىمنى سىنەم رىشتىسىغا تىزىپ نالە قىلدىم. ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا قايتا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. 1987 ـ يىلى دوختۇرخانىدا ياتقىنىمدا، ئۇنىڭ نەپەس كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىشىم بىلەن ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «قارىماملا، بالىلىق چېغىمدا ئۆپكە يالقۇغى بولماپتىكەنمەن، قېرىغاندا فىيەن بولۇپ قاپ-

تىمەن» دېدى. كىم بىلسۇن! بۇ رەھىمسىز ئۆلۈم تېخى ئۈمىد كۈلكىسى لېۋىدە ئويناپ تۇرغان بۇ پېشانىنى ئارىمىزدىن يۇلۇپ كەتتى.

1988 ـ يىلى ئۇنىڭ بىلەن پوچتىخانىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ «رابىيە ـ سەئىدىن» رومانى ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ: «قارىماملا، شۇنچە ئەجىر ـ ئەمگەك قىلدىم، بىرەر كىشىمۇ بۇ ھەقتە مەتبۇئاتتا ئېغىز ئاچمىدى! مەيلى ماختىمىسۇن، تىللاپ بولسىمۇ بىر نەرسە دېيىشمىدى. ئادەملەر سايىلەردەك يۈرۈيدۇ، نىيەت بۇزۇلۇپ كەتتى. شۇڭا تىرىكلەر ناھايىتى ئازدەك كۆرۈنىدۇ!» دېدى. مەن ناھايىتى خىجىل بولدۇم. بىراق مېنىڭ خىجىللىقىم بىر كىشىنىڭلا خىجىللىقى ئىدى.

بۇ يىل يازدا مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۇنى يوقلىدىم. ئۇ ماڭا قەشقەردىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن يېقىنلىرىنىڭ «ۋاقىت قىس بولۇپ قالدى، كۆرۈشەلمىدۇق، كەچۈرگەيلا» دېگەن مەزمۇندىكى باغاقچىسىنى كۆرسىتىپ: «ئېسىتەي، مېنىڭ ساناقلىق كۈنلىرىم كۆپ بولسا ئىدى، مەن ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ كەلسەم بولاتتى!» دېدى.

مەن بۇ يىل 10 ـ ئايدا قەشقەر يېڭى مېھمانخانىسىدىكى ئۇنىڭ ياتىقىدا ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ، كېسەل ئازابىدا قىينىلىۋاتقان بۇ تەۋەررۈك زاتنى ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىدە، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىدە پۈتكۈل جەمئىيىتىمىزنىڭ قوغداپ، ئاسراپ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دەر ھەقىقەت، نوپۇزلۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جەمئىيىتىمىز ئەھمەد زىيائىينى، ئۇنىڭغا ئوخشىغان بىرمۇنچە تارىخىي جاۋاھىراتلىرىمىزنى قوغداپ، ئاسراپ قالالمىدۇق. بۇ مۇھىتنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىدىن تاشقىرى بىزنىڭ روھىيىتىمىزنىڭ كورلۇقى، نادانلىقى، جاسارەتسىزلىكىدىن بولدى. قوغداپ قېلىش، ئاسراپ قېلىش تۈگەل، قوغداپ قېلىش، ئاسراپ قېلىش دېگەن ئاڭمۇ قەلبىمىزدە ھاسىل بولمىدى. ئەكسىچە، جاۋاھىراتلارنى ئۇرۇپ ـ چېقىش، مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنى ھاقارەتلەش تىياتىرىغا ھېرىسمەنلىك قىلدۇق. مەن ئەھمەد زىيائىي بىلەن ۋىدالىشىۋېتىپ، بۇ تارىخىي كورلۇق، روھىيەت نادانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماي تۇرالمىدىم.

ئەھمەد زىيائىي ھالال ياشىدى! ئۇ ئابروي ـ ئاتاق، نوپۇز ـ شۆھرەت ماجىرالىرى ھەم ھىيلىلىرى بىلەن شۇغۇللانمىدى. ئۇنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىلىرى ئۇ ئېرىشەلەيدىغان نەتىجىلەردىن ئاز بولدى، بۇ ئۇنىڭ ئارمىنى ئىدى! بۇمۇ ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئورتاق ئارمىنىمىز! ئۇ ئۈچ قەرنە ھايات كۆردى، ئەمما ئۇ پەقەت بىرلا قەرنە ئىجادىيەت ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالىدى!

ئەھمەد زىيائىي مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن كاتتا بىر ئۈلگە. ئۇنىڭ ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىمۇ، ئۇنىڭ يوقاتقان ئارزۇلىرىمۇ بىز ئۈچۈن چوڭقۇر تەپەككۇر ئۈلگىسى…

خەير، ئەزىز ئۇستاز، روھىڭىز جەننەتتە بولسۇن!

1989 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى.

**ئەزىم ناسىر**

## تەخمىسلەر



ئەزىم ناسىر 1963 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ گۈللۈك يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1971 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1981 ـ يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ چارۋىچىلىق سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئىتتىپاقكومىتېتىدا ئىشلەيدۇ.

ئۇ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئالدىدا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سەھنىسىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىدىن بېرى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا «قەلب غەزەللىرى»، «ھايات نەزمىلىرى»، «غەزەللەر»، «سۆيگۈ سۈرەتلىرى»، «ئىلھام چېچەكلىرى»، «ھۆرمەتچاچقۇلىرى» قاتارلىق يۈز پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىندى. ھازىر «كۆڭۈل ئەستەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «مۇھەببەت يالدامىسى» ناملىق داستانى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە. ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

### باھار ۋەسلىگە مۇشتاقلىق

(ئا. ت ئۆتكۈرنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە)

باھار كەلسە تولار باغقا گۈلى رەيھانە ـ رەيھانە،
جۇلا ئەيلەر يېشىل توزدەك گۈزەل بوستانە ـ بوستانە،
قىلار بۇلبۇل ناۋا شۇ چاغ ئەجەپ خەندانە ـ خەندانە،
چىراغ ئوتىدا پەرۋانە كۆيەر مەستانە ـ مەستانە،
گۈزەل ۋەسلىڭگە ئەي دىلبەر، بولاي قۇربانە ـ قۇربانە.

شەپەق سۆيگەن جامالىڭغا سۆيۈپ كۆتكەنىدىم بىر چاغ،
كېتىپ قاپسەن مېنى تاشلاپ يۈرەكتە قالدۇرۇپ بىر داغ،

پىغان چەكسەم پىراقىڭدا تاماشا كۆردى قوزغۇن - زاغ،
كۆلۈپ كەلگەن ئىدىڭ بىر چاغ، يىتىپ ۋەسلىڭگە گۈلشەن باغ،
قايان كەتتى ئاشۇ كۈنلەر، كۈنۈم سەرسانە ـ سەرسانە.

نىسىپ ئەتمىش جۇدالىقنى ئىسىمدە ھىلى ھەم شۇ كۈن،
سىرىق يا پراق بولۇپ چىھرىم بولۇپ قالغان ئىدىم غەمكىن،
يۈرەكنىڭ تەپتىدە قايناپ تاشار ھەتتا تۈمەن چۆگۈن،
پىراقىڭدا بولۇپ مەجنۇن يانارمەن شەمئىدەك ھەر تۈن،
ئىرىپ جىسمىم ئاقار كۆزدىن يىشىم دۇردانە ـ دۇردانە.

ساڭا تەلپۈندى بۇ قەلبىم جامالىڭ يادلىنىپ دىلدا،
ئاجايىپ قىسسىدۇر ئىشقىڭ، سىنىڭ زىكرىڭ ھامان تىلدا،
قىنى تىڭشا، كىلىپ دىلبەر، يۈرەك سوقماقتا بىر خىلدا،
چىچىم بەلدە، ھاسام قولدا، بۇ نۇرسىز كۆزلىرىم يولدا،
كىشى كۆرسە بۇ ھالىمنى بولۇر ھەيرانە ـ ھەيرانە.

ھەمىشە ئىنتىزار كۆڭلۈم قارايمەن ساڭا ھىچ تويماي،
ئۆتەرمەن بەلكى ئالەمدىن سىنى مەڭگۈگە ئۇنتۇلماي،
سۆيەرمەنمۇ سىنى ئاخىر قىنىپ مەڭزىڭگە تويدۇرماي؟!
گۈزەل ھۆسنىڭنى بىر كۆرمەي، ئاياغىڭغا بىشىم قويماي،
ئۆتەرمەنمۇ ئۇشبۇ ھەسرەتتە ئۆمۈر غەمخانە ـ غەمخانە.

ئۈمىد بىرلە قاراپ يولغا، يىتىشتىم مەنمۇ بۇ چاغقا،
كۆرۈپ ھالىمنى سەن دىلبەر چىقارما مىنى ئاخماققا،
سۈرۈپ مەلھەم ساقايتقىنچۇ بۇگۈن يۈرەكتىكى داغقا،
يىنىپ كەلسەڭ يەنە باغقا، قونۇپ بۇلبۇل كەبى شاخقا
تاماشا ئەيلىسەم بىر دەم يۈرۈپ سەيلانە ـ سەيلانە.

ئازاب چەكتىم پىراقىڭدا ھامان چۇلغاپ دىلىمنى غەم،
يۇيۇلدى ياش بىلەن مەڭزىم كۆزۈمدە قالمىدى ھىچ نەم،
كۆزۈم تالدى قاراپ يولغا ساڭا دىل تەلپۈنۈپ ھەر دەم،
جامالىڭ نۇرىلە بىر دەم، مۇنەۋۋەر ئەيلىسەڭ كۆلبەم،
سائادەت شۇ ئىدى مەڭگۈ ماڭا يىگانە ـ يىگانە.

ھامان سۆيگۈمگە ساديقمەن ئەقىدەمگە غۇبار قونماس،
ئۆزەم پەرۋىشلىگەن يۇمران گۈلۈم ياشناپ ئەبەت سولماس،

جانانىڭ ۋەسلىگە يەتمەي مۇھەببەت تۇلپىرىم ھارماس،
قۇياش يۈزىگە كىر قونماس، ئۈمىدنىڭ قانىتى سۇنماس،
يولۇڭدىن نائۈمىد بولماق ماڭا يېگانە - يېگانە.

كۆزۈڭدىن ئىزلىبان ئاخىر تاپارمەن نەۋباھار ئەكسىن،
چېكىپ جامنى، سۈرۈپ پەيزى، تاپارمەن شوخ ساتار ئەكسىن،
لېۋىڭدىن مەي ئىچىپ بىر كۈن سۈرۈپ كەيپى - خۇمار پەيزىن،
ناۋايى ئىزىدىن مىسكىن كۆرەي دەپ مەيدە يار ئەكسىن،
ئېلىپ قولغا ساپايىنى كېزەر مەيخانە - مەيخانە.

## شەمشەر

(مەمتىلى زۇنۇننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە)

بولۇپ مەپتۇن گويا بۇلبۇل كەبى خۇشبۇي پۇراقلارغا،
نەزەر سالدىم چىمەنلەرگە تولۇپ دىل ئىشتىياقلارغا،
ئۈمىدلەندىم جۇنۇنلۇقتىن ھىدىڭ ئۇرغاچ دىماقلارغا،
چىدام - بەرداش بېرىپ شامۇ - سەھەر ھىجران، پىراقلارغا،
تىكىلدىم ئىككىمىز ئۆچمەس نەقىش چەككەن ۋاراقلارغا.

خىيال سۈردۈم قېچىپ ئۇيقۇم ۋىسالىڭنى قىلىپ ئارمان،
نامايەن بولدى ئالدىمدا سېنىڭ شەھلا كۆزۈڭ شۇئان،
يېتىپ كەلدىڭ قېشىمغا دەل بولۇپ دەردىم ئۈچۈن دەرمان،
قەسەم ئەيلەپ ساڭا بىر كۈن دېسەم «پەرۋانىمەن جانان»
دېدىڭ: «پەرۋانە بولساڭ ئۇر، ئۆزەڭنى شام - چىراغلارغا».

كۆرۈشمەي نەچچە كۈن، ھەپتە، بولۇپ قالغاندا كۆڭلۈم غەش،
ھوزۇرلاندىم، سېغىنچىمغا ئارام بەردى سېنى ئەسلەش،
يېقىنلاشتۇق ئۆتۈپ ئايلار ساداسىز تارتىشىپ ئىچ - پەش،
دېدىم: «چېھرىڭدە ئاي نۇرى، كۆزۈڭدە بىر جاھان ئاتەش،
نېمىشقا كۆز تىكەي جانان، چىراغ ئىزلەپ يىراقلارغا.»

ئەزەلدىن بىر بولۇپ چىققاچ نىشان ۋە يولىمىز بىزنىڭ،
ئۇزاق ئۆتمەي پۇراق چاچتى مۇھەببەت گۈلىمىز بىزنىڭ،
قەسەملەشتۇق، گىرەلەشتى يۈرەك ۋە قولىمىز بىزنىڭ،
تەبەسسۇم ئىلكىدە باقتىڭ... قوشۇلغان شولىمىز بىزنىڭ،
يېڭى زىننەت بەخش ئەتتى كىيىك كۆزلۈك بۇلاقلارغا.

تېشەر كۆكسىمنى گەر باقساڭ كۆزۈڭدە بار ئەجەپ خىسلەت،
ئۈنىڭدىن ياپرىغاي جانىم، سېنىڭ كۈلكەڭ بېرەر لەززەت،
سۆزۈڭ بالۇ ـ ھەسەل جانان لېۋىڭدىن تامىدۇ شەربەت،
لېۋىڭ جامىدا ئىچكەن مەي ئاتا قىلغاچ بۇيۈكقۇدرەت،
پىسەنت قىلماي ئۆتۈپ كەتتىم،قىيىن ئۆتكۈل ـ سىنا قالارغا.

قىزىل گۈل بەرگىدەك مەڭزىڭ، سېنىڭ ھۆسنىڭگە ئاي كۈندەش،
قىيا باقساڭ جىغىلداپ تەن، يۈرەكتە بولىدۇ تەۋرەش،
يېتەكلەيدۇ سەپەرلەرگە سېنىڭ كۈلكەڭ بولۇپ ئۈندەش،
پۈتۈمدا ئويىنغان ئىشكەل سادەسى بولدى جۈر ـ تەڭكەش،
زەپەر كارۋانىنىڭ سازى جاراڭلىق قوڭغۇراقلارغا.

ساڭا ئاشكارىدۇر سۆيگۈم كۆڭۈل سىردىم ئەمەس پىنھان،
كۈتەرمەن سېنى تاقەتتە يولۇڭغا تەلپۈنۈپ ھەر ئان،
سېنى سۆيگەچ ۋۇجۇدۇمدىن، دىلىمدا زەررە يوق ئارمان،
ياشايمەن ئايلىنىپ پەرۋانىغا ئىشقىڭدا، ئەي جانان،
ياشايمەن ئايلىنىپ ياۋ ئالدىدا شەمشەر ـ پىچاقلارغا.

## بىر گۈزەلگە

(ھاجى ئەخمەتنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە)

جۇنۇنلۇق دەشتىنى كەزدىم كۆيۈپ سۆيگۈ ئوچاقىڭدا،
جاۋاب بەرگىن ماڭا ئەي قىز ئورۇن بارمۇ قۇچاقىڭدا،
ئەسىر قىلدىڭ مېنى شۇنچە قىرانلىق ـ غۇنچە چاغىڭدا،
باھارىڭ ھۆسنىنى كۆردۈم سېنىڭ غۇنچە سىياقىڭدا،
شۇڭا مەجنۇن بولۇپ يۈردۈم،كۆيۈپ ئىشقى ـ پىراقىڭدا.

بويۇڭ لەيلى نىھال خۇددى، لېۋىڭ گوياكى قىرمىزدەك،
جاھاننى يورۇتار چاقناپ كۆزۈڭ بەئەينى يۇلتۇزدەك،
مېھىرلىكسەن، يېقىملىقسەن، سۈزۈكسەن مىسلى كۈندۈزدەك،
جۇلالايسەن گويا توزدەك، قېشىڭ مىسلى قۇندۇزدەك،
زىيا چاقنايدۇ يۇلتۇزدەك سېھىرلىك كۆز چاناقىڭدا.

جاھانغا تارقىتار خۇشبۇي چېچىڭ مىسلى ئىپار ـ رەيھان،
قارايمەن كۆزلىرىڭگە مەن قانالماستىن بىھۇش ـ نىمجان،
تەمەننا قىپ ۋىسالىڭنى بولۇپ مەجنۇن كەبى سەرسان،

ئېتەر لۇتپىڭ مېنى ھەيران، ئارامىمنى قىلىپ ۋەيران،
نازاكەت كۈلكىسى جەۋلان قىلار دائىم زىنداقىڭدا.

كۆيۈك تارتىپ ھامان مەخپى، تېخىچە بولمىدۇق سىرداش،
مېنى كۆرسەڭ قاچارسەن تېز مىسالى شوخ كىيىك ئوخشاش،
خۇيۇڭدىن لال بولۇپ ھەر چاغ يۈرەك كۆيدى بولۇپ ئوتقاش،
تېپىلغايمۇ ساڭا تەڭداش، ئوتتۇڭغا كىم بىرەر بەرداش؟
شەپەقنىڭ ھۆسنىگە رەڭداش قىزىللىق بار ياناغىڭدا.

ئويۇمدا سەن ماڭا ھەمدەم، يىراق بولماي خىيالىمدىن،
ئېلىپ قويغىن خەۋەر دىلبەر، مېنىڭ غۇنچە - نىھالىمدىن،
جاۋاب بەرگىن بولاي خۇرسەن، بۈگۈن قاچماي سوئالىمدىن،
بىرەر ئۆتمەيسەن يانىمدىن، خەۋەر ئالمايسەن ھالىمدىن،
سېنى سۆيگەن گۇناھىمدىن كى خەس بولدۇم ئاياغىڭدا.

زەئىپلەشتىم پىراقىڭدا كۆيۈككە بارمىدۇ چارە؟
قولۇڭدا تۇرسا تەقدىرىم يۈرەككە قىلمىدىڭ دارە،
ھامان مەندىن يىراق تۇرساڭ دىلىم يېمەكتە ئازارە،
سېنىڭ دەردىڭدە ئاۋارە، يۈرەك باغرىم تۈمەن پارە،
قىلىپ بۇلبۇل كەبى نالە پىغان ئەيلەي قولاقىڭدا.

كۆيۈپ ئىشقى - پىراقىڭدا تولا چەكتىم ئازاب - كۈلپەت،
ھامان يىگانە ياش تۆكتىم ماڭا سەن بولمىدىڭ ئۇلپەت،
يۈرەكتە قالمىسۇن ئارمان ئەزىمگە چىراي كۆرسەت،
نىگارا قىل ماڭا شەپقەت، جېنىمغا يەتمىسۇن زەخمەت،
كۆيۈپ كۈل بولمىسۇن ئەخمەت، كى ھىجرەت بىرلە داغىڭدا.

## سۆيگۈ غەزىلى

( مىرزاھىد كېرىمىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە )

ئۇچرىشىپ قالدىم، تۇيۇقسىز بىر پەرى نىگارىغا،
باغلىنىپ قالدىم، شۇئا نىلا ئاي كەبى رۇخسارىغا،
چىن مۇھەببەت بۇلبۇلى قوندى كېلىپ دىل تارىغا،
ھېيتگاھنىڭ كەچقۇرۇن چىقتىم، ئاۋات بازىرىغا.
ئاشىقى شەيدا بولۇپ قالدىم كۆزى خۇمارىغا.

بىرگە ماڭدۇق مەن بىلەن ئوخشاش چىقىپ قالغاچ يولى،
بەرق ئۇرۇپ راست ۋايىغا يەتكەن ئۈنىڭ ھۆسۈن گۈلى،
ئۈنى تۇغقانكىن قاچان، قانداق ئانا، قايسى يىلى؟
پۈرمە ئەتلەس كۆينىكى، قىزغۇچى ھىلىلە رومىلى،
سېھىرلەپ قويدى مېنى بەختىم پۈتۈك تۇمارىغا.

بەك سىلىق دەسسەپ مېڭىپ باغچا يېنىغا كەلدى ئۇ،
ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغانلىقىمنى بىلدى ئۇ،
قايرىلىپ باقتى يېقىملىق، شوخ تەبەسسۇم قىلدى ئۇ،
ئۆزدى مىژگان قاشىدىن ئوق، يۈرىكىمگە تەگدى ئۇ،
بىر قاراپ قويغان بىلەن چولپان خىجىل زۇننارىغا.

چۈشتى كۆزۈم كۆزىگە، ئەپقاچتى شۇئان كۆزىنى،
تۈردى ھەم يانتۇ قاراپ قاپلاپ خىجىللىق يۈزىنى،
بىر كۆرۈپلا شۇ ھامان بەك ياقتۇرۇپ قالدىم ئۈنى،
سۈركىلىپ كېتىشۈرەي راھەتلىنىپ، توساك مېنى،
بىرەھىم يار قامچا ئۇرغان سۆيگۈنىڭ تۇلپارىغا.

ئاغزى ئويماقتەك يېقىملىق، چىشلىرى گويا سەدەپ،
سۆزلىشىشكە مەن بىلەن يول قويمىدى شەرمى- ئەدەب،
لال بولۇپ ئەقلىم - تىلىم سۆزلەشمىكىم بولدى بىئەپ،
ئەۋرىشىمدەك ساچىلە باغلاپ يەنە ئەيلەپ غەزەپ،
ئاسما مەيلى قەلبىدە قۇرغان ئۈمىدىنىڭ دارىغا.

گەپ ئېچىشنىڭ ئورنىغا پۈش- پۈش نەپەس ئالدىم ئاران،
بىر چىرايلىق قىزغا سۆز قىلماق ئەمەس ئىكەن ئاسان،
تىتىرىمەستىن ئالدىدا تەمكىن بولارمەنكىن قاچان؟
مەن بوغۇزلانسام ئىدىم، لەۋ خەنجىرى بىرلە شۇئان،
گۈل بولۇپ قانىم ئېچىلسا، نۇر چېچىپ باھارىغا.

ئىنتىزارلىق ئىلكىدە تۇرسام يولىغا تەلمۈرۈپ،
ھېچ ئەجەب ئەمەس، قېشىمغا كەلسە ئۇ، مېنى كۆرۈپ،
كەتمىگىدى قورقمەن، چەتنەپ يىراق، قاپاق تۈرۈپ،
داپ، راۋاب، دۇتار چېلىپ، ئوقۇپ غەزەل ئويناپ - كۈلۈپ،
بەزمە قۇرسا دوستلىرىغا، ياخشىلارنىڭ بارىغا.

AltunOq

يوق ئىدى ھېچ ئارمىنىم، ئۇچراشسا لەۋگە لەۋلىرىم،
نازى بىرلە شۇ سەنەمنىڭ بولسا دەپئى غەملىرىم،
بىرگە ئۆتسە تائەبەت، قايغۇ خۇشالىق دەملىرىم،
شۇندا تاپقايمەن مۇراد يايراپ بېھىشتە تەنلىرىم،
كۆمسە ئاي تۇغقان كېچە مېنى ۋىسال مازارىغا.

## ناخشام

( تۇرسۇن ئىيازنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە )

كۆكۈل يايرار ساداڭدىن قۇلاققا خوي يېقىپ ناخشام،
چىقارسەن ئوت يۈرەكلەردىن بۇلاقلاردەك ئېقىپ ناخشام،
جاراڭلايسەن كۆكۈللەرنى كۆكۈللەرگە چېتىپ ناخشام،
تۆرەلدىم زەۋقى ئىشقىڭدىن، تېنىمگە جان كىرىپ ناخشام،
تۇغۇلدۇم ھېس ـ خۇمارىڭدىن ھايا تقاكۆز ئېچىپ ناخشام.

سەپەردە تەنتەنەڭدۇرسەن، شۇڭا مەنزىللىرىم نۇرلۇق،
ئاشارمەن تاغ ـ داۋانلاردىن ئىزىڭدىن ئېچىلار چوغلۇق،
سەپەرداشلار ئوقۇپ ناخشا ئىلەيدۇ ماڭا ئاق يوللۇق،
ئۇنىڭ بولدى يەنە دەسلەپ قۇلاققا كىرگىنى مۇڭلۇق،
بۆلەندىم ئەللىيىڭ بىرلە، بۆشۈكنى باخ ئېتىپ ناخشام.

بېرەر مۇڭلۇق كۈيۈڭ دىلغا ھوزۇرىنى ئىجاد ـ ئەمگەك،
جېنى يايرايدۇ مىسكىنىنىڭ، بېرىپ قۇۋۋەت، يېقىپ ياغدەك،
بۆسەرمەن شۇ سەۋەب يولدا توسالار بولسىمۇ تاغدەك،
يېتىلدى تەنلىرىم ئوتلۇق، يېنىپ تۇرغان گويا چوغدەك،
لىرىكاڭ پىلتىسى دائىم يۈرەككە ئوت يېقىپ ناخشام.

چېلىشلاردا قۇچۇپ نۇسرەت ھايا تىم تاپتى چىن مەنا،
بېيىتتىڭسەن تالانتىمنى، يېتىلدىم مەن بولۇپ دەنا،
ئۇنۇم ياڭرار سەھەرلەردە، بولۇپ شادلىقلىرىم دەريا،
غېمى قايسى ھايا تىمنىڭ جاھاندا بىلمىدىم ئەسلا، !
مۇھەببەت جامىدا سۆيگۈ شارابىڭنى ئىچىپ ناخشام.

ياشاردى سۆيگۈدىن جانىم، دىلىمنى ئەيلىدىڭ گۈلزار،
سېنى قىلدىم نىگار ـ ئۈلپەت، ۋىسال ئىزدەپ بولۇپ بىدار،

ۋۇجۇدۇمدا ھېسابسىز كۈچ، ئەمەسمەن ھېچ زەئىپ - بىمار،
ئېشىپ مۇشكۇل داۋانلاردىن سەپەردە ھارمىدىم زىنھار،
پەلەككە ياڭرىغان ئەۋجىلىك كۈچۈمگە كۈچ قېتىپ ناخشام.

سېنى ئەۋجىگە ياڭراتتىم قىلىپ بۇلبۇل كەبى خەندان،
ھامان مەنزىل تامان ئۇچتۇم قانات بولدۇڭ ماڭا ھەر ئان،
تاپارمەن قۇت ۋىسالىڭدىن ئۆزۈڭ كۆڭلۈمدىكى جانان،
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە، ياشاشتىن قىلمىدىم پۇشمان،
ئۈمىد نۇرۇڭ كېلىپ غالىپ، ئۆلۈمنى ھەم يېڭىپ ناخشام.

تالىشىپ سەن بىلەن تەڭلىك ھوقۇقشلار سالىسمۇ غەۋغا،
لىرىكالىق دىلدا زوق قوزغار يۈرەكنى تىترىتىپ ئەمما،
كىشى بەھرى ئالار سەندىن گويا گۈلسەن ئېسىل بەرنا،
دېدىم ھەر ئان سېنى تىڭشاپ «قېنى سەن ئەي گۈلى رەنا؟»
سېنى ئېيتقان نەپەسەدەك پەرىنى ياد ئېتىپ ناخشام.

ئېقىپ كىرسەڭ قۇلاقىمغا ھاياجان مەۋج ئۇرار تەندە،
سېنى تىڭشاپ ئاتار تاڭمۇ بولۇپ ئىشقىڭغا پەيۋەندە،
يېنىكلەتتىڭ ئازابىمنى كۆتەردىم تاغنى يەلكەمدە،
پەخىرلەندىم گادايلىقتىن، ئۇچامدا تۇرسىمۇ جەندە،
ئۆزۈمنى چىن بەختلىكلەر قاتارىدا سېزىپ ناخشام.

كۆڭۈللەر تۆرىدە ئورنۇڭ ساڭا مۇشتاق خەلق بارچە،
قاناتلانغاي جېنىم سەندىن بىرەرسەن دىلغا زوق شۇنچە،
سىڭىپ كەتتىڭ ۋۇجۇدۇمغا بولۇپ شەبنەم كەبى تامچە،
ئاتالدىم بۇلبۇلى شەرقنىڭ، جاھان گۈلزارىدا قانچە،
مۇقامىڭ شەۋكىتى تۆردىن ھەمىشە جاي بېرىپ ناخشام.

بولۇپ مارش ياڭرىدىڭ ھەر چاغ ھامان سەپتە - قاتارىمدا،
تونۇلدۇڭ، ۋايىغا يەتتىڭ مېنىڭ گۈلشەن دىيارىمدا،
بولۇر جۇشقۇن ناۋا تەڭكەش، راۋاب، تەمبۇر، دۇتارىمدا،
بېشىم يەتتى يەنە كۆككە يېڭى دەۋران - باھارىمدا،
زامانىم باغۋىنى دىلبەر قەدرىڭگە يېتىپ ناخشام.

باھارنىڭ سەلكىنى بىرلە، سۈزۈلدى كۆك، تۇمان تارقاپ،
ھۆسۈن تۈزدى گۈزەل باغلار، ياشاردى زەر قۇياش پارلاپ،
زېمىننى لەرزىگە سالدى بېغىمدا شوخ غەزەل ياڭراپ،

تۆرەلدىم بىر سىنى ئويلاپ، ياشاپ كەلدىم سېنى تووۋلاپ،
ئۆلۈپ كەتسەم نېمە ئارمان ئۈنىڭگە ئۈن قېتىپ ناخشام؟

كېتەر يەر شارىغا تارقاپ جاراڭلىق ناخشا ئاۋازى،
ئۆتەر ناخشا بىلەن ئەلنىڭ بولۇپ خۇشۋاق باھار-يازى،
بېغىشلار دىلغا مىڭ لەززەت، ئەزىمى، شوخ جۇلا نازى،
نەھاجەت كۆز يېشى ئەلنىڭ، نىيازى مىڭ تۈمەن رازى،
قويۇشسا قەبرىگە دوستلار سېنى بىر رەت ئوقۇپ ناخشام.

**مىرزاھىد كېرىمى**

# ئىككى شېئىر

## شائىر ھەققىدە مۇۋەششەھ

ئەزىم دەريا ئىدى كۆكسۈڭ پىغانىڭ مەۋج ئۇرۇپ ئاققان،
ئارامىم، خوشلۇغۇم شۇ دەپ ئانا يۇرت خاكىغا ياققان،

ھاياتىڭ ئۆتتى سۇغۇرۇپ كۆكۈللەر دەشتىنى - تەشنا،
ئاشۇ ئويچان نىگاھىڭدا جانانغا يۈز ئېچىپ چولپان.

مۇھەببىتىڭ ئىدى يالقۇن، يېقىن كەلسە كۆيەر ئازغۇن،
ئايانماي تاۋلىدىڭ ئالتۇن پارىلداپ ئەلگە دۇر چاچقان.

ئەلەمدىن يۇرىكىڭ چاك - چاك، غەزەپتىن تەنلىرىڭ لاغ - لاغ،
ۋە سۆيسەڭ سۆيمىسەڭمۇ داغ، ئۇ چاغ ساڭا ئازاب بولغان.

دېدىڭ: غەپلەت نابۇت ئەيلەر، ئاياغ ئاستىدا ھەم چەيلەر،
بىھۇش ياتقاننى ئويغاتتىڭ يېزىپ داستان سېلىپ چۇقان.

زەكىلىك ھۆرمىتىڭ ئالىي، كىمىردىن سەن ئىدىڭ خالى،
ئىجاد ئىشقى ساڭا بەردى پۈتۈن ئۆمرۈڭ بويى دەرمان.

ئىزىڭ قالدى كۆمۈلمەستىن ئېچىپ كۆز «رابىيە-سەئىدىن»،
جۇدالىق دەشتى كەزگەنلەر ۋىسال تەختىدە شاھ سۇلتان.

يۇسۇپ، مەھمۇد روھى خۇشنۇد بولۇپ ئەجرى دۇئا يىغدىن،
تۇتۇپ ئەۋلاد دىلىدىن جاي بېرەر ئەلگە غۇرۇر ھەم شان.

ئاداۋەت تۇتمىدىڭ ھەرگىز، جاپانى سەن پىسەنت قىلماي،
بۇ قۇتلۇق خىسلىتىڭ ئەھلى بىلىم ئۈچۈن شەرەپ، ئېھسان.

ئى تۇيغۇ دىلبىرى ئۇستاز سوقۇشتىن توختىماس قەلبىڭ،
ئۆرۈپ مىسرادا تىپچەكلەپ يېزىپ تاش گۈل ئاچار ئارمان.

1989 - يىل 6 - ئاي.

## يادىكار مۇۋەششەھ

مۇراد مەنزىلى يۈز ئاچمىش قەدەم قويغاندا ئەللىككە،
ئۆرۈلگاندا مەيىن شامال ئەسىر ئەيلەپ گۈزەللىككە...

ھاياتىڭ كۆرسىتىپ جامال داۋان ئۈستىدە ئويغا غەرق،
ئەلەم - غەمنى قىلىپ كۈنلۈك تىكىلگەن كۆككە - كەڭلىككە.

مۇشەققەت يوللىرى قالدى سىنىڭ كەينىڭدە قىيادا،
مېڭىپ ئالغا دىدار قۇچتۇڭ ئوقۇپ لەنەت كۆرەڭلىككە.

ئەمەسمىدۇق شۇ بىر چاغلار يۈگەنسىز شوخ سەبى بالا،
تېنىم تاپماي يېزىپ ئەشئار قازانغان نام چېچەكلىكتە.

ئەجەپ كۈنلەر ئىكەن بورنىڭ توزاڭغا چۈمۈلگەن دەم...
لاچىندەك ئەيلىدىڭ پەرۋاز سوقۇپ زاغنى تىكەنلىكتە.

ئىجاد مېۋەڭ ئاتا قىلدى جاپا ئەھلىگە كۈچ - دەرمان،
زامانىنى لەرزىگە سالدىڭ چېقىپ چاقماق چىۋەرلىكتە.

ئۇزاپ كەتتىڭ ئۈمىد ياشناپ، توسالغۇنى چۆرۈپ تاشلاپ،
نابۇت بولماس سىنىڭ ئەجرىڭ بولۇپ گۈلشەن چىمەنلىكتە.

ئۇلۇغلانسا كىشى تەختە، ئامانبول جاي تۇتۇپ قەلبتە،
داما يان ئەيلىسۇن تۆھپەڭ سىنى ھۆرمەتتە، مەرتلىكتە.

1989 - يىل 6 - ئاي.

**ئابدۇرېھىم توختى**

## شېئىرلار

### رۇبائىيلار

تۇراقسىزلىق — چىكىتسىز جىڭ مەسەللىكتۇر،
بىلىمسىزلىك ئىرىكسىز قۇل مەسەللىكتۇر،
ئىرادە، غايىسىزلىك سۇ يۈزىدە —
قاپارسىز لەيلىگەن بىر قىل مەسەللىكتۇر.

× ×

تۈلكىنىڭ ئېتىدىن قۇۋلۇق ئاڭلىنار،
قۇۋلۇق سۆزىدىن شۇملۇق ئاڭلىنار.
قۇۋلۇقتىن، مىكىردىن يالغان ئاڭلانسا،
توغرىلىق، راستلىقتىن ھۆرلۈك ئاڭلىنار.

ئادەمگە تامادىن كاتتا خورلۇق يوق،
تەلمۈرۈپ تۇرۇشتىن چوڭ ھەقىرلىق يوق.
ئەقىلنى، قول ـ پۇتنى ئىشقا سالمىسا،
تەبىئەت قۇللىقىدەك چوڭ پەقىرلىق يوق.

×

كۆڭۈل خەزىنەدۇر، گۆھەر ـ تولۇغلۇق ،
قۇلۇپلاقلىق ئىشىكى جىم ـ جىت تۇرۇقلۇق.
تىل ئاچقۇچى بىلەن ئاچقاندا ئۇنى،
جاۋاھىرلار چاچار ئۇندىن يورۇقلۇق.

×

قەلبى كاس بىخۇدقا ھالىم ئېيتما يەمەن،
مۇردىغا سۆز قىلىپ جان كايتما يەمەن.
مۇلايىم، تەسىرلىك نەپىس ساز چېلىپ،
ئېشەكنى ئۇسسۇلغا قوزغىتالما يەمەن.

×

ئالىي غايە لاچىن ئېگىز ئاسماندا،
غايىسىزلىك گويا چاشقان پىنھاندا.
سۇرسە لاچىن يۇكسەكلىكنىڭ پەيزىنى،
چاشقان ياشار دەككە ـ دۇككە ھەر ئاندا.

ئەتىگە قالمىسۇن بۈگۈندىكى كار،
باسمىسۇن ئۇنى ياغمۇر ـ ياكى قار.
دىلىغۇلدى بولۇپ ئۆتۈپ كەتسە ۋاخ،
پۇشمان كەلتۈرۈر، بەلكى نومۇس ئار.

ياماننىڭلىقنى ئۇنۇت، ئۆتكەننى ياد ئەتمە،
ياماندىن نەپ كۈتۈپ كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە.
يامان گەر قىلسا بەزەن خەيرى ـ ئېھسان،
بۇ ئىشنىڭ كەلگۈسىگە ئىتماد ئەتمە.

سەھىپىلەردە كۆپ قېتىم بۇ ۋەدە ـ قەيت،
بۇ نەسىھەتنى ئەۋلاد ـ ئەۋلادىڭغا ئېيت.
قىيىنلىپ ئۆلمەي دېسەڭ بۇ دۇنيادا،
بىۋاپالار مىكرىگە سەن بولما سەيد①.

مۇسۇلمانلىق شەرتى ئەمەس ئۇزۇنچاپان،
چاپان بىلەن ساقالدا ئەمەس دىلدا ئىمان.
كىيىم ئەمەس ـ بىلىم دىلنى يورۇتقۇچى،
رىيا بىلەن قىلغان ئىشقا شىرىك شەيتان.

## ئىككى غەزەل

### 1

تىلىكىم، ئارزۇ ـ ئارمانىم گۈزەل رۇخسارنى بىر كۆرسەم،
تاپار كۈچ لەۋزىدىن جانىم شىرىن گۇپتارنى بىر كۆرسەم.
كۆزلىرىدە ئىشقىدىن مىڭ ـ مىڭ ئىشارەت ـ بەلگىلەر،
دەرس ئالسام كۆزلىرىدىن كۆزى خۇمارنى بىر كۆرسەم.
غۇۋا كۆرۈنەر كۆزۈمگە سىرلىق كۆلەڭگۇ ئىچىدە،
نە بولاتتى ئاچسا ـ رۇخسار ئوچۇق دىدارنى بىر كۆرسەم.
كېلەر دەپ بىر كۈنى ئاخىر كۆزۈمنى يولدىن ئۈزمەيمەن،
قول سېلىپ چىقسا كەلسە نەپىس رەپتارنى بىر كۆرسەم.
كۆرسەم دەيمەن، كۆرۈشكەندە قوللىرىنى سۆيسەم دەيمەن،
نىگارىمغا سۈرەت سىزغان چىۋەر مىمارنى بىر كۆرسەم.
تۇرۇشقا يوق ماڭا ئىمكان كۆرمەي ئۇنى تاقەت قىلىپ،
دائىما پىكرىم، خىيالىم ئۇشۇل دىدارنى بىر كۆرسەم.

① سەيد — تۇزاققا چۈشۈش

Altun

2

كۆرمىسەم ئۆمرۈم بويى دىلئارارنى كۆرمىسەم،
شەكلى بەد، پەيلى بۇزۇق مۇز دىدارنى كۆرمىسەم.
كەلسە ـ كەلمەس دەيدىغان هارام تاماق يەيدىغان،
ئۆزىنىلا دەيدىغان دىل مۇردارنى كۆرمىسەم.
ئىشى ئۇنىڭ قۇرۇق سۆز، هاۋادىن ئۇ توقۇر بۆز،
دوستلار ئارا گەپ توشۇپ ئىش بۇزارنى كۆرمىسەم.
نەپسى دەپ ئەلنى هەمىشە قاخشىتار هەم زارلىتار،
بۇ هاياتىم ئىچرە بۇنداق يۇرت بېزارنى كۆرمىسەم.
تىلىدا شەهرۇ ـ شېكەر، ئىچىدە قاينار زەهەر،
هېلە ـ مىكىر يول بىلەن جان باقارنى كۆرمىسەم.
شەك ۋە شۆبهە ئىچىدە قايمۇقۇپ زار بولمىسام —
دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە قىلچە غۇبارنى كۆرمىسەم.
ئېلىم ئۆتتى ئۇزۇن چاغ يىغا ـ زارە ئىچىدە،
ئۆتسەم شادلىق ئىچىدە يىغا ـ زارنى كۆرمىسەم.

## ئۇستاز ئەهمەد زىيائى هەققىدە مەرسىيە

ئۆچتى بىر يۇلتۇز سامادىن قايغۇلۇق قىسمەت بىلەن،
كەتتى بىر ئالىم ئارادىن ئۆرتەندى دىل هەسرەت بىلەن.
كەتسە ئالىم دۇنيادىن ياش ـ تۆكەرمىش تاغۇ ـ تاش،
چۈنكى ئالىم تۇغۇلۇپتۇ يەر يۈزىگە رەهمەت بىلەن.
بوۋىلار مىراسىنى يەتكۈزگەن ئۇ هەق جايىغا،
نەچچە رەت ئاشتى داۋان ئۆچمەس ئۇمىد غەيرەت بىلەن.
ئەل ـ ۋەتەنىنىڭ ئىشقى ئۇنى پەرۋاز قىلىشقا ئۈندىگەچ،
بولدى ئالىمنىڭ ئىشى ئۆمۈر بويى پىكرەت بىلەن.
ئىلىم ـ پەن دەرياسىدا غەۋۋاس بولۇپ گۆهەر سۈزۈپ،
ئەلگە بەرگەچ، ئەل ئۇنى ئەسلەر ئەبەت هۆرمەت بىلەن.
بولسىمۇ هايات يولى لاداخ يولىدەك تەكشىسىز،
ئىكتى كۆز مەنزىلگە يەتكۈدى مۈشكۈلنى زور هىممەت بىلەن.
هىممىتى، پەزلى بىلەن كەتتى ئۆچمەس ئىز قويۇپ،
ساقلىغاي ئەۋلاد ئۇنى تا مەڭگۈگە ئىززەت بىلەن.
ئەلۋىدا! ئۇستاز زىيائى نۇرغا تولسۇن قەبرىڭىز،
ئەلگە بەرگەن تۆهپىڭىز قۇتلۇقلىسۇن جەننەت بىلەن.

سۇزۇك

## ئىككى شېئىر

### بىر دوستۇمغا نەسىھەت

تەس ئىشنىڭ بولغاندا ئاسان بولۇسەن قانداق خۇشال؟
كىشىلەرنىڭ مۇشكۇلىن يەش — قىل ئۆزۈڭدەك شادىمان.
سەن ئۆزۈڭنىڭ نەپسىنى دەپ، باشقىغا قىلما ئۇۋال،
كىمگە تىغ ئۇرماقچى ئاۋۋال قىل ئۆزۈڭدە ئىمتىھان.①
يارىلىشتا تەڭمىز ئادەملىك شەرەپتە ھەممىمىز،
تاللىغان ياخشى، يامانلىقنى جاھاندا ئۆزىمىز.
ياخشىلىق قىلماق كېرەك، بولۇپ يامانلىقتىن نېرى،
قالدۇ قىلغانغا چۇشلۇق شۇ جاھاندا ئىزىمىز.
باق: ئېگىز - پەسلىك تولۇپ-تاشقان بىر ئالەمنى كۆزەت!
كۆڭلى ۋەيرانلارنى كۆرسەڭ ياخشىلىق بىلەن تۈزەت!
چارەسىز - ئاۋارىلەرگە ياردەمگە قول ئۇزات!
مېۋىلىك بول - ئەلگە نەپ بەر، مېۋىسىز بولما سۆگەت!
بىر خىل ئۆتمەيدۇ كىشى، تۇرمۇش يولىدۇر تەكشىسىز،
گاھى چوڭ، گاھى چېغىر يول گاھى پەس، گاھى ئېگىز.
كىم بۇ تۇرمۇش يولىدىن چەتتە قالالايدۇ قېچىپ؟
مۇھىمى شۇكى جاھاندا ياخشىلىق قىلماقتىن ئىز.

### ۋاقىت ۋە ھايات

ۋاقىت ئۆتەر توختاۋسىز، لېكىن بەخش ئېتەر:
قۇندۇزدەك باشلارغا كۇمۇشتەك ئاقلىق.
غەپلەتتە يۈرگەنلەر ئارماندا كېتەر،
قىلالماي ئىنسانى بۇرچىنى بىر ياقلىق.
ئى كىشى بۇرچىڭنى قىلىشقا ئادا -
ئالدىرا! ۋاقىتنى ئىگىلە مەھكەم.
ۋاقىت رەھىمسىزدۇر، ۋاقىت بىپەرۋا،
بوش قويساڭ ئىشىڭغا يېتىدۇ بەرھەم.
ۋاقىت قىممىتىگە سان - سىفىر يەتمەس،
ئالماس - دۇر ۋەسپىگە كەلمەيدۇ مىنۇت.
ئاشۇنداق قىممەتلىك بىر ئۆمۈرنى بەس...
بىكارغا ئۆتكۈزۈپ قىلمىغىن نابۇت.
ئۆمۈر زېمىنىگە گۈل تىك، كۆچەت تىك!
گىياھسىز قالدۇرۇپ ئەيلىمە خاراپ.
ئۆزۈڭگە بولمىسا «ئەۋلادقا» دەپ تىك!
رەھمەت دەر مېۋىسىن تېتىپ، سايىداپ.
ئىنجادىي ئەمگەكتىن گۈل ئېچىلدۇرۇپ،
ۋاقىت چېكىسىگە قىستۇرۇپ ئۆتسەڭ.
سۇزۇك زەۋق ئالىدۇ ئەۋلادلار كۆرۈپ،
بولىدۇ بۇ سېنىڭ تارىخقا ئۆچمەك.

① «پېچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا كىشىگە» دېگەن ماقال كۆزدە تۇتۇلدۇ.

ئۇچقۇنجان ئۆمەر

# قەشقەر

(داستان)

## مۇقەددىمە

ئەي قەشقەر، ۋەتىنىمنىڭ ئالتۇن زېمىنى،
جاھانغا تونۇلغان گۈزەل، قەدىم يۇرت.
ياڭرىسا قوينىڭدىن مۇقام، ناخشىلار،
ئىشقىڭدىن قەلبىمدە لاۋۇلدايدۇ ئوت.
ۋەتىنىمنىڭ غەربىدە تۇرىسەن مەغرۇر،
نۇسرىتىڭ — شانىڭغا بارچە جان شاھىت.
تۈنۈگۈن، بۈگۈنىڭ ئەلنىڭ يادىدا،
چاقنىغاي ئەتەڭمۇ نۇرلۇق مەرۋايىت.

## بىرىنچى باب

### قامۇسلاردىن بىشارەت

قەشقىرىم، تارىخنىڭ مەزمۇت ھەيكىلى،
مېھنەتكەش خەلقىنىڭ تاجۇ — دۆلىتى.
سېنىڭدە تۇغۇلغان ھەر بىر ئىنساننىڭ،
ئۇرغۇيدۇ ئەلسۆيەر تۇيغۇ، ھىممىتى.
بىر قەترە سۇيۇڭدە چاقنايدۇ مىڭ كۆز،
نامىڭمۇ ئۆزۈڭدەك ئىللىق، يېقىملىق.
سېنىڭدىن ئىپتىخار ئەيلەپ ھەر بوۋاق،
كۈلىدۇ بۆشۈكتە پاھ، ۋىلىق، ۋىلىق.
ئۆزۈڭسەن چاقنىغان كاھىشلىق زېمىن،
باتۇر ۋە ئەقىللىق بۇ يەرنىڭ خەلقى.
پۈتۈلگەن شەرىپىڭ قانچە قامۇسقا،
يوق، تارىخ بۇراشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى!
ياشىغان سېنىڭدە جاھانغا مەشھۇر،
ئالىملار تاجىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ.
ئۇ يازغان شاھ ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»،
ئەقىلنىڭ جەۋھىرى، گۆھەر ئاجايىپ.

شاۋقۇنلۇق بۇلاقتىن كېلەر كۈي — نېدا،
سۇ ئىچكەن بۇ يەردە مەھمۇد قەشقىرى.
ئۇ يازغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»،
ئىلمۇ — پەن كۆكىنىڭ ماھى ئەختىرى.
ئەۋلىيا، ئۇلۇغلار ماكانى ئۆزۈڭ،
كۆز ئاچقان سېنىڭدە ئەھمەد يۈكنەكى.
تۆھپىكار سۇلتانى رەشىدخان بىلەن،
قوغدالغان ۋەتىنىڭ زېمىن بىرلىكى.
كاتتىلار مۇنبىرى سەندە ئەڭ ئېگىز،
سەن تۇغقان خىرقىتى ئۇلۇغ شائىرنى.
پەزىلەت باپىدا زۇھەل كەبى ئۇ،
چاقنىغان يورۇتۇپ، ھەقنى — زاھىرنى.
تۇرىدۇ زامانداش نازىم، سەبۇرى،
ئانىغا سۆيۈنگەن بالىدەك گويا. ①
بىلىشكەن غۇربەتلىك كۈنلەرنى راھەت،
ئەل ئۈچۈن ھەممە پەس بولغاچقا شەيدا.
سېنىڭدە مۇھەممەت سادىق قەشقەرى،
پۈتكەنتى تارىختىن ئالتۇن سەترلەر.
توپاڭنى ئىپارغا ئوخشىتىپ گۇمنام،
باغرىڭغا تۆككەنتى كۈمۈش — قەترىلەر.
ئۇخلىماي قانچە تۈن قامۇسلار پۈتكەن،
ئابدۇرېھىم نازارى بۇلاق بېشىدا.
قېشىدا ھەمراھىسى تۇردۇش غېرىبى،
شەرەپكە يار قىلغان ھەر بىر ئىشىدا.
ئەل ئۈچۈن تەجەللى چەككەن رىيازەت،
تىزناپنىڭ سۈيىنى يالاڭياق كېچىپ.
ئايلانغان قاھىرە، باغدات، قۇددۇسنى...
مەرىپەت بېغىنىڭ ئىشىكىن ئېچىپ.

شەۋقىدۇر ئىززەتكە سازاۋەر ئالىم،
نامىڭنى تاراتقان پۈتكۈل دۇنياغا.
سېنىڭدە بېسىلغان گېزىت - ژۇرناللار.
تارقالغان مەدىنە ھەم بۇخاراغا...
مەشقاۋۇل، مۇغەننەس بۆشۈكى ئۆزۈك،
تۈگۈمەس مەرتلىرىڭ نامى - شەرىپى،
ھەر قايسى ئۆزگىچە چاقناپدۇ كۈندەك،
چاقناپدۇ غايىسى، ئىستەك، تەلىپى.
مەشرىقمۇ - مەغرىپمۇ تەلپۈنگەن ساڭا،
بولغاچقا تۆپرىقىڭ مۇنبەت ھەم گۈزەل.
سېنى بىر كۆرمەككە بەيتۇل ھەرەمدەك،
سانا قىسىز دىللاردىن ئاققان كۈي - غەزەل.
بۈيۈك تاڭ ئەلچىسى، چوڭ سەييا ھ جاڭ چيەن،
بۇ گۈزەل باغرىڭغا كەلگەن ئىنتىلىپ.
دوستلۇقىنىڭ ھىممىتى يۈكسەك ھەممىدىن،
«مەرھابا» دېگەنسەن پايانداز سېلىپ.
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بېغىدا ئۆسكەن،
ئۈزۈمنى سەن شۇ چاغ بەرگەن ئەمەسمۇ؟
باشقىلار ئۈجمىنى بىلمىگەن چاغدا-
سەن پىياز، بېدىنى تەرگەن ئەمەسمۇ؟
ئەمەسمۇ سەن ئۆزۈڭ ئۇرۇقىنىڭ پىرى،
ئۈندۈرگەن لوپاڭدا يۇمغاقسۈت، سامساق،
زېمىنىڭ يېغىدا ئوخشىتىپ پولۇ،
ئۆگەتكەن ئۇلارغا تېرىشنى قولماق.
ئەمەسمۇ سەن ئۆزۈڭ دوستلۇق كۆۋرۈكى،
كەيفىڭدە تۇتقازغان ئەنجۈر ھەم ئانار.
جاڭچيەنىنىڭ تۆھپىسى پاكىتقا شاھىت،
ھەر قامۇس، دىۋاندا پارقىراپ يانار...
مىمارلىق سەنئىتى چاقنىغان سەندە،
تام - تورۇس، تۈۋرۈكتىن جەننەت كۆرۈنەر.
ھەر مەسچىت، خانىقا، مەدرىسلىرىڭدىن،
ئالەمچە زوقلىنىپ، كۆڭۈل سۆيۈنەر.
قول - ھۈنەر سەنئىتى تەڭداشسىز سەندە،
قىز - چوكان قولىدا جۇپ ئالتۇن ئۈزۈك.
چاھانىڭ قەيىرى بۇنىڭغا ئوخشار؟
جەننەتنى مۇشەدە دېگەنلا تۈزۈك.

مۇزىكا ئەسۋابى، پىپا ھەم غىجەك،
ياسالغان سېنىڭدە، تارقىغان چەتكە.
ئېۋۇرىقلار، پەتنۇسلار،
ئاپتۇ - چىلاپچا،
ئېرىشكەن ئەڭ ئالىي باھا - قىممەتكە.
كاسىپلار توقۇغان شايى - ئەتلەسلەر،
قانچىلاپ قىزلارغا بەرگەن رەڭ، زىننەت.
پەرغانە، ئورۇنبورك،
كاراچىلاردا...
سېنىڭ خىل ماللىرىڭ تۇرغان رەتمۇ-رەت.
كاشغەر — نامىڭنى بىلىدۇ جاھان،
سەن يىپەك يۇرتىنىڭ لەنگەر - مەنزىلى،
ئانت ئىچكەن بىر قېتىم قىلماققا تاۋاپ،
قانچىلاپ سەئىدى، شىرازى، گەردىزى.②
ئەي قەشقەر قەدىمكى، گۈزەل ئوردوكەنت،
پۈتۈلگەن تارىخقا نامىڭ ئۆزگىچە.
قامۇسلار زوق بىلەن سۆزلەيدۇ تىنماي،
بۇ تەرىپ، قىسمەتتىن پەقەت بىر تامچە.

## ئىككىنچى باب

## تۈن قاراڭغۇلۇقىدىكى شەپەق

ئاھ، قەشقەر، ئۆتمۈشۈڭ كەتمەس ئېسىمدىن،
تۇرىدۇ سىياقىڭ ئالدىمدا ئەنە.
بىر ئۈچلۇق زىخ — يىڭنە سانجىلغان كەبى،
يۈرەكنى تىلغايدۇ مۇدھىش مەنزىرە.
قېنىڭنى يىلىكتەك شورىغان تىنماي،
تېرىكتاپ — زالىملار يەلكەڭگە مىنىپ.
بايلىقنى ياراتقان مېھنەتكەش خەلقىڭ،
ئۆتكەنتى ئەركىسىز، كۆكسى مىجىلىپ.
خاقانلار ئالمىشىپ ئۈستۈڭدىن بىر - بىر،
ئەيش ۋە ئىشرەتتە ئۆتكۈزگەن كۈنلەر.
زار بولۇپ بىر ناندا، بىر تال زاغرىغا،
قۇل كەبى ياشىغان يېتىم - يوقسۇللار.
غۇربەتلىك يېزا، قىر، قىشلاقلىرىڭدا،
دەردمەنلەر ناخشىسى ياڭرايتتى مۇڭلۇق.

باغرىڭ ۋەيرانە، رۇخسارى سۇلغۇن،
گۈلشەندە بىناۋا بۇلبۇل، تۇمۇچۇق.
ئەشۇ چاغ قويىنىڭنى قاپلىغاچ زۇلمەت،
ئاقاتتى مۇڭلىنىپ تۈمەن دەرياسى.
ھېيتگاھدا قازىنىڭ قولىدا دەررە،
نەدىمۇ قاينىسۇن ئەلنىڭ ساماسى؟
قەپەزگە سولانغان تۇمۇچۇق كەبى،
جان بەرگەن قانچىلاپ مەسۇم سەلىمە. ③
خان، ھەزرەت، تۆرەمگە بولغان «ئويۇنچۇق»،
قانچىلاپ ئىپارخان، گۈزەل ئامىنە. ④
«رابىيە ـ سەئىدىن» دەك ئاشۇق ـ مەشۇقلار،
دەسسەلگەن زورلۇقنىڭ پەنجىسى بىلەن.
گۈلەختە ئوت سۇنغان يېتىمچى بالا،
دەرت تۆككەن تەگرىگە ناخشىسى بىلەن.
خەلقىڭنى قۇل قىلىپ ئۆتمەكلىك ئۈچۈن،
ياسىغان چوڭ راۋاق، بۇتخانا، سېپىل.
ھاشارچى جەسىتى قالغان تالادا،
يوقسۇلغا ـ نامراتقا كىم بولغاي كېپىل؟
ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق خوجىلارزاتى،
تولدۇرغان يانچۇقنى ئالتۇن، كۈمۈشكە.
بىر خوجۇن لىق پۇلغا كەلمەيتتى بىر نان،
تالاي جان مەجبۇرتى ئاچتىن ئۆلۈشكە.
قوش زۇلۇم بەختىڭگە سالغانتى چاڭگال،
بۆرىدەك ھۆكۈرەپ قىلاتتى خىرىس.
سەن بولغاچ بىرلوق گۆش ھەم تەييارنىمەت،
يىراقتىن قولىنى سوزاتتى ئىبلىس...
ئاھ قەشقەر قىسمىتىڭ نۇرغۇن ۋە نۇرغۇن،
يۇتقانتى مەرتلەرنى تۈرمە ۋە زىندان.
ئادالەت، ئەركىنلىك، بەخت يولىدا،
ھېسابسىز ئوغلانىڭ بەرگەن ئىدى جان.
غەزەپتىن سەل بولغان قىزىل دەرياسى،
مۇترىبان كەبىلەر بولغاندا قۇربان.
بېلىقلار يېشىدىن ئۇلغايغان تۈمەن،
نەفىسە، تېدىرخان چەككەندە پىغان.

نوزۇگۇم زۇلمەتكە ئۇرغاندا قىلىچ،
قۇت تىلەپ تالاي جان بەرگەن كۈچ-مەدەت.
قەشقەرنىڭ ھەر قىزى بىر شاھى مەردان،
ئەل ـ يۇرتقا جىسمىدىن ئاققاچ مۇھەببەت.
چىللىغان تاشۋاينىڭ راۋابى ئەلنى،
جاھالەت كۆكسىگە خەنجەر ئۇرۇشقا.
تۆش ـ تۆشتىن ياڭرىغان بىر ئوتلۇق خىتاب،
كەڭ، ئادىل، ھەققانىي زامان قۇرۇشقا.
كۈلكىنىڭ شاھ ـ پىرى سەلەي چاققانمۇ،
ئېيتىلگەن ئۈمىدلىك تاڭغا ـ يورۇققا.
ھەر ھېكمەت، لەتىپە گويا ساداق ـ ئوق،
رەقىبكە بەرگەن ئۇ، ئەجەللىك سوققا.
ئەشۇ چاغ مادۇتەي رەڭگىدە قان يوق،
سارىسىم، تەشۋىشتە ياتالمىغان تىنچ.
تىترەتكەن سېيىت نوچى نوچىلىق بىلەن،
نان قېپى ـ چىرىكنى ماگدۇرماي غىرىچ.
قوزغالغان چېغىدا شىڭخەي ئىنقىلاب،
قەشقەردە گىلاۋخۇي،

قەيسەر ئەزىمەت...
«ئىزچىلار» مارشىغا بولغان جۆر-تەڭكەش،
ساناقسىز زىيالى،

تەۋپىق كەبى مەرد...
ئوت ئاچقان جاھانگىر تەلۋىگە ئۇلۇغ،
ئابدۇقادىر موللام ئەلگە رەھنىما.
باشلىغان خەلقىڭنى جەڭگە يېڭىشكە،
دەردمەنلەر رەنجىگە ئىزدەپ چىن شىپا.
ئۇن قاتقان نىلقىنىڭ گۈلخانلىرىغا،
تاشقاندا يوقسۇلنىڭ سەۋرە قاچىسى.
چەشتاغدا ئەنجانباي چاققان چېقىندەك،
قوزغالغان زەرەپشان، تىزناپ ۋادىسى...
قەشقىرىم، ئەشۇنداق سانسىز مەرتلىرىڭ،
ئېلىشقان كالامپاي، شۇم زامان بىلەن.
كۆز نۇرى تىكىلگەن قىزىل شەپەققە،
قانلاردىن يول ئاچقان كۈي، داستان بىلەن.

## ئۈچىنچى باب

### تەنتەنە

گۈل قەشقەر، نۇر قەشقەر، قەدىناس يۇرتۇم،
باققانىڭ تالىڭ ئۈچۈن تەلمۈرۈپ قاراپ.
سۇرۇلگەن چېغىدا قارا بۇلۇتلار،
قىزاردىڭ شەپەقتىن رەڭگىڭ جۇلالاپ.
زالىملار تەختىنى قىلدى كۇمپەيكۇم،
يەنئەندىن ئېتىلغان توپنىڭ ئاۋازى.
ئەسىرلىك ئارمانلار يېتىپ ۋىسالغا،
ياڭرىدى كۆكسۈڭدە ئازادلىق سازى.
ئۆتكەندە كوچاڭدىن رەتلىك سەپ بولۇپ،
ئازادلىق ئارمىيە ناخشا ياڭرىتىپ.
ئالقىشلاپ سانا قىسىز روزەك باشلار،
شۇ تىلسىز راۋابنى چالدى سايرىتىپ.
بەئەينى مەخمەلدىن كىيىم كەيگەندەك،
ياساندى يەكەننىڭ مۇنبەت دالاسى.
نەفىسە زوقلىنىپ بولدى رازىمەن،
خۇشخەۋەر يەتكۈزگەچ تاغنىڭ ساباسى.
ياباغۇ يۇرتىدىن شائىر «قەلەندەر»
«ئارمانغا يەتتىم» دەپ كەيدى زەر-لىباس.
«تويۇڭلار مۇبارەك!»-دېدى شۇل ناقىس،
«قاندا قمۇسۆيۈنمەي، تۇرايمەن تىم تاس؟»...
زەڭگەر رەڭ ئاسماندا ئەيلىدى پەرۋاز،
تىنچلىق كەپتىرى شوخ قانات قېقىپ،
شۇ كۈنى تۇغۇلغان سەبى بوۋاققا،
«ئازاد» نى قويدى ئەل ئۇلۇغ ئات قىلىپ.
ھەر دۇكان، ھەر ئۆيدە قاينىدى سۆھبەت،
ھەر جانىڭ رەڭگىدە كۈلكە تەبەسسۇم.
قوغلىنىپ بىر يولى، كەلمەسكە كەتتى،
يۈرەكنى تىلغىغان ھەسرەت، بۇرۇختۇم.
چىقمايدۇ ئەسلەردىن گۈزەل كارتىنا،
قىزىلنىڭ بويىدا توي بولغان كاتتا.
كۆرمىگەن قەشقەرلىق بۇنداق خۇشلۇقنى،
ھېچنىمە تەڭ ئەمەس ئاڭا شۇتاپتا.
ئىنخ ئەنە، تەبرىكلەپ توينى يىگىتلەر،
ھېيتگاھدا، پەشتاقتا چالدى ناغرىنى.
ئاپئاق چاچ بوۋايمۇ چۈشتى ساماغا،
قاپلىدى تەنتەنە تارىم باغرىنى.
دۆلەتباغ، نەزەرباغ ھەمدە شامالباغ،
راستىلىدى سەيلىگاھ، قۇچاقنى ئېچىپ.
پامىرمۇ توي ئۈچۈن تەييارلاپ سوۋغا،
پارتىزان شېرىنبەك كەلدى ئات مىنىپ.
قاينىدى قاغىلىق، دولان سەنىمى،
قەدىمى بارچۇقمۇ ئاڭا ئۇن قاتتى.
«ياشىسۇن ئازادلىق!
ئەركىنلىك - تىنچلىق!»،
زامانغا مۇھەببەت سەلدەك ئاقاتتى...
مىللەتلەر دوستلۇقى كۆكلەپ باشقىچە،
چاقنىدى كەڭ سەھرا، شەھەر، تاغ - ئىدىر.
جەم بولۇپ قىزىلتۇغ ئاستىغا ھەممە،
باشلاندى سەھىپەڭدە يېڭى بىر ئەسىر.

## تۆتىنچى باب

### يول ئەگرى - توقاي

ئەي ئالتۇن بۆشۈكۈم، ئەي گۈزەل قەشقەر،
سەن بىلەن ئاسمانغا تاقاشتى باشلار.
يۇرتلارنىڭ ئىچىدە بولدۇڭ رەناسى،
دىللارنى خۇش قىلدى مەمنۇن قاراشلار.
يېڭىچە ھاياتىڭ باشلاندى شۇنداق،
تاشلىدىڭ گاڭ قەدەم جاسارەت بىلەن.
ئۈچتۈگسەن سامادا بىر شۇڭقار كەبى،
چىن، پارلاق نىشانغا ساداقەت بىلەن.
يوقسۇللار قەددىنى رۇسلىغاچ راسا،
قىرقىلدى فېئودال بەگلىك يىلتىزى.
نامراتلار قولىغا ئۆتتى يەر ھەم سۇ،
نۇر چاچقاچ گۆھەردەك تۇگەي دەستۇرى [6]
يېڭىشلار دولقۇنى چىقتى ئەۋجىگە،
پاختەكلە خەلقىغە كېلىپ ئالتۇن خەت. [7]
ھېساپسىز تۇردىكام [8] بولدى بەختلىك،
ئەشۇ خەت نامراتقا بەرگەچكە مەدەت.

تۈمەنلەپ دېھقانلار تەشكىللەندى چىلىك،
يۈز ئاچقاچ كۈنسېرى ئۇلۇغۋار پىلان.
ئۆملۈكنىڭ ھەق نۇرى چېچىلغاچ تەكشى،
چىن بەخت ناخشىسى ياڭرىدى ھەر يان.
تونۇلدى جەڭلەردە ئىسما ئىل مەممەت،
ياڭرىغاچ قوينۇڭدا غەلىبە خۇشخەۋەر.
ئىلىم - پەن باغچىسى تولدى گۈللەرگە،
ھەر ساھە ھەر كەسىپ قۇچتى شان - زەپەر...
ۋە لېكىن پەلەكنىڭ يۈزى قارايدى،
ئۈستۈڭدە بىر مەھەل پىقىراپ قۇيۇن.
ياخشىلار مىسلىسىز چەكتى رىيازەت،
غەلىبانچى شايا تۇن ئويىندى ئويۇن.
ئىستانوك تۇختىدى مەزمۇت رېتىمدىن،
تۇختىدى ئورچۇقلار پىقىراشلاردىن.
«ئىنقىلاب» دېيىلسە ئوغاقنى تاشلاش،
ئۇنەمدۇ زىرائەت ۋارقىراشلاردىن؟
يەنە ئەنىڭ گەمىسى ئۆستۈرگەن مەرتلەر،
تۆھمەتتىن بېشىغا كەيدى ئاق قالپاق.
ئىلقىدا «ھۇررا!» دەپ كۆكرەك كەرگەنلەر،
باش - كۆزى يېرىلىپ، يېدى تاش-توقماق.
ماكىزدىن، مەكتەپلەر كۆيدى كۈل بولۇپ،
شۇ ئېسىل بىنالار خۇمدانغا ئوخشاش.
كۆزلەرنى ياشلىغان ئاپەت دەستىدىن،
قانچىلار يۇرت تاشلاپ ئېلىپ كەتتى باش.
ھېيتگاھدا كىتابلار كۆيسە ھەپتىلەپ،
ئىس - دۈتتىن ساماۋ قىلدى دات - نالە.
«تۆت كونا» دېگەندىن بازارلار چاپ-چاپ،
چېقىلدى راۋاب، نەي،

پەتنۇس - پىيالە...

ئاھ قەشقەر، جان قەشقەر، ئەزىزان قەشقەر،
ياشلىدى كۆزۈڭنى ئەشۇ قىسمەتلەر.
قىش كېتىپ باھارنىڭ كېلىشى ئېنىق،
بىكارغا ئېيتىلغان ئەمەس ھېكمەتلەر.
ھەر قانداق سەۋرنىڭ بار ئىدى چېكى،
غەزەپتىن قىرغاققا ئۇرۇلدى تۈمەن.
ھۆسنۈڭنى چاقناتتى يېڭى بىر باھار،
گۈم بولۇپ ئازازۇل،

كۈلگەندە ۋەتەن.

## بەشىنچى باب

## ئۇلۇغ بۇرۇلۇش

چىن بەختىم، شەۋكىتىم سوۋلىتىم قەشقەر،
ھە، قانچە تىنىك داۋان،

يەلىدىن ئاشتىڭ؟
ھە، قانچە قۇربانلار بەدىلىگە سەن،
بۈگۈنكى نۇسرەتتىن خۇشپۇراق چاچتىڭ؟
ئېيپ كەلدى بەختىڭگە بىر يېڭى باھار،
تارىخقا پۈتۈلگەن شۇ ئۇلۇغ يىغىن.⑨
ئالماسنىڭ يۈزىدەك پارلىدى تاڭلار،
بېھىشنىڭ رەڭگىدەك چاقنىدى زېمىن.
تاقالغان دەرۋازا ئېچىلدى بىردىن،
ساپ ھاۋا غۇقىراپ كىردى دىماققا.
باشلاندى ۋەتەندە بىر يېڭى دەۋر،
يېڭىشنىڭ مېۋىسى تولدى گۈلباغقا.
مىسالى تارىمنىڭ ئۆركەشلىرىدەك،
ئىسلاھات شامىلى سوقتى گۈكىرەپ.
تونۇلدۇق جاھانغا ئوچۇق شەھەر دەپ،
تونىدى ئېنگلىز، فرانسوز، ئەرەب...
پاھ، قەشقەر شادلىقىم تۈگىمەس - پۈتمەس،
بۇ يېڭى دەۋردە ھۆسنۈڭگە باقسام.
نامىڭدىن تېخىمۇ پەخىرلىنىمەن،
يىگىتلىك مەڭزىمنى مەڭزىڭگە ياقسام.
زوقلىنىپ قارايدۇ ساڭا ھەممە جان،
كۆرگەندە تاغ كەبى ئۇتۇقلىرىڭنى.
بەختىڭگە سىمۋول قىلىدۇ ياشلار،
شەلپەردەك قىزارغان ئۈپۈقلىرىڭنى.
شەھەردەك شاۋقۇنلاپ يېزا - قىشلاقلار،
باغلارنىڭ ھۆسنىدىن كۆرۈنەر جەننەت.

كات، ساندۇق لىق تولغان بۇغدايغا، ئاشقا،
دوستخاندا مۇراببا،
قەنت - گېزەك نېمەت ...
ھەر ھويلا بىر باغچا، گۈللۈك تال بارالڭ،
باغلىرىڭ لىق تولغان شېرىن مېۋىگە.
شاخلاردا مارايدۇ ئەنجۈر ھەم ئانار،
ئاپىرىن ئەيلەيسەن نەشپۈت، بىھىگە...
بېرىدۇ يۈرەككە مەنىۋى لەززەت،
رادىئو، ئۈنئالغۇ ھەمدە تېلېۋىزور.
پالاسلار ئالماشقان شىرداق، گىلەمگە،
يېڭى ئۆي، يېڭى يول ياسالغان پۈزۈر.
زاۋۇتلار گۈدۈكى ياڭرىسا سەھەر،
ئۈچقۇنلار چاچرىتىپ ئېگىز تۇرخۇندىن.
سەككىز تاش قويىنىدا باتۇر ئىشچىلار،
تاۋلايدۇ ئىرادە چوغدەك يالقۇندىن.
پاھ ئەنە كۆزلەردە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ،
ئېتىلغاچ فونتاندەك كۆكيار نېفىتى.
باشلاندى قۇملۇقتا شاۋقۇنلۇق ھايات،
بولغاچقا خەلقىمىزنىڭ تاغدەك جۈرئىتى.
ئورچۇقلار يېنىدا توقۇمىچى قىزلار،
قوللىرى زەپ چاققان، كۆزلىرى ئويغاق.
شۇ رەڭدار يىپ دىن ھەم چىتلارنى بۈگۈن،
تاڭىدۇ كۆكسىگە تاشكەنتلىك قىزچاق.
سوخودا يېڭىدىن قۇرۇلدى زاۋۇت،
نەقەدەر راھەت ھە، قەشقەر پېۋىسى؟
شىپاڭگا ئىمۇ پەيزاۋات قوغۇنى يېدى،
چاپلايدۇ تاڭلايغا تىلنى شىرنىسى.
ئىسلاھات نۇرىدىن تېپىپ نەپ - ئۈنۈم،
ئوگشالدى ئېگىز - پەس،
ئويمان - دۆڭلىرىڭ.
ياراشقان قوينۇڭغا رەت - رەت ئىمارەت،
پارقىرار ئەينەكتەك پاكىز يوللىرىڭ.
ماگىزىن، رەستىلەر سەندە شۇنچە كۆپ،
ياراشقان قوينۇڭغا سودا مەركىزى.
ئودالدى، ئۆستەڭبوي، يېڭى بازاردا،
ۋە بەلكىم تېپىلار توخۇ سۈت، قىمىزى...

ئۇ كوچا، بۇ كوچا، ئايىغى يوق كوچا،
ئاشخانا، دۇكانلار سەندە تولا گەپ.
ئۆگرە، چۆچۈرە، مانتۇ ھەم پولۇ.
ساقلايدۇ خېرىدار تائامغا ئەدەب.
زەرگەرلەر ئالتۇندىن سوقسا ھالقىنى،
ئاشپەزلەر تارىدەك سوزىدۇ لەغمەن.
تىجارەت - ئوقەتكە ئېچىلغاچ كەڭ يول،
يېتىشكەن سېنىڭدە مىڭلاپ ھۈنەرۋەن.
بۇ يەردە ئۆزۈكنىڭ خىللىرى تولا،
ئاق ياقۇت، كۆك ياقۇت، زەڭگەررەڭ ياقۇت.
يېڭىسار پىچىقى ئەركەككە ھەمراھ،
قىزلارنىڭ قەلبىدە لاۋۇلدىتار ئوت.
بۇ يەردە دوپپىنىڭ خىللىرى تولا،
ئاق بادام، كۆك مانپۇ، مارجان ھەم چىمەن.
شۇ نەفىس كەشتىلەر كۆزنى چاقنىتار،
قىز چوكان گۈلسۈپەت،
ئەۋرىشىم بەدەن.
ئارخېئولوگ، يازغۇچى،
سەييياھ ھەم رەسسام،
قوينۇڭغا يول ئالغان ھەر قانداق كارۋان.
يولىمۇ ئۇ شاڭخەي، خاڭجۇ، خاربىندىن،
سەن ئۈچۈن ئەڭ ئېزىز ھۆرمەتلىك مېھمان.
قەشقىرىم مۇسۇلمان دۇنيا گۈلشىنى،
چەت ئەللىك دوستلارغا ئۆزۈڭسەن لەنگەر.
كەلسىمۇ ئۇ، توكيو، لوندون، يەمەندىن،
قۇچاقلار باغرىڭنى سېنى بىلىپ زەر...
قەشقەرگە كەلمىگەن ھەر قانداق كىشى،
كەلسىمۇ شىنجاڭغا ئەمەستۇر ھېساب.
قەشقەر دەپ ئاتالغان بۇ يۇرتنىڭ نامى.
ئۇيغۇرغا باغلانغان،
بۇدۇر دەل جاۋاب.

## ئالتىنچى باب

### ئىلىم - مەرىپەت گۈلشەنى

قەشقىرىم، ۋەتەننىڭ كۆزى، مۇنارى،
ئۆركىلەي نۇسرىتىڭ، بەختىڭدىن سېنىڭ.

تارىختا «ساچىيە» بۆشۈكى بىلەن،
بۇ قاتتىن ئۇ قاتقا تارالغان نامىڭ.
پاھ بۈگۈن تېخىمۇ پارلايدۇ ھۆسنۈڭ،
ئىلىم ـ پەن يولۇڭغا بولغاچقا قانات.
قاينايدۇ پەن ـ بىلىم بۇلاقلىرىدا،
شىجائەت ئۇرغۇتۇپ يۈز مىڭلاپ پەرھات ···
ئوپالدا،
يېنىدا «ھاي ـ ھاي تېرەك» نىڭ،
ياتىدۇ كۆز تىكىپ شۇ مەھمۇد بوۋام.
دەيدۇ ئۇ: «بىلىمسىز دىلىدۇر ئەما،
مەرىپەت ئىزدەنگىن، ئەۋلادىم، ئاۋام ···».
چاقنايدۇ سېنىڭدە قايتا ياسالغان،
خاس ھاجىپ قەبرىسى ھەيۋەت ھەم كۆركەم.
ھەر ئاخشام تولۇنئاي قىلىدۇ تاۋاپ،
يۇلتۇزلار ئايلىنار كەتمەي بىر قەدەم.
شۇ بىر جۈپ زاماندىش، بىر جۈپ ئۇلۇغزات،
تۆۋرۈكى ئۇيغۇرنىڭ، دىلدىكى ئەختەر.
ئۇلارنىڭ قامۇسى ئەبىدىل ـ ئەبەت،
تۆكىدۇ ئادالەت، ئىلىمدىن كەۋسەر.

..........................................

قەشقىرىم، ئىلىم ـ پەن گۈلىستانى سەن،
ئەنئەنە، يوسۇنلار سېنىڭدە يۈكسەك.
يەسلىدىن باغچىغا، مەكتەپكە قەدەر،
دەرس ئالار ئەخلاقتىن ياش ئۆسمۈر، گۆدەك.
ئەجدادلار روھىدىن ئويغانغان ئەۋلاد،
بۈگۈنكى دەۋرنىڭ يېڭى ۋارىسى.
تۇمەننىڭ بويىدا ئالىي بىلىم يۇرت، [11]
ياشلىرىڭ كۆكسىدە ئارزۇ ـ غايىسى.
قۇرۇلدى قوينۇڭدا ئۇيغۇر نەشرىيات،
ئۇيغۇرنىڭ نامىغا ئوخشايدۇ نامى.
ئۇ يەردە بېسىلغان كىتاب، دىۋانلار،
ئەل ـ يۇرتنىڭ ھوزۇرى، جاننىڭ ئارامى.
پەن ـ تېخنىك ئىشلىرى سەندە مىسلىسىز،
پاختا، شال، قوناقتىن نۇرغۇن ئەلا سورت.
يەر تېرىش ھەم يىغىش ئىلمىي ئۇسۇلدا،
يوللانغان ئەجەلگە زىيانداش قۇرۇت.
توكيودا[12]، تۇنىستا[13] ياڭرىدى مۇقام،
پۈركەلگەچ گۈللەرگە سەنئەت باغچىسى.

ئۇيغۇرنىڭ بىگىسىنى چۈشەندى جاھان،
باق، دىلبەر يۇنۇستۇر مىڭدىن تامچىسى.
ئۆزۈڭسەن مېھرىبان، شەپقەتچىم ئانام،
قوينۇڭدا يېتىشتى ساناقسىز دوختۇر،
جان بەرگەچ شۇ كۈمۈش، يىڭنە ئۇكۇللار،
بىمارلار كۆڭلى خۇش،
غەم ـ غۇسسى يوقتۇر.
سەمەندە قەد كەرگەن شىپاخانىدىن،
مىڭلىغان كىشىلەر كۆردى نەپ ـ ئۇنۇم.
ئاق كېسەل داۋالاش سەنئىتى، ئىلمىي،
ئايرىماي مىللەتنى قىلدى ساغا ئۆم.
تەنھەرىكەت سېپىدە تۆھپەڭ باشقىچە،
ساغلاملىق كۈچ بەرگەچ ئىشچى ـ دېھقانغا.
دارۋازلار ئارقاندا ئەيلىسە پەرۋاز،
بېشىمىز يەتكەندەك بولار ئاسمانغا.
تونۇتتى ئەلئارا نامىڭنى قەشقەر،
چېلىشچى، چەۋەنداز، پالۋانلىرىڭ.
ئاز ئەمەس ئالتۇن، مىس، كۈمۈش مېداللار،
كۆرگەن بۇ شەرەپنى قاي سۇلتانلىرىڭ؟
ئانامسەن، باغرىمسەن، جانانىم قەشقەر،
تۆھپەڭ زور، يۇرت ئارا يۈكسەلدىڭچەندان.
ھاياتىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتنى سۇندى:
يۈكسىلىش ئاچقۇچى ــ مەرىپەت، ئىرپان.

## خاتىمە

ئەي، قەشقەر، ئىناقلىق، دوستلۇق سىمۋولى،
دوستلۇقنىڭ مىسالى قان بىلەن گۆشتەك.
بۇ دوستلۇق ئالدىدا ياۋ بولدى گۇمران،
بۇ دوستلۇق ئالدىدا بەختنىڭ قوش گېزەك.
دەۋرىمىز مېھرىدە ئۇلغايدىڭ، ئۆستۈڭ،
يىللارنىڭ قوينىدا غەلىبىڭنىڭ ئىزى.
سەن باسقان مۇساپە جاھانغا ئايان،
پارلايدۇ قولۇڭدا جەڭ ئەڭگۈشتىرى.
زەپەر ـ شان گۈلىنى قىسىپ چېكىڭگە،
چاقنىغىسەن ئەي قەشقەر بەخت قەنتىنى.
جېنىمىز سەن ئۈچۈن مەڭگۈ تەسەددۇق،
پەرۋاز قىل! قۇچاقلا گۈزەل ئەتىنى.

داستاندىكى ئىزاھلار:

① بۇ مىسرا شائىر ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدىن.

② XI ئەسىردە ياشىغان پارس تارىخچىسى گەردىزى «زەينۇل ئەخبەر» ناملىق كىتابىدا: «بۇ يەردە (قەشقەرنى دېمەكچى — ت) مېۋە - چېۋە ناھايىتى ئۇرغۇن، ئارپا، بۇغداي، قوناقنىڭ كۆپلىكىدىن ئاياغ بېسىپ ماڭغىلى بولمايدۇ، باغۋەنچىلىك ئىشلىرى شۇنداق تەرەققىي قىلغانكى، ئالما، ئۈرۈك، ئامۇتلار ھەتتا يوللاردا چېچىلىپ ياتىدۇ. خۇسۇسەن يىپەكچىلىك ئالاھىدە راۋاج تاپقان» دەپ يېزىپ، قەشقەرنى كۆرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنىدى.

③ سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىسى سەيپىدىن شاكىروپنىڭ قەشقەر ھەققىدە يېزىلغان «شاتۇت» ناملىق ھېكايىسىدىكى ئايال پېرسوناژ.

④ ئاتۇشتىكى بىر قېتىملىق چوڭ كەلكۈن ئاپىتىدە مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلمەي كۆز يۇمغان مۇھەببەت قۇربانى.

⑤ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى مەركەزنىڭ ھۆججىتى.

⑥ 1952 - يىلى 3 - ئايدا پاختەكلە دېھقانلىرى ماۋجۇشىغا خەت يېزىپ يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىنكى شادلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا، ماۋجۇشى ئۇلارغا جاۋاب خەت يازغان.

⑦ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «تۇردى قايسىنىڭ خۇشاللىقى» ناملىق ھېكايىسىدىكى پېرسوناژ.

⑧ ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى.

⑨ XI ئەسىردە قەشقەردە قۇرۇلغان ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى. ئەينى چاغدا بۇ مەكتەپكە قاھىرە، باغدات، كابۇل، تاشكەنت، قوقان قاتارلىق جايلاردىن تالىپلار كېلىپ ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان.

⑩ 1962 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑪ 1988 - يىلى بىر قىسىم قەشقەر سەنئەتچىلىرى توكيوغا بېرىپ «ياپونىيە - جۇڭگو كۆرگەزمىسى» نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئويۇن قويغانىدى.

⑫ 1986 - يىلى بىرقىسىم قەشقەر سەنئەتچىلىرى تۇنىسقا بېرىپ خەلقئارا ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشقانىدى.

ئۆمەرجان ئوسمانى (شىپاھى)

# ئالىم ئۆلمەس، ئەجرى كۆمۈلمەس

(مەرسىيەلىك تەرجىئى بەنت)

قاراسلاپ پەلەكتە چاقماق چاققانىدەك،
تۈمەنگە سەل كېلىپ تەتۈر ئاققانىدەك.
مۇجىمدى يۈرەكنى دەھشەت شۇم خەۋەر،
كۆكسۈمگە تۇيۇقسىز چوغنى ئاتقانىدەك.
تىترىدى ۋۇجۇدۇم مىسالى ياپراق،
ھۆرپىيىپ ئەزرائىل ماڭا باققانىدەك.
ئىشەنمەي ئۆزۈمگە تىڭشىسام يەنە،
شۇ خەۋەر ئاڭلىنار چايان چاققانىدەك.
ئاھ، ئېسىت! كۆز يۇمدى ئەھمەد زىيائى،
دەمدارەك بۇقۇلدار قەلبىم نىدايى.

دەۋرىمىز ئالىمى، پەيلاسوپ، شائىر،
شاگىرتلار ئەندازى، يازغۇچى ماھىر.
ئاي، يىللار ۋەزنىدىن پۈتكەزدىڭىز توم،
ئىلىم - پەن زۆھراسى ئۈچۈن بوپ تاھىر.
پۇل - دۇنيا، چوڭ مەنسەپ قىلماپمۇ ئىنئام،
ئېتەلمەي سىزنى رام، قان يۇتتى ساھىر.①
نەقىسمەت - كۈنلەرنى كەلتۈرسۇن تارىخ،
ئەتتىڭىز چىن غۇرۇر، پاكلىقنى زاھىر.②

① ساھىر - سېھىرگەر، ئالدامچى. ② زاھىر - ئاشكارا.

ۋادەرىخ...! مۆھتەرەم ئەھمەد زىيائى،
مەرىپەت ئەھلىنىڭ دىل ئېڭتىزارى.

قانمايمەن ئوقۇسام سىزدىن بىلىمنى،
ئەسلەيمەن «رابىيە بىلەن سەئىدىن» ... نى؛
تونۇلدى قوش «دىۋان» ① جاھان خەلقىگە،
سىزگە بەخش ئەتسە ئاز ئاسمان - زېمىننى.
نېمە دېگەن ئىستېئىداد ئاڭا مۇجەسسەم؟
بۇ سوئال جاۋابقا قىستار دىلىمنى.
«ئەسىرىمىز فارابى، ناۋايىسى سىز!...»
ئورناتتىم قەلبىمدە شۇنداق سېزىمنى،
بەرھەق، راست! ئەشۇ سىز - ئەھمەد زىيائى،
شاھىدكى قەلەمنىڭ تامغان سىيايى.

ئەل، مىللەت غېمىنى دائىم يېدىڭىز،
«ئىلىم - پەن، ئىرپاندىن كۈچ تاپ» دېدىڭىز.
نادانلىق خۇراپى ئىللەتكە قارشى،
ھەر جەڭدە قەتئىيەت، قەيسەر ئىدىڭىز.
ۋەتەننىڭ بىپايان تاغ - دالىسىنى،
گۈللەشتە زەربىدار سەپكە كىردىڭىز.
تۆھپىڭىز مەڭگۈلۈك بولدى ئابىدە،
ھېكمەتنىڭ تەشناسى دىلغا سىڭدىڭىز.
سىز ئۈلگە - رەھنىما ئەھمەد زىيائى،
مىللەتنىڭ سىز بىلەن زور ئېتىبارى.

سىز بۇغرا ئەۋلادى، زەردىن پۈتكەنىدەك،
كەلدىڭىز ئالەمگە تاغنى يۈدكەنىدەك.
بۇ قەدىم مىللەتنىڭ ئىقبالى ئۈچۈن،
ئاسماندىن گويا كى خىزىر چۈشكەنىدەك!
سىز بىلەن پەخىرلىك ئىدۇق شۇ كەمدە،
كەتتىڭىز قەيەرگە يۇلتۇز كۆچكەنىدەك!؟
نە ئىسيان، نە تۇغيان، نە مۇسىبەت بۇ،
مەرىپەت كۆكىدە قۇياش ئۆچكەنىدەك؟!...
ئەلغىراق - ئەلغىراق!... ئەھمەد زىيائى،
بىزگە رەھىم ئەتسىچۇ شەپقەت ئىلاھى!

ياق، ياقەي، ئالىمغا مۇتلەق ئۆلۈم يوق!
قۇترىسا ئەزرائىل كۇرمىڭ قەلەم ئوق!
سىز - چىراغ، پەرۋانە - ئىلمىي تالىپلار،
ئېلىشقا تەشنادۇر بىلىم، ئىلھام، زوق...
سىز - بۇلبۇل، بىز - بىر گۈل، بۇلبۇل سايرىسا،
ئېچىلىپ قىزىل گۈل، چىقىرار ھاردۇق.
شۇ ئىشەنچ، ئارزۇدا ئىدۇق تەلەپكار،
سىز بولغاچ مەدەتكار، يۈرگەن كۆڭۈل توق.
ئاھ، ئېسىت! كېتىپسىز ئەھمەد زىيائى،
كۆز يېشىم ئەشئارنىڭ بولدى سىيايى.

ئاھ، نېتەي، قۇتلۇق ئىز، نۇر - زىيا قالدى،
بىباھا ھېكمەتلىك تۇتىيا قالدى.
مۇبارەك قولىڭىز تۇتقان يادىكار،
تەۋەررۈك پەي قەلەم، زەر - سىيا قالدى.
ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس ئېتكۈدەك،
ئەجرىڭىز مېۋىسى شۇنچىلا قالدى.
شۇ بىزگە تەسەللى، ئەلھۆكمىلىللا،
ۋە لېكىن، زور پىغان مۇپتىلا قالدى.
خەيرىدىبەت، ئەلۋىدا ئەھمەد زىيائى،
گەر كېرەك بولسا جان مىڭلاپ پىدائى.

سىز ھايات! چوكانىيار - تارىم بويىدا.
سىز ھايات! خانتەڭرى، بوغدا تويىدا.
سىز ھايات! كۈچ تاپقان بەختىيار ئەۋلاد،
دەۋرىمىز پەرھادى - شىرىن ئويىدا.
سىز ھايات! ئىستانبۇل، لوندون، قاھىرە،
چاڭئەندىن باشلانغان يىپەك يولىدا.
سىز ھايات! ياشايسىز بىز بىلەن مەڭگۈ،
مەرىپەت گۈلشىنى، قەسىرى قويىندا.
سىز ھايات! ئى ئۇستاز ئەھمەد زىيائى،
كۆي قاتماق قەرزىم دەپ بىلدىم شىپاھى.

1989 - يىل، 13 - دويابىر.

---

① قوش دىۋان — «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئەسەرگە تەييارلاشتا قوشقان تۆھپىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

# شىئېرلار

## ئالبوم

بۇكۇننى ئەتە،
ئەتىنى ئۆگۈن،
نۆۋىتى بىلەن ئەسىر ئالىدۇ،
مەنىلىك ئۆتكەن ھەر بىر مىنۇتىنىڭ،
يۈرەك قېتىدا ئىزى قالىدۇ.
ئۇنتۇلماس ئەشۇ ئۆمۈر ئىزىنى،
ئەسلىتىپ ئالبوم ئەسكە سالىدۇ.

## ئارمىنىم

يوق ئىدىم، بار بولۇپ كۆز ئاچتىم ئاخىر،
قاراڭغۇ دونيادىن يورۇق ئالەمگە.
كۆز ئاچتىم ۋە لېكىن كۆز يۇمدى ئانام،
ئىتتىرىدى يەر ـ زېمىن مېنىڭ نالەمگە.
ئەسىر قىپ ئالىسمۇ شۇم قارا ماتەم،
جان ئاتام ئۇستۇردى قىپ مېنى ئادەم.

ئوخشىدى ئىنسانغا سىياقىم ـ تۇرقۇم،
قاراڭغۇ دىلىمھەم پېشانەم بىراق.
«مەرھابا!...» دەپ قۇچاق ئېچىپ بىر ئۇستاز،
ئىلىمدىن دىلىمغا ياقتى نۇر چىراغ.
يورىدى دۇنيا، دىل ھەر ئىككىل ئالەم،
پارلىدى پېشانەم، ئىقبالىم ـ غايەم.

غايە دەپ ئاتلاندىم مۇشكۇل سەپەرگە،
چۆلدە قۇم، جۇت بوران توستى يولۇمنى.
غەرەزسىز ياخشىلىق، پاك دوستلۇق شۇچاغ،
گويا كى خىزىر بوپ تارتتى قولۇمنى.
ئۆلمىدىم، ئۆلمىدى ئىقبالىم ـ غايەم،
ئىشەندىم: يۈز ئاچقاي مەنزىلدە ئايەم!

ئويندۇدۇم ئايەمدە بىر جانان بىلدى،
ئەپلىدي شادلىقتا پەرۋاز ياشلىقىم.
ۋە لېكىن، بىلمىدىم ئايەمدىن كېيىن،
نەلەرگە كەتتى ئۇ قەلەم قاشلىقىم؟!
مۇجىدى يۈرەكنى ھەسرەتلىك ئەلەم،
تۆكتى ياش مەن بىلەن قېتىلىپ قەلەم.

قەلەمكەش جەڭچى بوپ ئاتلاندىم جەڭگە،
شائىردەك ئۆزۈمچە ئەشئارلار يازدىم.
ۋە لېكىن، ھەقىقىي ئەشئار بابىدا،
دوستلۇرۇم، شەكسىزكى ـ كۆپچاندىم، ئازدىم.
ئوخشىدى تەھرىرىم، پاك، نامىسىز ئادەم،
كۆز تىككى شېئىرىمغا يۇرت، خەلقۇ ئالەم.

كۆتەردى دوستلۇرۇم، كۆتەردى يۇرتۇم،
ئىپتىخار، شادلىققا لىق تولدى قەلبىم.
كىرىشتىم ئىجادقا ئىشتىياق باغلاپ،
جان بەردى ھەر قۇرغا جانىجان خەلقىم.
ئاتىدىم ھەممىنى خەلقىمگە ھەردەم،
كۆل ئاچتى شۇندىلا ئىجادىم بەردەم.

«خەلقىم!» دەپ ئاتلاندىم جەڭگە كۈرەشكە،
رەقىبلەر ئوق ئېتىپ تۆكتى قېنىمنى.
ۋە لېكىن، ناتونۇش سېستىرا سەبداش،
قان بەردى...قۇتقازدى ئىمجان جېنىمنى.
ئايلاندى مەركىگە قايغۇلۇق ماتەم،
يۈز ئاچتى باشقىچە كۈلكىدە ئالەم.

ئارمىنىم ـ كۈلكىسىز تۈنلەر قوينىدا،
شام بولۇپ بىر مىنۇت چاقنىسام ـ ئۆچسەم.
نە ئارمان شۇ ئاددىي نۇرلۇرۇم بىلەن،
كەلگۈسى ئاڭلارنىڭ ھۆسنىگە كۆچسەم.
ياشايدۇ ئارمانلار ئەۋجىدە ئادەم،
مەڭگۈتتۇر ياخشىلىق مەۋجىدە ئالەم.

### كىشىلەرنى تېز قېرىتمايلى بىز

بۇ ئالەم پەيدا بولغاندىن بېرى،
كىملەر ئۆمۈرگە قېنىپ ئۆتكەندۇ؟
بۈيۈك شاھلاردىن تا گادايغىچە،
كىملەر ئارمانىغا تولۇق يەتكەندۇ؟!

تۇرسا ھايات ھەم ئارمان جەۋھىرى،
كىملەر قەدىرسىز دېسۇن ياشلىقنى؟
كىمۇ خالىماس ياشاپ ياش پېتى،
باغرىغا باسسا قەلەم قاشلىقنى؟!

شۇڭا كىشىلەر ئارا بەزىدە،
ياشلار ئالدىغا سۈرۈلۈپ قالار.
ئۇنى كەينىگە سۆرەپ دوستلىرىم،
خەقنى قېرىتساق نە پايدا بولار؟!

تەگكىشىپ ياشنى، سۆرەپ كەينىگە،
كىشىلەرنى بىز قېرىتمايلى تېز.
ھايات جەۋھىرى ئاشۇ ياشلىقتىن،
«بېزار» دەلەيمىز قېنى قايسىمىز؟!

ئىنسان گوياكى بىر مەجنۇن بولسا،
ئۆمۈر ئەمەسمۇ مىسالى لەيلى؟
مەجنۇن لەيلىگە قانچىلىك كۆيسە،
ئەمەسمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى؟!...

كىشىلەرنى بىز قېرىتمايلى تېز،
ياشلىق يالقۇنى دىلدىن ئۆچمىسۇن.
ئاشۇ يالقۇننىڭ ھارارىتىدىن،
ھېچبىر كىشىدىن ياشلىق كۆچمىسۇن!!

### شېئىرنىڭ خاتىرىسى

ھەر گۈلدە ئۆزگە رەڭ، پۇراق بولغاندەك،
ھەر جاينىڭ ئۆزىگە خاس خاتىرىسى بار.
ئېسىمدە شېئىرىمغا كەلگەن كۈن ئەبەد،
يەردە گۈل، ياندا گۈل، كۆكتە كۈمۈش قار.

قار دېگەن زېمىستان زىننىتى تۇرۇپ،
غەيرىغۇ كەچ باھاردىمۇ ياغقىنى؟
(ياق بىلدىم، ئىكەنغۇ ئۇ تەبىئەتنىڭ
«مەرھابا!...» دەپ بىزگە چاچقۇ چاچقىنى).

چاچقۇلار، چاچقۇلار، كۈمۈش چاچقۇلار،
كېلىڭلار قەلبىمگە سىڭىپ كېتىڭلار.
مەيلى مەن ئارماندا كېتەيىن مۇندىن،
مۇرادۇ ـ مەقسەتكە سىلەر يېتىڭلار!

### تەشنالىق كۈيى

ئولتۇرىمىز يانمۇ يان ئەركەم،
گويا تىلدىن قالغاندەك جىم ـ جىت.
بىراق، دىلدا غايەت تەشنالىق،
ئاھ، بولارمۇ ئۇ شۇنداق بىت ـ چىت؟!

مەن قارىسام ئىنتىلىپ ساڭا،
چاچلىرىڭنى تاراپ قويىسەن.
قارىمىسام، يەرنىڭ تېگىدىن —
پات ـ پات ئوماق قاراپ قويىسەن.

بىلسەڭ ئاشۇ قارىشىڭ بىلەن،
يۈرىكىمگە نەقىش ئويىسەن.
ئېيتقىن دىلبەر، ۋىسال شارابىڭ
دىل جامىغا قاچان قۇيىسەن؟!

1988 ـ، 1989 ـ يىللار، لەنجۇ

**ياسىن ئىسمايىل**

## ئاچچىق ھېسلار

### ئەخمەد زىيائىغا مەرسىيە

تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ گەر بېشىمغا،
ياشار ئىدىم قىسمىتىمگە نالىماي.
يىغلىماقتا بۈگۈن مېنىڭ ۋۇجۇدۇم،
يامغۇر ئوخشاش ياشلار تۆكۈپ توختىماي.

ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلىمەكتە ئاھ - پىغان،
يۈرىكىمنى بىرسى ئېلىپ كەتكەندەك.
سامانغۇ چىرايلىرى تۇتۇلغان،
دەرت - ھەسرىتىمگە بېرىپ يەتكەندەك.

كۆز ئالدىمنى تورار سۈرلۈك قاراڭغۇ،
ئۆرتىنىمەن ئاچچىق ئەلەم - ئازابتا.
بىر مۆھتەرەم زاتنىڭ جەسۇر ھاياتى،
كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ بارار شۇ تاپتا.

ئۇ ھاياتتا زور نۇر چېچىپ ئەقلىدىن،
قەدىم تارىخ گۈلشىنىنى يورۇتقان.
يۈسۈپ بوۋام يازغان ئۆلمەس ئەسەرنى،
ئەجرى بىلەن ئەلگە قايتا تونۇتقان.

ئۇ ئىزارى قايغۇسىغا جۆر بولۇپ،
چىن مۇھەببەت ئۈچۈن يىغلاپ ياش تۆككەن.
رابىيە ھەم سەئىدىنىڭ ئىزىغا،
ھۆسىن قوشۇپ زۇمرەت تەردىن گۈل چەككەن.

ئۇ ياشىغان يېتىپ ھايات قەدرىگە،
ئىجاد ئۈچۈن سىيا قىلىپ قېنىنى.
كىمگۇ شۇنداق ئۆتەلەيدۇ ھاياتتا،
ئەل - يۇرت ئۈچۈن ئايىماي ئۆز جېنىنى؟!

يىغلىماقتا بۈگۈن مېنىڭ ۋۇجۇدۇم،
ھەسرەت بىلەن ياشلار تۆكۈپ شۇڭلاشقا.
يۈرەك سۆيگەن كىشىسىدىن ئايرىلسا،
بولمايدىكەن ھەرگىز - ھەرگىز چىداشقا.

## زۇنۇن قادىرغا مەرسىيە

زېمىن تىترەر ئاجىز ياپراقتەك،
تىنىق توختاپ قالغان ھاۋادا.
خىرەلەشكەن قۇياشنىڭ كۆزى،
ھالسىز ناخشا كېزەر سامادا.

تارىم ئۆكسۈپ يىغلار ئۈنچىدە،
خانتەڭرىنىڭ ئېگىلگەن بېشى.
باسالمايدۇ دەرتنى قىلچىلىك،
تەبىئەتنىڭ ھەسرەتلىك يېشى.

يېتىم قىزدەك سارغايغان گۈللەر،
قېتىپ قالغان سۈرەتتەك گويا.
ئۇنى ئۆچكەن خەۋەرچى شامال،
قاتناپ يۈرەر مەھەللەر ئارا.

پەرىشتىدەك گۈزەل سىمانى،
نەدە سەن؟ دەپ ئىزدەر ھەر يۈرەك.
ساپ دىللارنى ئېلىپ قاچامسەن،
دائىم شۇنداق ۋاپاسىز پەلەك؟!

قاغجىرىغان تۇپراق مىسالى،
قۇرۇپ كەتتى ھازىدار كۆزلەر.
چېچەن تىلغا كەلمەيدۇ ھەرگىز،
«ئۇ ئارىدا يوق» دېگەن سۆزلەر.

شۇنداق ئاشۇ تەۋەرۈك كىشى،
ئارىمىزدا بار تېخى ھايات.
سەنئەت ئۈچۈن يول ئېچىپ مەڭگۈ،
ياشار زۇنۇن قادىر دېگەن ئات!

## شائىر ئۈچۈن ياراتتىڭ ئۆلگە

(ئۇستاز تېيىپجان ئېلىيوپ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئەزرائىلنى مەغدەتتىڭ قانچە،
بولمىسىمۇ سېنىڭ ئۈن بېشىڭ.
شائىر ئۈچۈن ياراتتى ئۆلگە،
قىسسىلەرگە تولغان كەچمىشىڭ.

ئۆز ئەجرىڭدىن تاپتىڭ تەسەللى،
تاغ ۋەزنىدەك ئېغىر دەردىڭگە.
شادلىق تاپساڭ ئەگەر زەررىچە،
ئېلىپ قالماي چاچتىڭ خەلقىڭگە.

شائىرغا خاس ياشىدىڭ، ئەلگە،
قەلەم بىلەن ئېچىپ نۇرلۇق يول.

سېھرى كۆيۈك تالاي دىللارنى،
بىر - بىرىگە چاتتى بولۇپ گۈل.

كېزىپ يۈرەر كۆيۈك ھاۋادا،
شاماللارغا بولۇپ پەر - قانات.
پەخىرلىنەر سەندىن ئانا يۇرت،
ناخشاڭ بەرگەچ مەغرۇر بىر ھايات.

ئەجىر تۆھپەڭ شۇڭا مەشرەپكە،
ھەر قەدەمدە سېنى مىڭ چىللار.
ھاياتىڭغا تىكلىندى مۇنار،
سەن ئارقاڭدا قالدۇرغان يىللار.

**ئەمەتجان قادىر**

## ئەلۋىدا، ئەھمەد زىيائى

بەللەردە ئاق، خەلقىم كۆزىدىن،
يامغۇر كەبى تۆكۈلمەكتە ياش.
(يىغلىماستىن قانداقچە مۇمكىن،
بۇ مۇسىبەت قايغۇغا چىداش؟!)

زىيائى دېسە، ھەر بىر كىشىنىڭ،
كۆز ئالدىغا كېلەر بىر سىما.
شېئىرىي چېچەك توزىمايدىغان،
ئۇتلۇق شائىر، ئۆچمەس نۇر - زىيا.

بىرگە ئىدىم (مەن ياش، ئۇ قېرى)
قانخۇر يىللار — پەيتى مۇشەققەت.
گۇناھ ئىدى ئۇ چاغ دىلىدىكى،
پىنھانە سىر — سۆيگۈ، مۇھەببەت.

تۇرسا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش،
مەيدانلىرى بولسا ئىمتىھان.
غالىپ كەلدى ھامان ئۇنىڭدىن،
شائىردىكى سۆيگۈلۈك ۋىجدان.

تىل كېسىلگەن پەيتتە، تەپەككۇر،
ئىلىم سۆيەر ئادەم ئۈچۈن، بەس.
مىڭ نوتۇقتىن ئەۋزەل،
بىھۇدە
سۆزدىن ھەزەر ئەيلىگەن نەپەس.

مەن كۆرەتتىم ئۇنى ھەر كۈنى،
شۇل ھالەتتە
(ئەمەس ھېچ يالغان).
كاللىسىدا بىر دەريا پىكىر،
شۇنچە جىمىغۇر، غەمكىن خىيالچان.

خىيالچانلىق — ئىشقى ئوي - پىكىر —
ئىكەنلىكىنى مەن بىلەي نەدىن؟
رابىئە دەپ چالغانكەن راۋاب،
يىغلاپ قەلبى بوپ گويا سەئىدىن.

ئۇ نەزەربەنت، لېكىن پىكرىنىڭ،
قۇشى ئەركىن قىلغانتى پەرۋاز.
تىزىپ ئاشۇق - مەشۇق قىسسىسى،
ئۈچۈن چىمەن - جەننەتكە ئەنداز.

پۈتكەن شۇنداق «رابىيە - سەئىدىن»،
داستانىمۇ ئاخىر يېزىلىپ.
قەلبىگە چىڭ،
ئولتۇرغان چېغى،
تامنى يۆلەپ دەردتىن ئېزىلىپ.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن يۈكسەك،
سانىلاتتى ئىجادىي ئەمگەك.
ئىلىمنى دەپ ئۇنتۇپ ئۆزىنى،
قان - تېرىدىن ئەلگە نەپ بەرمەك.

خىيال قىلساڭ، تۇرمە ئىچىدە،
ئۇخلىماستىن قانچە تۈن - كېچە.
«دىۋان»① كەبى بۈيۈك كىتابنى،
ئاسان ئىشمۇ قىلىش تەرجىمە.

① دىۋان — تۈركىي تىللار دىۋانى.

AltunOq

چۈشەنسۇن دەپ ھازىرقى تىلدا،
شۇ قەدىمى كىتابنى ئاۋام.
شەرھى يېزىش — تەرجىمە ئىشىدىن،
ئەتتى تۆت يىل ئىچىدە تامام.

ئۇ ئىدى ئاھ، شۇنداق يېتىلگەن،
يېتۈك تالانت شائىر ۋە ئالىم.
تارىخچىلار دېسە پىركامىل،
ئۇستازىمىز دەيتتى ھەر نازىم.

مەيلى نېمە دېمەي تاگدىكى،
چولپان ئىدى، خەلقىمگە پەخىر.
يىراق ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى،
باغلاپ تۇرغان بىر تېرىك زەنجىر.

بولسا تېرىك، بۈگۈن ئىجادىنىڭ،
يوللىرى كەڭ ئېچىلغاندا، ئۇ.
يازمىشىدىن كۆپ شېرىدىن سۇخەن،
ئاڭلار ئىدۇق بىلىپ «قۇتادغۇ».

مىسرالارنى تۇرغۇزدى قاتار،
ئەزرائىلغا ئاچچىق كايىشىم.
نېمىلەرنى دېگۈزمەس ھەسرەت،
ئاشقان تۇرسا چەكتىن نالىشىم.

ياخشىغا كۈن، يامانغا ئۆلۈم،
يوق دېگەنلىك شۇمىكىن زادى؟
رازى بولغىن، شۇ بولسا تەقدىر،
ئەلۋىدا، ئەي ئەھمەد زىيائى!

**ئەسقەرجان ئوسمان**

## ئىككى شېئىر

### ئاھ، پەرىشتەم

ئاھ پەرىشتەم تاتلىق كۈلكەڭنى،
ئېلىپ كىردىڭ كېچە چۈشۈمگە،
سۆيگۈڭ ماڭا سۆيگۈ ئىلاھى،
شۇڭا سەن شاھ كۆڭۈل ئۆيۈمگە.
ئاھ، پەرىشتەم كۆڭلۈڭنى بۇزۇپ،
پاك دىلىمدىن ئىزلىمە تۇمان.
كۆيۈك كەبى تۈگەپ ئىشەنچەڭ،
سۆيگۈمىزنى بۇزمىسۇن گۇمان.
ئاھ، پەرىشتەم پىنھانىدا يۈرمە،
سىما يىڭنى يارىتسۇن كۆزۈم.
يېزىپ قوياي قەلبىڭگە مۇنداق:
« سېنى پەقەت سۆيىمەن ئۆزۈم ».
ئاھ، پەرىشتەم قوي باغرىمغا باش،
سۆيگۈمىزدىن بولسۇن كۆڭۈل شاد.
ئاشىقلارغا بولۇپ بىز سۇلتان،
يارىتايلى پاك قۇتلۇق ھايات.

### ھەۋەسىمگە غۇرۇرۇم سۇلتان

مەغلۇپ بولغان كۆڭگا ھېسلىرىم،
چۈشكۈنلۈكنىڭ تۇتقۇنى ئەمەس.
سۆيۈلۈشكە بولسىمۇ مۇشتاق،
سۆيۈشلەرگە قىلماي مەن ھەۋەس.
ھەۋەسىمگە غۇرۇرۇم سۇلتان،
پىغانلارغا كەتمەيمەن ئېڭراپ.
كوكۇم ئىچرە ساقلىما ئەمدى،
يول ئالدىمەن سۇبھىگە قاراپ.

**تەلئەت ئاتاۋوللا**

## شېرلار

### يارىشىپتۇ ئاق كۆينىكىڭ ئاق پەرى

سەن ، مەن ئۈچۈن ماتەم بولغان تويۇڭدا،
باردىڭ بۈگۈن ئامالسىز ئـاھ، دىلبىرىم.
باغرىم تونۇش ئاشۇ ئوماق بويۇڭغا،
يارىشىپتۇ ئاق كۆينىكىڭ ئاق پەرىم.

ھازىردارى دەيمۇ تۇتقۇن سۆيگۈنىڭ،
ئاققۇ كەبى ئاشۇ ئاپئاق تورقۇڭنى.
قۇلى بولدۇم ئاھ، بىر سارالڭ سۆيگۈنىڭ،
ئۇنتاي قانداق نىگاھىڭ، ناز خۇلقىڭنى.

ئۆلدى «يوسۇن» ئاتلىق قاتىل قولىدا،
لەۋ يېقىشىپ بەرگەن ئوتلۇق قەسەملەر.
(جان بەرمىدۇق، سۆيگۈمىزنىڭ يـولىدا)
بىراق كۆزلەر، بولدى سـەرسان ـ قەلەندەر.

گوناھكارى ئەمەس سەن دەرت، پىغانىمنىڭ،
(يۈرىكىمدەك ئايان ماڭا يۈرىكىڭ.)
قارىلىقى بولسۇن ئـۆلگەن ئارمانىمنىڭ،
سەن تويۇڭدا كەيگەن شۇ ئاق كۆينىكىڭ.

### ھايات سىرلىق ئەمەس، ئۆزىمىز...

ھايات ئۇنچە سىرلىق ئەمەس ئەسلىدە،
ئۇنى سىرلىق قىلىپ قويغان ئۆزىمىز.
ئالدىراشقاچ نام ـ مەنپەئەت قەستىدە،
ھېچ نەرسىنى ئېنىق كۆرمەس كۆزىمىز.

بىزگە سىرلىق كۆرۈنىدۇ ھەر نەرسە،
غالىپ كەلگەچ شۇ ئەقلىمىز، نەپسىمىز.
«غۇرۇرىڭنى سات» دەپ ئەگەر پۇل بەرسە،
سېتىلىدۇ ئادىمىلىك نەسلىمىز.

ھايات ئۇنچە سىرلىق ئـەمەس ئـەسلىدە،
بىز ھاياتنى سېھىرلەيمىز، چۈمكەيمىز.
سىرنىڭ بەرى تۇرسا ئىنسان بەستىدە،
لېكىن، ئۇنى بىز ھاياتقا دۆڭگەيمىز.

سىرلىق تۇرساق ئۆزىمىز ئەي ئادەملەر،
رەنجىشىمىز نەچۈن ھـايات سىرلىق دەپ.
نەپ ئۇچۇنلا يۆتكىلىسە قەدەملەر،
بولماس ھايات ئۇنچە سىرلىق ـ مۈرەككەپ.

### تومۇزدىكى سەھرا

دوۋزاق كۆچۈپ چىققاندەك گويا،
ئوت تەپتىدە چايقىلار كەڭلىك.
قىز كۆكسىگە تەگكەندەك ئوقيا،
گۈللەر سولغۇن ـ يوقاتـقان ئەڭلىك.

ئاسمان ئوخشار تىنىق بۇلاققا،
كۆرۈنمەس ھېچ كەپتەر پەرۋازى.
ماتەم كۈيى بىرەر قۇلاققا،
تۇل موماينىڭ «لاي ـ لاي» ئاۋازى.

تىنچىقلىققا بېرەلمەي بەرداش،
تىل سوزىشار قوتاندا چارۋا.
تولۇم ئاسقان دەرۋىشكە ئوخشاش،
توزان يولدىن كېلەر جۇل ھارۋا.

ئاچچىق تەرگە چۈمگەن بۇ سەھرا،
ئوخشار خۇددى دەرمانسىز چالغا.
بار مەۋجۇدات شـۇنچە تەقەززا،
بىر دەقىقە غۇر ـ غۇر شامالغا.

**ئۆمەرجان سىدىق**

## ئىككى شېئىر

### نابۇت بولغان سۆيگۈ

كۆكرىكىمدە تۆرەلگەن ھېسسىيات،
تۇغۇپ قويدى ئەجەب بىر تۇيغۇ.
خىياللىرىم ئېرىشكەن قانات،
ھارام قىلدى كۆپ قېتىم ئـۇيقۇ.

چۈشلىرىمدىن تامچىغان خىيال،
مەپتۇن قىلدى ئارزۇلىرىمنى.
دېرىزەمدىن ئاڭلانغان رويال،
چېچەۋەتتى ماۋزۇلىرىمنى.

بۆسۇلۇپ ئاھ، بۇرۇنقى قامال،
نابۇت قىلدى سۆيگۈ ناخشامنى.
غەزىپىمدىن ئۇركىگەن ئامال،
ئۇنتۇلدۇردى تاتلىق ئاخشامنى.

كۆزلىرىمگە سانجىلغان قىلىق،
سەسكەندۇردى مەجرۇھ دىلىمنى.
ئارزۇيۇمغا دەسسىگەن «سېلىق»،
قىسقا قىلدى گاداي تىلىمنى.

دىل بېغىمغا ئۈنگەن يۇمران بېخ،
شۇم قولۇڭدا بولدى ئاھ نابۇت.
يېتىلمەيلا ئۇسسۇۋېلىپ مىسخ،
ئۆز ئىلكىگە ئالدىڭۇ تاۋۇت!؟

## ئارمان

سەھەر.
تېخى قۇياش چىقمىغان،
كۆل بويىدا تۇرار بىر بالا.
سۇغا قاراپ ئولتۇرار ئۇ جىم،
كۆركەن چۈشى قالغانىدەك چالا.

كۆل بويىدا ئولتۇرار بالا،
(يەتتە ياشتا بولسا كېرەك ئۇ).
شۇنچە سەھەر تۇرۇپتۇ ئەجەپ،
ئويلىغىنى زادى نېمىدۇ؟

ئۇماق چېھرى پاكلىققا شاھىت،
سېھىرلىك نۇر چاقنار كۆزىدە.
ئۆز ئورنىدىن قوزغالماس پەقەت،
قەغەز قېيىق كۆلنىڭ يۈزىدە.

تۇمان يېرىپ يۈز ئاچتى قۇياش،
كۆل يۈزىگە قىزغۇچ رەڭ بېرىپ.
تۇردى بالا ئورنىدىن ئاستا،
قالغاچ ئۇنىڭ كۆزلىرى تېلىپ.

ئاخىرقى رەت قاراپ «قېيىق»قا،
كەتتى كۆلنىڭ بېشىدىن بالا.
نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز ئۇ،
قالغانىمىكىن چۈشلىرى چالا؟!

پەرھات مۇھەممەت

## ساقىدى كۆكتىن يەنە بىر يۇلتۇز

(ئەھمەد زىيائىنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ)

مۇڭغا پاتتى دىل، يۇمۇلغاندا كۆزۈڭ دىلدارىمىز،
قايغۇلۇق كۈيگە چېكىلدى ئاھ ئۇرۇپ دىل تارىمىز.

چاقتى چاقماق ، باغرى ئاسماننىڭ بولۇپ چاك ، تۆكتى ياش،
سەن تاۋۇتتا ماڭغىنىڭدا نالە قىلساق بارىمىز.

مەرىپەتنىڭ ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز ئىدىڭ،
ساقىدىڭ ئىز قالدۇرۇپ ، سولدى بۈگۈن رۇخسارىمىز.

تارىخىمىز تاشقا نەقىش بوپ چېكىلگەن خەلق ئىدۇق،
سەن بىلەن قېزىلدى نەچچە ئون ئەسىرلىك كانىمىز.

مېھنىتىڭ سىڭگەن ئۈزۈن يىل ئىلمۇ - ئىرپان باغىغا،
مۇڭلىنىپ قالدى سېنىڭسىز ئىلمۇ - پەن گۈلزارىمىز.

ئەل سۆيەر ئەھمەد زىيائى سەن ئىلىم پەرۋانىسى،
كۈچكە ئايلاندى پەلەكنى قاپلىغان مۇڭ - زارىمىز.

ئابدۇرېھىم سابىت

## قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئەللامە① ھۈسەيىن فەيزۇللا كاشغەرى

قەشقەر — دۇنيا مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ بىرى. بۇ جايدا 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقى (1876- 1937 - يىللار) بىرشېئىرىدا تولۇپ-تاشقان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن:

«كۆرمىگىل قەشقەرنى كام بۇ جايدا مەردانىلار ياتۇر،
ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغرايى قائانلار ② ياتۇر.
نۇر چېچىپ «قۇتادغۇ بىلىك» خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۈسۈپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئېرپانلار ③ ياتۇر.
يادىكار ئەيلەپ جاھانغا يازدى «دىۋانۇل لۇغەت»
مەھمۇدىل كاشغەر كەبى ئەھلى شەرەپ شانلار ياتۇر»

دەپ تىلغا ئالغىنىدەك سانسىزلىغان ئالىملار، يازغۇچىلار، شائىرلار ئۆسۈپ يېتىلىپ، بۇ جاينىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، مۇشۇ دىيارنىڭ تۇپرىقىغا كۆمۈلگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11- ئەسىردىكى بۈيۈك تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان، خەلق ئىچىدە «ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان شەيخ ئىمام زاھىدھۈسەيىن بىننى خەلەپ④ كاشغەرى ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

قەشقەرلىك خەلەپ ئوغلى تەقۋادار ئىمام ئۇستاز ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام 10 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قەشقەردە تۇغۇلغان. «تەزكىرەئۇۋەيىس»، «تەزكىرە بۇغراخان»، «تەزكىرەھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام»، «زوبدەتىل تاجىرىن» قاتارلىق كىتابلاردىن




① ئەللامە - ئالىملارنىڭ ئالىمى. ② قائان- خاقاننىڭ يەنە بىرخىل ئاتىلىشى. ③ ئېرپان - مەرىپەت، بىلىش، تونۇش، تونۇتۇش. ④ خەلەپ - ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بىرچە كەينىدىن كېلىدىغان، ئورنىغا ئۆتىدىغان، ئورۇنباسار، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىدىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى توغرا مەسلەكتە تۇرغان ئۆلىمالار «سەلەف سالىھ» كېيىنكى ئۆلىمالار «خەلەپ» دەپ ئاتالغان.

قارىغاندا، ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجامنىڭ ئاتىسى ئەمىر مۇئەللا خەلەپ كەشفى كاراممىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن پۈتۈن شامغا① تونۇلغان كاتتا ئۆلىما بولسىمۇ، ئەمما پۇقرالارنىڭ «قول بېرىپ مۇرىت بولايلى» دېگەنلىرىگە قۇلاق سالماي، چۈشىدىكى بېشارەتكە ئاساسەن غېرىپلىقنى ئىختىيار قىلىپ يولغا چىقىپ، ئۈچ يىل يول يۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن شەھەرلەرنى كەزگەندىن كېيىن ئاخىرى قەشقەرگە كەلگەن. لېكىن بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللار بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

خېلى كۆپ مەنبەلەردىن قارىغاندا، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مىلادىيە 932-يىلى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولغا ئېلىپ ئىسلام دىنىنى ئاشكارا ۋە ئومۇميۈزلۈك تارقىتىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىراق، يەمەن، خۇراسان، ئافغانىستان، ماۋەرەئۇننەھر قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدىن بىر تۈركۈم ئالىملار، ئۆلىمالار سۇلتان ساتۇققا ياردەم بېرىش ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن، ھەتتا ئۇلار ساتۇققا مۇسۇلمانچە «ئابدۇلكەرىم» دەپ ئات قويۇشقان. بۇ ئاتنى قوبۇل قىلغان سۇلتان ساتۇق ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئۇنى قوشۇپ «قاراخان ساتۇق ئابدۇلكەرىم» دېگەن نامدا تىللا قويدۇرغان. سۇلتان ساتۇق ۋاپات بولۇپ ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى مىلادىيە 975-يىللىرى ئەتراپىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئەسلىدىكى دىنى بۇددىغا قايتا يېنىۋالغانلىقتىن، يەنە غازات باشلىنىپ قەشقەردىكى ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن خوتەندىكى بۇددا قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا 24 يىل (بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا 48 يىل دەپمۇ خاتىرىلەنگەن) قانلىق جەڭ بولغان، مانا مۇشۇ دەۋرلەردە ئىسلام قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن فرات② دەرياسىنىڭ بويىدىكى مادايىندىن، ئەزەربەيجاننىڭ تەبرىزدىن، خارەزمدىن، ئەنجاندىن، ئوشتىن، شاشتىن، كاساندىن نۇرغۇن پىدائىيلار قەشقەرگە كەلگەن. بىر مۇنچىلىرى جەڭدە قۇربان بولۇپ، جەسەتلىرى مۇشۇ تۇپراقتا قالغان. تەزكىرىلەردە ئىسمى زىكرى قىلىنغان جارۇپ يەمەنى، سەيىدجالالىددىن باغدادى. سۇلتان ئالاۋىددىن باغدادى، سۇلتان شەمسىددىن باغدادى، سۇلتان مەھمۇد باغدادى، سۇلتان ھەسەن باغدادى، خوجا مۇھەممەت تاھىر باغدادى، خوجا ناسىر باغدادى، خوجا ئابدۇرېھىم باغدادى، خوجا ئابدۇغوپۇر باغدادى، قەيتۇس مەغرىبى، خوجا ئەبۇل مۇزەپپەر تەبرىزى، ئوبۇل مەنسۇر تەبرىزى… ھەزرىتى شاھ قاسىم، خوجا سەئىد، سۇلتان مەنسۇر (بۇلار ئوشتىن)، ھەزرىتى سانجار كاسانى، ئىسمائىل كاسانى، سۇلتان ھەيدەر كاسانى، ھەزرىتى سۇلتان قاسىم خۋارەزمى، ئوبۇل مۇزەپپەر خۋارەزمى، ئىمام نەسرىددىن، ئىمام قەۋمىددىن، ئىمام سەئىددىن، ئىمام موھىددىن (مادايىندىن) قاتارلىقلار ئاشۇ ئىككى قېتىملىق تارىخىي شارائىتتا قەشقەرگە كەلگەن ئالىم، ئۆلىما ۋە ئىسلام پىدائىيلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر. ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجامنىڭ ئاتىسى ئەمىر مۇئەللا خەلەپ سۇلتان ساتۇقنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن بەلكى يۇقىرىقىلار بىلەن بىللە شامدىن قەشقەرگە كەلگەن بولسا كېرەك.

① شام — ھازىرقى سۇرىيە جۇمھۇرىيىتىگە قاراشلىق بىر شەھەر.

② فرات — تۈركىيەدىن باشلىنىپ سۇرىيىنىڭ راچچا ئۆلكىسىدىكى دۇمبا كۆلىگە قۇيۇلىدىغان 600 كىلو مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ دەريا بولۇپ 405 كىلو مېتىر قىسمى سۇرىيەدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ.

ھەزرىتى ئەمىرمۇئەللا خەلەپ قەشقەرگە كېلىپ مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن«سەلىمە» ئىسىملىك بىر ئايالغا ئۆيلەنگەن. بىراق ئايىسىنىڭ قورسىقىدا قالغان ھۈسەيىن فەيزىللا دۇنياغا كۆز ئاچقۇچە ئاتىسى ئەمىرمۇئەللا خەلەپ چۈشىدىكى بىشارەتكە ئاساسەن باغدادتىقا ھەزرىتى ئىمام ئەئزەم ھەنىفە رەھمەتۇللا ئەلەيھى ( مىلادى 702 ــ، 772ـ يىللاردا ياشىغان )نىڭ مازارىتىگە بېرىپ، بىر ـ ئىككى ئاي ئىستىقامەتتە بولغاندىن كېيىن، شۇيەردە ۋاپات بولغان. جەسىتى ئىمام ئەئزەم مازارىتىگە دەپنە قىلىنغان. ھۈسەيىن فەيزىللا خوجام ئاتىسى سەپەرگە ئاتلىنىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن.

ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنى ئانىسى سەلىمە ئالتە ياشقا تولغاندا مەكتەپكە بەردى، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىلىمغا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ كۈچلۈكلىكى تۈپەيلىدىن توققۇز ئايدىلاخەت ساۋاتىنى چىقاردى. قۇرئاننى ئىككى مەرتىۋە تامام قىلدى. ئاندىن مەدرىسكە كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلدى. بەش يىل مەدرىستە ئوقۇش جەريانىدا ئىلمىي تەپسىر①، ئىلمىي باتىن②، ئىلمىي ھال③، ئىلمىي قال④، ئىلمىي رىيازەت⑤، ھەندىسە⑥، ئىلمىي نوجۇم⑦، فىققىھ (قانۇنشۇناسلىق )، مەنتىق ( لوگىكا )، ئىلمىي پاساھەت (ئىستىلىستىكا)، نەھۋى ( مورفولوگىيە )، سەرپ ( گىراماتىكا ) قاتارلىق پەنلەرنى ۋە ئەرەب، پارس تىللىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلمىي لەدۇن⑧ ھاسىل قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭغا يەنە ئوقۇشقا زۆرۈرىيەت قالمىغانىدى. شۇڭا مەدرىستىن قايتىپ چىقىپ، بىر مەزگىل ئىلىم مۇتالىيە قىلدى. قىلىچبازلىق، چەۋاندازلىقنى ئۆگەندى. خۇددى 18ـ ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن شائىر قاسىمى مىلادى 1799ـ يىلى يازغان « تەزكىرە ئارسلانخان » ناملىق تارىخىي داستانىدا:

«ھۈسەيىن فەيزىللا خوجام خۋاجە پىققە خوجام،⑨
بىرسى ئالىم ئېردى، بىرسى ئىمام.
يەنە بىر لىرى قۇتبۇل ئەلا خوجام، ⑩
بولۇپ شەيخ ئىسلام كاشغەرغە تامام.
..........................................
بۇلار كاشغەرنىڭ ئۇلۇغ زىننىتى،
ئەزىزلەر بۇلاردىن تەپىپ ھۆرمىتى.
ئەزىزان كاشغەر ئاجايىپ ئۇلۇغ،
خالايىقلىرى قالمادى ھەرگىز قۇرۇق.
تامام مەرد ـ زەنلىرى⑪ ئەجەپ ھۆشمەند،
تەكەللۇملىرى شەكەر شەھدۇ، قەند.
تۇتۇپ شەرئىن بىر ـ بىرىدىن بەلەند،
تېپىپ ئىلمىي ھال رەزەن⑫ دەردمەند»

① ئىلمىي تەپسىر ـ شەرھىيلەش ئىلمى. ② ئىلمىي باتىن ـ مەخپىي ئىلىم. ③ ئىلمىي ھال ـ ئىلىم ئەھۋالى. ④ ئىلمىي قال ـ سۆزلەشمش، مۇنازىرىلەشمش ئىلمى. ⑤ ئىلمىي رىيازەت ـــ ھېساب. ⑥ ھەندىسە ـ گېئومېترىيە. ⑦ ئىلمىي نوجۇم ـ ئاسترونومىيە. ⑧ ئىلمىي لەدۇن ـ تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان تەبىئىي بىلىم. ⑨ خۋاجە پىققە خوجام ئىراقتىن ئىسلام ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەن پىدائىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەبۇلە مازىرى ئاقتۇ دا ھېيسىدە. ⑩ قوتبۇل ئەلا خوجام ـ ھىراقتىن كەلگەن بولۇپ، مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى نەزەرباغ يېزىسىدا قاراشلىق فوراي مەھەللىسىدە. ⑪ مەرد ـ زەن ـــ ئوغۇل ـ قىز. ⑫ رەزەن ـ تۆشۈك ئېچىش، ئېچكىرى كىرىش.

دەپ يازغىنىدەك، ياش ئالىم سۈپىتىدە پۈتۈن قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىگە تو-
نۇلغان ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام پايتەخت قەشقەردىكى ئۈچ چوڭ مەدرىسىنىڭ بىرى سانالغان
دۆلەتباغدىكى «ھامىدىيە» مەدرىسىگە كىرىپ، مۇدەررىس بولۇپ، نۇرغۇن شاگىرت تەربىيە-
لىدى. ئۇنىڭ ئەقىل پاراسىتى، ئىلمىي كامالىتى، تەدبىرىنىڭ يۈكسەكلىكىگە قايىل بولغان
قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئەقىدە ئىشەنچ باغلىدى. چوڭ - چوڭ ئىش-
لاردا ئىلمىي مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلدى. ئۇ نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەردە شەرىئەت ھۆكۈ-
مىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، خاقانلارغا ئاقىلانە ۋە توغرا تەكلىپ - مەسلىھەتلەرنى بەرگەنلىك-
تىن، خاقانلارنىڭ كۆپ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، مىلادى 975 - 976 - يىللارغا كەلگەندە
قەشقەردە چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. ئىسلامنى قوبۇل قىلغان خوتەن بۇددىستلىرى
بۇددا دىنىغا قايتا يېنىۋالدى. ئۆز يولباشچىلىرى جاڭگالۇ خالخال ماچىنىنىڭ باشچىلىقىدا
ئىسيان كۆتۈرۈپ قەشقەرگە قەدەر باستۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدا قەشقەردە مەخپىي ھەرىكەت قى-
لىۋاتقان ئاكا - ئۇكا بۇددىستلاردىن جۇقتىرشىت، نوقتىرشىتلار يېقىندىن ماسلاشتى. قۇچۇ،
كۇسەن، تىبەتتىكى بىر قىسىم بۇددىستلار ياردەمگە كەلدى، قەشقەر خەتەرلىك ئەھۋالدا قال-
دى. قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىسمىدىن يۈسۈپ قادىرخان باشچىلىقىدا قىرىق مىڭ كىشىلىك
قوشۇن ياردەمگە كەلدى. سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن ھەسەن بۇغراخان، ھۈسە-
يىن بۇغراخان، ئاسىن بۇغراخان، ئوسمان بۇغراخان، نەۋرىسى سەييىد ئېلى ئارسلانخانلار پى-
دائىيلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن 24 يىلدىن ئارتۇقراق جەڭ قىلدى.
«قەشقەرنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى ۋە شەرىئەت ھامىيسى» سۈپىتىدە تونۇلغان ھۈسەيىن فەيزۇللا
خوجام تا خوتەن ئىسيانى باستۇرۇلغانغا قەدەر قەشقەر شەھىرى شەھەر مۇداپىئە قوماندان-
لىق ئورنىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە قەشقەرنى قوغ-
داشقا زور كۈچ چىقاردى. مىلادى 1000 - يىللىرى يۈسۈپ قادىرخان خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ
ئىسيانىنى باستۇرۇپ، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تىنىچلاندۇرغان-
دىن كېيىن، ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ ۋە يۇقىرى
سانالغان ئالىي بىلىم يۇرتى «ساچىيە» مەدرىسىگە كېلىپ، زامانداشلىرىدىن مەشھۇر ئالىم
شەيخ ھەبىبى، خوجا ياقۇپ سۈزۈكى قاتارلىقلار بىلەن بىللە مۇدەررىسلىك قىلدى. 15 يىل
مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا فىقھە، ماسائىل (تاللانغان مەسىلە)، ئىلمىي رىيازەت، ئىل-
مىي نوجۇم، ئىلمىي مەنتىق، ئىلمىي باتىن، ئىلمىي تەپسىر، ئىلمىي ھال، ئىلمىي قالەدىن
دەرس ئۆتۈپ، مەھمۇد قەشقىرىدەك سانسىزلىغان يۇقىرى تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ
چىقتى.

ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام يىگىتلىك ۋايىغا يەتكەندە، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خان جە-
مەت ئەۋلادىدىن بىرسىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. بەش يىلدىن كېيىن ئىككى ئوغۇل پەرزەنت
كۆردى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى «خۋاجە مەئما» ئەكىلەتمە ئىسمى «ئەبۇلپەتتاھ» ئىككىنچى
ئوغلىنىڭ ئىسمى ئابدۇلغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقىرى ئىدى.

ئانا قارنىدىن يېڭىلا چۈشۈپ دۇنياغا ئەندىلا كۆز ئاچقان ئەبۇلپەتتاھنى يۇيۇپ زا-
كىندىغاندا، ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدە قىلدەك ئىنچىكە قىزىل خالنىڭ بارلىقى بىلىنىدى. ئاقىل

ۋە مۇنەججىملىكتىمۇ ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان ھۆسەيىن فەيزىللانىڭ تەبىرىچە، ئۇنىڭ مۇرىسىدىكى خال ئوقۇپ ئالىم بولۇشىنىڭ، سول مۇرىسىدىكى خال مۇراد مەقسىتىگە يەتمەي ئالەمدىن بالدۇر كېتىشىنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ھۆسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ كۆڭلى ھەم خۇش بولدى، ھەم غەش بولدى. «ئەبۇلپەتتاھ» لەقەملىك خۋاجە مەئما راست دېگەندەك ئوقۇپ ئاللامە دەرىجىسىگە يېتىپ «ئىلمىي ئاتايى خوجام» (خەلق ئارىسىدا «ئىلمىي تەلىپە خوجام» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) دەپ نام ئالدى. شان-شۆھرىتى ئاتىسىنىڭكىدىنمۇ زور بولدى. بالاغەتكە يەتكەندە يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمىزنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى (خەلق ئارىسىدا ساتۇق بۇغراخاننىڭ 3 - پەرزەنتى نۇر ئالاۋنۇرخاننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن دېگەن رىۋايەتلەرمۇ بار). ئاز ۋاقىت ئۆتمەي ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى ۋە ۋاپات بولۇشى ھەققىدە تەزكىرىلەردە تۆۋەندىكى ۋەقەلەر رىۋايەت قىلىنغان.

«خۋاجە مەئما بالاغەتكە يەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەرستىن پارىغ بولۇپ، سەيلى قىلىشقا چىقىپ، پادىشاھ سارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى ۋە ئۇ يەردە بىر ساھىبجامال قىزنى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولدى. بۇ قىز يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزى ئىدى. شۇ كۈنى خۋاجە مەئمانىڭ چۈشىگە سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ مازاراتىغا بېرىش بىشارەت بولدى. خۋاجە مەئما سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ مازارىدا ئون كۈن ئىستىقامەتتە بولۇپ، تەلەپ، مۇددىئالىرىنى تىلىدى. ئاز كۈن ئۆتمەي يۈسۈپ قادىرخان ئۆز قىزىنىڭ نىكاھىسىنى خېزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۋاجە مەئماغا ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۈشىدى. ئەتىسى مۇنەججىملەر بۇ چۈشكە: «قىزىڭىز خۋاجە مەئماغا نېسىپ بوپتۇ» دەپ تەبىر بېرىشتى. يۈسۈپ قادىرخان قىرىق كېچە-كۈندۈز شاھانە توي قىلىپ، قىزىنى خۋاجە مەئماغا نىكاھلاپ بەردى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۋاجە مەئما ئاتىسى ھۆسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ ئالدىدا دەرس تەكرارلاپ ئولتۇراتتى. خۋاجە مەئمانىڭ شىكارغا بىللە بېرىشى ھەققىدە يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمىزنىڭ ئالدىدىن كىشى كەلدى. بىراق ھۆسەيىن فەيزىللا خوجام رۇخسەت قىلمىدى. ئاتىسىنىڭ بۇ يول قويمىغانلىقىغا تازا ئاچچىقى كەلگەن خۋاجە مەئما ئۈچىنچى قېتىم كىشى كەلگەندە ئاتىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي، كىتابلىرىنى يېپىپ قويۇپ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە راۋان بولدى. بۇ ئىش ھۆسەيىن فەيزىللا خوجامغا ھار كەلدى. ھۆسەيىن فەيزىللا خوجام: «ئى پەرزەنت، كېتىڭ! كېتىڭ!» دېدى. خۋاجە مەئما شۇ نەپەس بىلەن ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى. قەشقەر خەلقى ماتەم تۇتۇپ، داد-پەرياد كۆتەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھۆسەيىن فەيزىللا خوجام كۆزىدىن بىر تامچە ياشمۇ ئاققۇزماي، ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئولتۇرغان جايىدىن قوپماي، يەتتە كېچە-كۈندۈز ئولتۇردى. كىشىلەر: «بۇ زاتنىڭ دەردىدە يۈرىكىمىز كاۋاپ بولۇپ، كۆز ياشلىرىمىز سەلەپتەك ئېقىۋاتسا، ئاتا بولغۇچىنىڭ بىر قەترە ياشمۇ ئاققۇزماي، يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ئولتۇرغىنى نېمىسى؟ دۇنيادا مۇنداقمۇ باغرى تاش ئادەم بولارمۇ؟» دەپ مالامەت قىلىشقا باشلىغانىدى، ھۆسەيىن فەيزىللا خوجام يارانلىرىدىن بىرىنى تەشنەلىك كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى. ئاندىن قولىنى ئاغزىغا سالغانىدى، قان ئاغزىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ،

تەشنەك ئۈچ مارتىبە تولدى. ھۇسەيىن فەيزىللاخوجام مالامەت قىلغانلارغا قاراپ: «ئى يارانلار! مەن پەرزەنتىمگە نېمە ئۈچۈن ھازا قىلماي؟! ھازا قىلدىم، ئەمما سىلەرگە ئاشكارا قىلمىدىم. ئاشكارا يىغلاپ ياش تۆكۈش ئۆلگۈچىگە ئاچچىقلىق ۋە ئازابتىن باشقا ھېچنېمە ھاسىل قىلىپ بېرەلمەيدۇ. ئىشەنمىسەڭلار ياشنى قاچىغا ئېلىپ ئىچىپ بېقىڭلار. زەھەردىن باشقا نېمە تېتىمايدۇ. ئۆلگۈچى ئۈچۈن تۆكۈلگەن ياشنىڭ ھەر بىر قەترىسى ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن دەريا بولۇپ، ئۆلگۈچىنى ئۆزىگە غەرق قىلىپ ئازابقا سالىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇنداق جاپانى كىم ئۆز پەرزەنتىگە راۋا كۆرىدۇ؟» دېدى. كىشىلەر بۇنى ئاڭلاپ: «سەللەمنا ۋە سەددەقنا» دېيىشتى.

تەزكىردە يەنە ئىلمىي ئاتايى خوجامنىڭ مەرتىۋىسى ھۇسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭكىدىن ئۈستۈن يارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاتىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن تۆۋەنرەك بولۇپ قالغانلىقى زىكرى قىلىنغان. خەلق ئارىسىدىكى «بۇ يىنى قايرىلىپ ئۆلگۈر» دېگەن ماقال مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن قېپقالغان، دېگەن رىۋايەتمۇ بار.

دېمەك، بۇ رىۋايەت بىزنىڭ ھۇسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ ياشىغان دەۋرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، خاراكتېرى، ئېتىقادى، ئائىلە، تۇرمۇش، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئەھۋالى، تەربىيە ئۇسۇلى قاتارلىق تەرەپلىرىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتا پايدىلىنىشىمىزغا يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ رىۋايەتقويۇق دىنىي پۇراققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر جەھەتتە ئۆلۈككە يىغلاشنىڭ پايدىسىزلىقىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىماسلىقنىڭ يامان ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى كىشىلەرگە تونۇتۇشتا بەلگىلىك رېئاللىق ئەھمىيەتكە ئىگە.

خۇاجە مەئمانىڭ جەسىتى ھۇسەيىن فەيزىللا خوجام مازىرىنىڭ غەربىگە، تۆمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا قويۇلدى.

ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇلغاپپار بىننى خەلەپ بىننى ھۇسەيىن قەشقىرى مەھمۇد قەشقىرى بىلەن بىللە ئوقۇپ، بىللە ئىلىم مۇتالىيە قىلىپ ئالىم بولدى. بىراق ئۇنىڭ شۆھرىتى ئىلمىي ئاتايى خوجامدەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، ئەمما ھاياتىدا «كاشغەر تارىخى»①، «مۇجەمە ئۇششۇرخ»② («ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى») ناملىق تارىخىي ئەسەرلارنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يادىكار قالدۇرۇپ، ھىجىرىيە 476-يىلى (مىلادى 1083 - 1084-يىللىرى) ۋاپات بولدى. جەسىتى ئاتىسىنىڭ مازىرىنىڭ يېنىغا قويۇلدى.

خۇاجە مەئمانىڭ ئىراقى ھۇسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ كۆكۈل ئوتىنى ئۆچۈرەلمىدى. ئۇ غەم - قايغۇدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن سەپەر قىلىشنى ئىختىيار قىلىپ، سەكسەن شاگىرتى بىلەن مەككە مۇكەررەمگە ئاتلاندى. 12 - ئەسىردە (مىلادى 1113 - ؟) ياشاپ «تاجۇل ئىسلام» («ئىسلام تاجىسى») دەپ نام ئالغان مەرۋىلىك ③ تارىخچى سامئانى، بېرلىن شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى گېرمانىيىلىك مارتىن هارتمان

---

① «قەشقەر تارىخى» توغرىسىدا جامال قارشى ئۆزىنىڭ «مولەقاتۇس سۇراھ» («سۇراھلۇغەتكە ئىلاۋە») ناملىق ئەسىرىدە مەلۇمات بەرگەن ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلانغانلىقىنى ئېيتقان.

② «مۇجەمە ئۇششۇرخ» ناملىق بۇ ئەسەر ئۇستىدە تاجۇل ئىسلام سامئانى «كىتابۇل ئەنساب» ناملىق ئەسىرىدە خەۋەر بەرگەن. ③ مەرۋە - ئافغانىستاندىكى بىر شەھەر.

( مىلادى 1851 ـ، 1918 ـ يىللاردا ياشىغان)، كەشمىرلىك تۈرك يازغۇچىسى مۇھەممەت ھەسەن شىرى (مىلادى 1792 ـ 1866 ـ يىللار) نىڭ ئۆز كىتابىدا ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنى قەشقەردىكى يېتىشكەن ئالىملار قاتارىدا ساناپ، ئۇنى «فازىل، زاھىت بىر شەيخ ئىدى» دەپ تەرىپلىگەنىدىن قارىغاندا، ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ شان-شۆھرىتى ئەينى زامانىدا يالغۇز قاراخانىلار تەۋەسىدىكى زېمىندىلا ئەمەس، ھەتتا غەزنە خانلىقى (مىلادى963ـ1187ـ يىللار) ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي ئاسىيا، ئەرەب ئېمپىرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا شەرققە قەدەر تارالغانىدى. شۇڭا مىسىر ئالىملىرى ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقتى. ھۈسەيىن فەيزىللا خوجام بىر نەچچە ۋاقىت مىسىر ئالىملىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە ۋە ئىلمىي مۇنازىرىدە بولدى.

ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ مىسىردىكى پائالىيەتلىرى تەزكىرىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان:

« ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ كەمتەر، كىچىك پېئىل، ئاددىي ـ ساددىلىقىنى كۆرگەن مىسىر دانىشمەنلىرى ئۇنىڭ ئاللامىلىكىگە دەرگۇمانىدا بولۇپ قېلىشتى. ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپ، ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامدىن «ئىماننىڭ ئەسلى نېمىدۇر؟» دەپ سوئال سوراشتى. بۇ سوئالنىڭ نېمە غەرەزدە سورىلىۋاتقانلىقىنى دەرھال پەملەپ يەتكەن ھۈسەيىن فەيزىللا خوجام: «ئەي ساھىللار، ئىماننىڭ ئەسلىسى خامىپىدىكى① بىر سەر ئۇندۇر» ـ دەپ جاۋاب بەردى. مىسىر دانىشمەنلىرى ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنى تۇرۇۋكلۇكتە (بىلىمسىزلىكتە) ئەيىپلەپ، مەسخىرە قىلىشتى. ھۈسەيىن فەيزىللا خوجام: «بۇ سۆزنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى تاڭلا مەن بۇ شەھەردىن چىققاندىن كېيىن بىلەرسىز» دەپ ئەتىسى تاڭ سەھەردە مەككىگە قاراپ راۋان بولدى. راست دېگەندەك بىر نەچچە ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن بۇ شەھەردە قاتتىق قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، ئاچارچىلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەردىدىن كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ گۆشىگە، بىر ـ بىرىنىڭ قېنىغا زار ھەم تەشنا بولۇشۇپ، ئىمانى پارامۇش بولۇشتى. شۇ چاغدىلا ئۇلار ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ سۆزىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىپ، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىشتى. ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ ئارقىسىدىن مەككىگىچە قوغلاپ بېرىپ، خاتا قىلغانلىقىغا ئىقرار قىلىشىپ، ئەپۇ سوراشتى ھەمدە مىسىرغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىشتى. چوڭ ـ كىچىك ھەممە ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، قىزغىن قارشى ئېلىشتى. ھۈسەيىن فەيزىللا خوجام بىر مەزگىل دەرسگۇيلۇق قىلدى. كېيىن خەلقنىڭ رۇخسىتى بىلەن قەشقەرگە قايتتى.

مانا بۇ گەرچە رىۋايەت بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇنىڭدىن ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ مىسىردىكى ئىلمىي مۇنازىرىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشكەنلىكىنى، ھۈسەيىن فەيزىللا خوجامنىڭ ئىلمىي تالانتىغا قايىل بولغان مىسىر ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ، بىر مەزگىل ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگەنگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

① خامىپا ـ تۆگىنىڭ ئۇن چۈشىدىغان جايى.

ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇدەررىسلىكنى تاشلاپ، يالغۇز يىگانىلىقنى ئىختىيار قىلىپ، تۆت يىل ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى. ئاخىرى قەشقەرنىڭ دانىشمەنلىرى يىغىلىپ ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجامنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن: «ئىلىم ئۈگەنمەكنىڭ مەقسىتى نېمە؟» دەپ سورىدى. ھۈسەيىن فەيزۇللاخوجام: «باشقىلارغا نەپئى يەتكۈزمەكتىن ئىبارەت» — دەپ جاۋاب بەردى. «ئۇنداقتا، — دېدى دانىشمەنلەر ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجامنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — ھەزرىتى سۇبھانە ھەق ۋەتەئەلا سىزگە بىر مۇنچە ئىلىمنى كارامەت قىلىبدۇر، نېمە ئۈچۈن ئىلمىڭىزنى كىشىلەرگە ئۈگەتمەي، ئۇلارنى بەھرىلەندۈرمەيسىز؟ بىزنىڭ سىزدىن ئۆمىدىمىز بىر نەچچە كىشىلەرگە ھەر ئىككى ئىلىمنى ئۈگىتىپ، ئورنىڭىزدا قويۇپ، ئۇنىڭ ساۋابىنى تا قىيامەتكىچە كۆرۈڭ».

ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام دانىشمەنلەرنىڭ سۆزىنى يىرالمىدى. ئۇ قېرىلىقتىن مەتلەئى① قۇدرىتى، سۆزلەشكە كۈچ مادارىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي، ھەپتىدە بىر كۈن، يەنى پەيشەنبە كۈنىدە دەرس سۆزلەشكە ماقۇل بولدى. بىراق، دانىشمەنلەر پەيشەنبىنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ چارشەنبە كۈنىنى تاللىغانىدى، ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام: «ماڭا مەككىدە بولغان بىشارەتتىن قارىغاندا، مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھەرقانداق كىشى قىرىق سەككىز پەيشەنبە ئارىدىن تەرك قىلماي مازاراتىمغا بېرىپ، سۈرە ياسىننى ئوقۇپ مېنىڭ روھىمغا بېغىشلىسا، ھەزرىتى سۇبھانە ۋەتەئەلا ئۇ كىشىگە تۆگىمەس سۆز ئىلمىنى كارامەت قىلىدۇ. شۇل سەۋەبتىن دەرس سۆزلەشكە پەيشەنبىنى تاللىدىم» دەپ، پەيشەنبىنى تاللاشتىكى مۇددىئا — مەقسىتىنى دانىشمەنلەرگە چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى قايىل قىلدى. قەشقەرنىڭ ئىلىم تەھلىللىرى، بىلىمگە ھېرىسمەن تالىپلىرى پەيشەنبىدىكى خاسىيەتنى ئوقىغاندىن كېيىن ھەر پەيشەنبە كۈنى ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىلىم تەھسىل قىلدى. ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەر پەيشەنبە قەشقەرنىڭ ئۆلىمالىرىغا، ئىلمىي تالىپلىرىغا دەرس ئېيتىپ، قالغان كۈنلىرىدە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 1048- يىللىرى ئەتراپىدا شەئبان (بارات) ئېيىنىڭ مەلۇم بىر پەيشەنبە كۈنىدە، ناماز دىگەر ۋاقتى بىلەن ۋاپات بولدى. جەسىتى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئۈچىنچى ئەترىتىنىڭ ئارقىسىدىكى «ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام مازىرى» دەپ ئاتالغان زاراتكارلىققا قويۇلدى. ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجامنىڭ دەپنىسىگە قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرى، ۋەزىرلىرى، ئاكابىرلىرى، شۇنداقلا ئالىملار، ئۆلىمالار، شەھەر ئاھالىلىرىدىن بولۇپ سەكسەن مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بىر ھەپتە ماتەم تۇتۇلدى.

ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجامنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ھازىر يېرىم ئەسىر كەم مىڭ يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەر خەلقى بۇ ئۇلۇغ ئەللامەسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى. ھەر پەيشەنبە كۈنى بۇ جايغا مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى چىقىپ، ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلەپ، خەتمە قۇرئان ساداسىنى پەلەككە ياڭراتتى

① مەتلەئى — غەزەل ياكى قەسىدىنىڭ دەسلەپكى ئىككى مىسراسى، باشلىنىشى، چىقىش ئورنى، چىقىشى.

(ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەر پەيشەنبە
كۈنىدە تۇپراق بېشىغا چىقىپ ئۆلگەن ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاش، خەتمە
قۇرئان ئوقۇپ دۇئا تەكبىر قىلىش ئادىتى مۇشۇنىڭدىن قالغان بولسا كېرەك). ئايەمەلەردە،
ھېيت - بايراملاردا، مۇشكۈللۈككە يولۇققاندا بۇ جايدا تۈنەپ تەلەپ مۇددىئالىرىنى تىلىدى.
قەشقەردىكى چوڭ - كىچىك مەدرىسەلەرنىڭ مۇددەرىسلىرىمۇ ھەر يىلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان
خەتمىنى (تالىپلاردىن ئېلىنىدىغان قۇرئان ئىمتىھانى) بۇ جايدا ئۆتكۈزۈپ، ئالىمغا بول-
غان چوڭقۇر ئەقىدە ئىخلاسىنى ئىپادىلىدى. مۇشۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپى-
يىشى ئارقىسىدا بۇ جاي كېيىنكى كۈنلەردە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ تەلەپگاھىغا ئاي-
لىنىپ قالدى. مەخسۇس يېتىپ، قوپۇپ ئىستىقامەت قىلىدىغانلار پەيدا بولدى. شۇنىڭ بى-
لەن، بۇ جايغا خەلقنىڭ ياردىمى بىلەن بىر خانىقا، مەسچىت بىنا قىلىندى.

ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام مازىرىدا ئىستىقامەت قىلىدىغانلارنىڭ پائالىيىتى ھەق-
قىدە كەشمىرلىك تۈرك يازغۇچى مۇھەممەت ھەسەن شىرى «زۇبدەتۇل ئاخبار» («تاللان-
غان گۈزەل خەۋەرلەر») ناملىق كىتابىدا مۇنۇلارنى يېزىپ قالدۇرغان: «ئاجايىپ ئىشلار-
دىن بىرى شۇكى، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدە ‹ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام› دەپ
ئاتىلىدىغان بىر مازار بار. قەشقەر خەلقى بۇ مازارغا بەكمۇ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ما-
زارنىڭ قەبرە ئۈستىدە بىر تۆشۈكى بولۇپ، شۇ تۆشۈكتىن قارىسىڭىز كاتتا بىر ئادەمنى
كۆرىسىز. ئۇنىڭ تېرىسى، مويلىرى، ساقاللىرى بۇزۇلمىغان». مىرزا ھەيدەر قەشقىرى
«تارىخىي رەشىدىيە» دېگەن كىتابىدا: «قەشقەر ئۆلىمالىرىنىڭ ھەر قانداقى بىرەر مە-
سىلىگە جاۋاب تاپالمىسا، ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام مازارلىقىغا چىقىپ، مەسىلىنى قەغەز-
گە يېزىپ، ئاشۇ تۆشۈككە سېلىپ قويسا، ئەتىسى جاۋابى يېزىلىپ چىقاتتى» دەپ يازغان.

«زۇبدەتىل ئەخبار» دا خاتىرىلەنگەن بۇ ئىشلار خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە داۋاملاشقان
بولسىمۇ، ئەمما 17- ئەسىرگە كەلگەندە سوفىزمنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن پۈتۈن شىن-
جاڭنى قاپلىغان جاھالەت تۇمانلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم- پەنگە بولغان ئىشتىيا-
قىنى پەسلەتتۇرۇۋەتتى. كىشىلەرنىڭ بۇ يەردىكى پائالىيىتىمۇ چەكلىمىگە ئۇچراپ،
سۇسلاشقا باشلىدى. نەتىجىدە، مازارنىڭ مۇھاپىزىتى تاشلىنىپ قالدى. يىللارنىڭ ئۆ-
تۈشى بىلەن يامغۇر سۈيىنىڭ يۇيۇشى، بوراننىڭ يالىشى ئارقىسىدا خام كېسەك ۋە لايدىن
ياسالغان گۈمبەزلىك بۇ قەبرە ئاستا- ئاستا ئۆرۈلۈپ تۇپراققا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەم-
ما مازار يېنىدىكى مەسچىت بىلەن خانىقانى ئىسلام مۇخلىسلىرى زور تىرىشچانلىق كۆر-
سىتىپ، بىر قانچە قېتىم رېمونت قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق زامانىمىزغىچە يەت-
كۈزۈپ كەلدى. ھازىر بۇ جايدا مەسچىت ۋە خانىقادىن باشقا بىر جامائەت قەبرىستانى-
لىقى بار. ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجامنىڭ مازىرى بۇزۇلۇپ، تۇپرىقى تۈزۈپ، ئىزى پۈتۈن-
لەي ئۆچكەن بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر بۇ جاينى يەنىلا ھۈسەيىن فەيزۇللا خوجام نامى
بىلەن ئاتاپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياد ئېتىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ بۈيۈك
ئالىمى خەلق قەلبىدە ئەبەدى ياشايدۇ.

تىلىۋالدى ياقۇپ




(ھېكايە)

مانا، ئالدىمدا بىر يېڭى توڭلاتقۇ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى تېخى توك مەنبەسىگە ئۇلىمىغان، ھەتتا قولۇمنى تەككۈزۈپ باقمىغان بولسامۇ، ئۇ، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى تىترەتمەكتە. تېنىمنى قوروپ، ئوتلۇق يۈرىكىمنى بىر پارچە مۇزغا ئايلاندۇرۇۋەتمەكچى بولغاندەك رەھىمسىزلەرچە توڭلاتماقتا.

تېخى بىر نەچچە سائەت ئىلگىرىلا، بىز ئۆز كارامىتى بىلەن كىشىلەرنى تەبىئىي رەۋىشتە تۈگۈلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئاپئاق قارنىڭ يۈز-كۆزلىرىمىزگە چۈشۈپ، تېنىمىزگە سىڭىپ كىرىشىدىن ئاجايىپ لەززەتلىنىپ، چەكسىز ھوزۇرلانغانىدۇق. بىر-بىرىمىزگە چاپلىشىپ دېگۈدەك يېقىن ماڭغاچقىمۇ ۋە ياكى ھېسسىياتلار ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىن پاراڭلىرىمىز تەپتىدىنمۇ، ئېيتاۋۇر ئازراقمۇ توڭلىماقتا يوق، ئەكسىچە پىژ-پىژ تومۇز ئىسسىقىدىن كېيىنكى يامغۇردىن پەيدا بولىدىغان ھوزۇرلىنىش لەززىتىنى تېتىغانىدىم. لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار مۇھەببەت ئوتلىرى بىلەن يانغان يۈرىكىمگە بىر خىل سالقىنلىق بەخش ئېتىپ، مېنى راھەتلەندۈرگەنىدى. بىراق، بۇ توڭلاتقۇ…

بىز دوقمۇشتىن قايرىلىشىمىزغا، خەلق بانكىسى ئالدىدىكى قايناق-تاشقىنلىققا چۆمگەن ئادەملەر توپى دىققىتىمىزنى تارتتى. يولنى توسۇپ تۇرۇشقان بىر توپ ئادەم بويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇشۇپ، بانكا تەرەپكە تەقەززالىق بىلەن ئىنتىلىشەتتى، بىر نەچچە يۈز ئادەم پىيادىلەر يولىنى بويلاپ ئۇزۇن ئۆچىرەت ھاسىل قىلغانىدى.

شۇنچە كۆپ ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك نېمە ئىش بولدىكىنە؟ بىز قىزىقىش ئىچىدە توپقا يېقىنلاشتۇق. شۇ ئەسنادا، يەڭگىل،

رىتىملىق مۇزىكىغا قوشۇلۇپ، مۇكاپاتلىق پۇل ئامانەت چېكى تارقىتىلىۋاتقانلىقى ئېلان قىلىندى. ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەندە!

مەن بۇرۇلۇپ يېنىمدىكى دىلنۇرغا قارىدىم:

— بىزمۇ بەخت- تەلىيىمىزگە، مۇھەببىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە بىر پال ئېچىپ باقامدۇق؟

— بۇنداق تەۋەككۇلچىلىقنىڭ نېمە پايدىسى؟- دىلنۇرنىڭ شەھلا كۆزلىرىگە خىيال بۇلۇتلىرى سايە تاشلىدى،- چىقماي قالسا، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ.

ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى كۆرۈنۈشى ماڭا ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى.

— «پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە»... پۇلنى كېيىن ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرىدىغان بولغاندىن كېيىن مەيلى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر، مۇكاپات چىقىپ قالسا، تەلەي دېگەن شۇ، ماقۇل دەڭە، بۇ بىر بەخت پالى بولۇپ قالسۇن.

— مەيلى ئەمىسە، - دىلنۇرنىڭ چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋىلەندى،- بىراق، ئادەم بەك كۆپ ئىكەن. چەكنى سىزلا تارتىڭ، بىرىنچى قېتىم ئۆزىڭىزگە، ئىككىنچى قېتىم ماڭا! مېنىڭ ئەمەس دىلنۇرنىڭ قولى، دەپلا ئېلىۋېرسىڭىز بولىدۇ.

بارلىق تەۋەككۇلچىلاردا بولىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ ھېسسىيات تېنىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قولۇمنى ساندۇق تۆشۈكىگە تىقىپ بىرىنچى چەكنى ئالدىم. شۇ مىنۇتلاردا كەلگۈسى ئاجايىپ بىر شېرىن بەختلىك تۇرمۇش خىيال ئەينىكىمدە ئەكس ئەتكەندى. ئەمما... ئاھ، بۇنىڭغا نېمە دەي! شۇ مىنۇتلاردا يەنە سەن ئەزەلدىن تەلەيسىز ياراتىلغان بەندە، دېگەن موھۇر پېشانەمگە بېسىلغاندەك بولدى. مېڭەم زىڭىلداپ، پۈتكۈل بەدىنىم تىترەپ كەتتى، خۇددۇمنى يوقاتتىم. دىلنۇرنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن؟ ئۇ نېمە دەر؟ تاپا- تەنە قىلارمۇ؟...

ياق، بۇنچىۋالا بوشىشىپ كەتمەي! مەن «دىلنۇرنىڭ قولى» بىلەن تېخى چەك تارتمىدىمغۇ؟ مۇكاپاتلىق چەك نومۇرى ئۇنىڭ ئۈچۈن چىقسىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

مەن گويا دىلنۇردىن مەدەت تىلىگەندەك، ئاغزىنى ئاچقىنىچە ماڭا قاراپ تۇرغان دىلنۇر بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالدىم - دە، يەڭلىرىمنى يەنە بىر قېتىم شىمايلىدىم. قوللىرىم تىترىمەكتە، ۋۇجۇدۇم سىلكىنمەكتە ئىدى. لېكىن، جەڭ مەيدانىدىن ئولجىسىز قايتىپ كېتىشنى خالىمايتتىم... مانا، ئىككىنچى چەكنىمۇ ئالدىم... ئاھ خۇدا، سېنىڭ ئالتىپاتىڭغا نېمە دەي؟ مانا قارا، مەن تەلەيسىز، بەختسىز ئەمەس، مەن ئىنتايىن بەختلىك ئادەم! مەن تەلىيى ئالدىدا يۈكۈنۈپ يۈرىدىغان بىر تەلەيلىك قىزنىڭ يارى! ئۆمۈرلۈك سۆيگۈنى! مەن ئادەتتە، «بەخت»،«تەلەي» دېگەنلەرگە ئانچە ئىشەنمەي كەتمەيتتىم، مۇشۇ ھاياتلىق دۇنياسىدا ياشىسىلا بولىدۇغۇ، قانداق ياشاش مەسىلىسىنى ئويلاشمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايتتىم. ئەمما، بۈگۈن بۇ سۆزلەرگە راستىنلا ئىشەندىم. تەلەي، بەخت دېگەنلەر ئاجايىپ بولىدىكەن، دىلنۇرغا ئاتاپ ئالغان چەك بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات چېكى ئىدى. ھاياجان، شادلىقتىن تېرەمگە سىغماي قالدىم.

بىز چەكسىز خۇشاللىق ھېسسىياتى ئىچىدە، ئەللىك يۈەنگە توختىغان كىشىلەر تەرىپىدىن «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن» دەپ ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىۋاتقان ئىككى مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قىممەتكە ئىگە بۇ توقلاتقۇنى دىلنۇرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردۇق. ئۇلار دەسلەپ ھەيران قېلىشتى، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، بىزدىنمۇ كۆپرەك خۇشال بولۇشتى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شادلىقى ئارقىلىق بىزنىڭ بەختىمىزگە تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

دىلنۇر تولىمۇ ياخشى قىز ئىدى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋە پۇل-مال، ئىناۋەت-ئابرويىغا قىزىقىپ، دىلنۇرنى ماڭا ئۆيدىكىلەر تونۇشتۇرغانىدى. دەسلەپتە دىلنۇرنى تولىمۇ ھاكاۋۇر، پوچى، ئادەمپاراتمايدىغان كۆرۈپ ئۇنىمىغانىدىم. ئۆيدىكىلەرنىڭ زورلىشى ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مەندە بىردىنلا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ بېقىش ئىستىكى پەيدا بولدى. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، ئۇچاغدا دىلنۇرنى بۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ قالارمەن، دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم، ئۇنىڭمۇ مېنى چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنىدىم. شۇنداق، كېيىنچە ئاستا-ئاستا ئۇنى ھەقىقىي چۈشەندىم، بىر-بىرىمىزنى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ قېلىشتۇق. بىز ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەر ئېيتقاندەك خۇدا قوشقان بىر جۈپلەردىن بولۇپ قالدۇق. توي تەييارلىقىمۇ پۈتەي دەپ قالدى، يېقىندا تويىمىز بولىدۇ…

ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەن تەڭ، ئاچام بىر خىل قىزىقىش بىلەن سورىدى:

— ئەخمەتجان، دىلنۇرلار توڭلاتقۇ سېتىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟ بايا كوچىدا ئىككىلەننىڭ ئۇنى كىرا ھارۋىسىغا بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. نەچچە پۇلغا ئاپتۇ؟

— مەن ئەسلى بولۇنغان ئىشلارنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتمىسام بولغانىكەن، ھېچبولمىغاندا، ھە، شۇنداق، دەپلا قويغان بولسامبولغانىكەن! لېكىن، ھەي… ئەينى ۋاقىتتىكى خۇشاللىق، پەخىرلىنىش ھېسسىياتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتالمىش راستچىل بولۇشتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلىتىم ئۇ ئىشلارنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەتكۈزدى.

— ۋاي خۇدايىم، تازىمۇ دۆت بىر نېمە بولۇپسەنغۇ، — ئاچامنىڭ قان قالمىغان چېرايىدا رەنجىش، قېيداش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى، — نېمە دەپ ئۆز قولۇڭ بىلەن ئىگە بولغان توڭلاتقۇنى خەققە بەردىڭ؟

— ئۇ خەق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەرىبىر بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان تۇرسا، — دېدىم مەن.

— ھوي، دىلنۇر خەق بولماي نېمىتى؟ سەن بىلەن توي قىلغان تەقدىردىمۇ-چۇ، ئۇ بەرىبىر سىرتنىڭ ئادىمى، بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىلىمىش تېخى! قاپاقباش بىر نېمىكەنغۇ بۇ. بىلىپ قوي، ئۇ كېيىن توڭلاتقۇنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ كەلگەن ھالەتتىمۇ، مانا مەن بىر توڭلاتقۇ ئەكەلگەن، ئۇنى ئالغان، بۇنى ئالغان، سەن نېمىدىڭ، دەپ بېشىڭنى ئوچاق ئېتىپ يۈرگەن سۆزلەيدۇ، سەندەك ئەخمەقنى ئېلىۋەتكەن ئىرىنقىغىمۇ تەڭ قىلمايدۇ. ئۇ چاغدا، سەن موللا مۈشۈكتەك بىر بۇلۇڭدا تىرناق تاتىلاپ ئولتۇرىدىغان سايىماخۇنغا ئايلىنىسەن. ماڭ يۈگۈر، بېرىپ توڭلاتقۇنى قايتۇرۇپ كەل!

— ۋاي-ۋۇي ئاچا، سۆزلەپلا كەتتىڭىزغۇ، بۇ…

— سۆزلىمەي ئەمىسە، — ئاناممۇ ماڭا ھۆرپىيىپ، ئاچامنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى، — ماڭ يۈگۈر، ئاچاڭنىڭ دېگىنىدەك قىل!

ئانامنىڭ بۇ گېپى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بولدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دادام، ئانام، ئاكام، ھەتتا ئىنىممۇ مېنى ئەيىبلەپ، قانداقتۇر كېيىنكى ئىززەت-ھۆرمەت، ئابرويىمنى كۆتۈرۈش، يۈزۈمنى يورۇق قىلىش ئۈچۈن، مېنى توڭلاتقۇنى ئەسلى ئۆزۈمگە ئالغان چەككە چىققان، دىلنۇرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن، دەپ ئۇنىڭغا بەرگەنىدىم، دېگەندەك يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆيىمىزگە ئېلىپ كېلىشكە قىستىماقتا ئىدى.

لېكىن، مەن ۋىجدانىمغا خىلاپ ھالدا مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنى بولغان يالغان سۆزلەرنى قىلسام، تۈگەشمەمدىمەن!؟

— سەن بارالمىساڭ، مانا بىز بارىمىز،— ئاچامنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى مېنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ، ئەرزانلا قولغا كەلگەن لوخ گۆش تۈپەيلىدىن ئاغزىغا يىغىلغان سېرىقسۇنى تۈكۈرۈۋېتىپ، ئىنىمغا بۇيرۇق قىلدى: — قاۋۇلجان، يۈر!

— ئاچا، توختاپ تۇرۇڭ، ئۇنداق...

— نېمىگە توختاپ تۇرىدۇ!؟

ئانام شۇنداق دېدى - دە، يەلكەمدىن تارتتى، مەن بىر زەربىدىن سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ، تامغا يۆلىنىپ قالدىم. شۇ ئەسنادا يەنە ئىشىك يېپىلدى، ئىشىكنىڭ قاتتىق يېپىلغان ئاۋازى گويا يۈرىكىمگە تەگكەن ئوقتەك مېنى مادار ۋە ئەقىلدىن جۇدا قىلدى. مەن ئەس - ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا ئولتۇرۇپ قالدىم. بوپتۇ، بۇلار كاجلىقىنى قىلىپ تۇرسۇن، كېيىنچە، مەن دىلنۇرغا چۈشەندۈرۈپ قويارمەن، ئۇمۇ مېنى چۈشىنەر....

ياق بۇ نۇقتىدا مەن يېڭىلدىم، ئاچامنىڭ سۆزلىرى ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولغانلىقىمنى ئىسپاتلىدى!

— قانداق بەختلىك يىگىت، بىز قىلىمىز دېگىنىمىزنى قىلالامدىكەنمىز؟... قانداق ئەكەللەر دىگلار دەپ سورىماسمەن،— ئاچامنىڭ ئاۋازى بەردىنلا يۇقىرىلىدى،— بىز بېرىپ، توڭلاتقۇ ئەسلىدە ئەخمەتجان ئۆزىگە ئالغان چەككىچىقانىكەن، دىلنۇر ئازابلىنىپ كەتمىسۇن، دەپ ئەخمەت ئېنىمىز سىلەرگە بېرىۋېتىپتۇ. بۇنداق بولمىغاندىمۇ پۇلنى ئەخمەتجان چىقارغاندىن كېيىن بىزگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك. بۇغۇ بەرىبىر ئوخشاش، شۇنداق بولسىمۇ، ھازىرچە بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسۇن، دېۋېدۇق، ئۇلار تامدەك تۇرۇپ قېلىشتى. بىر ئازدىن كېيىن دىلنۇر «ئەخمەتجان قوشۇلغان بولسىلا باشقا خىيالىمۇ يوق، مەن ئۇنىڭغا ئىككىلىك خەت يېزىپ بېرەي. توڭلاتقۇ بىلەن بىللە ئالغاچ كېتىشسىلە» دېدى. ھى...ھى..ھى...

ئاچام ئاغزى ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا سۆزلىگەچ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئائىلىمىزنىڭ چوڭ بىر ئارزۇسىنىڭ مۇشۇنداق ئوڭايلا ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن مەست بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، دىلنۇرنىڭ خېتىنى قايسى يانچۇقىغا سالغانلىقىنىمۇ بىلمەي، يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ - چۆرۈۋەتتى.

مېنىڭ خىيالىم يەنە دىلنۇر تەرەپكە ئاغدى. ئۇ، ئازابلانغانمىدۇ؟ ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەنمىدۇ؟ دىلنۇر ھوشيار، باشقىلارغا قاتتىق ئىشەنمەيدىغان، ئىشەنچىسىنى يەرگە ئۇرغۇچىلارنى ئەبەدىي - ئەبەد كەچۈرمەيدىغان، ھەر بىر گېپىدە چىڭ تۇرىدىغان قىز. ئۇ، خېتىدە نېمىلەرنى يازغان بولغىيدى!؟ ئەگەر، مەن ئۈچۈن دەھشەتلىك بولغان بىر قارارغا كەلگەن بولسا... شۇ تاپتا خەتنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى بىلەن خەتنى مەڭگۈ كۆرمەسلىك ھېسسىياتى مېنى ئەسىر قىلىۋالدى. مەن خۇددى ھۆكۈمنامىسىنى كۈتۈۋاتقان مەھبۇستەك، ئاچامنىڭ خەتنى تېزراق بېرىشىگە تەقەززا ئىدىم.

— ھە، راست، دىلنۇر خەتنى ئۆز قولى بىلەن توڭلاتقۇ ئىچىگە سېلىپ قويغاندەك قىلىۋېدى،— ئاچام شۇنداق دېگىنىچە توڭلاتقۇ ئىشىكىنى ئاچتى - دە، بىر دانە كونۋېرتنى ماڭا ئۇزاتتى،— قېنى ئوقۇپ باقە، يېلىنىش سۆزلىرىنى بىر ئاڭلاپ باقايلى.

«ئۆز قولى بىلەن توڭلاتقۇ ئىچىگە...» دېگەن سۆزلەر بىلەن تەڭ كونۋېرتنىڭ قولۇمغا تېگىشى مەندە بىر خىل تىترەك قوزغىدى. ۋۇجۇدۇم جۇغۇلداپ كەتتى. مەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن خەتنى ئاچتىم.

«ئەخمەتجان، سىز مېنى كۆيدۈرگەن ھەم سۆيدۈرگەن، نازۈك بەللىرىمنى چىڭ قۇچاقلىغان ھېلىقى ئەخمەتجان شۇمۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر مېنى چىن دىلىڭىزدىن سۆيگەن ئەشۇ ئەخمەتجان بولسىڭىز نېمىشقا بۇ دەرىجىدە قاتتىق چاقچاق قىلىسىز؟ سىزگە ئېچىنىش بىلەن ئېيتىپ قوياي، ئاچچىڭىز بىلەن ئېنى-ڭىزنىڭ بۈگۈن ئوينىغان غەيرىي كومېدىيىسى مېنىڭ ئائىلىڭىزنى، جۈملىدىن سىزنى چۈشى-نىشىمدە چوڭ بىر بىشارەت بولدى. تېگى يوق ھاڭنىڭ لېۋىدىن قەدەملىرىمنى توختىتىپ، ئارقامغا قايتىشىم ئۈچۈن بىر دىلگەن سىگنال بولدى. بۇ ئىشتىن مەن قىرىق يىللىق ئەقىل-گە ئىگە بولدۇم. بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىز-لەپمۇ يۈرمەڭ، ئېغىزىڭىزغا ئالغۇچىمۇ بول-ماڭ، خەير - خوش!»

ئاھ، مۇھەببەت توڭلاتقۇسى، سېنىسى نېمە قىلسام بولار!؟

مانا، ئالدىمدا يېپ-يېڭى بىر توڭلاتقۇ تۇرۇپتۇ. تېخى بايىلا ئېلىپ كېلىنگەن بۇ توڭ-لاتقۇ دەسلەپتە مېنى قەۋەتلا خۇش قىلغانىدى. ئاردىن بىر - ئىككى سائەت ئۆتە - ئۆتمەي-لا، گويا مېنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك توڭلاتماقتا. شۇڭا پىتا مەن ئۆز ئۆيۈمدە تۇرغان بولساممۇ، ئۆزۈمنى قېپ-يالىڭاچ ھالدا شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ مۇز-لۇقلىرى ئارىسىدا تىترەپ تۇرغاندەك ھېس قىلماقتىمەن.

(بېشى 91 - بەتتە)

ئېلىپ تاشلىغانلىق ھەم پارتىيىدىن قوغلاپ چىقارغانلىق خەۋىرىنى ئۇقۇپ بۇنىڭغا قى-زىقىپ قالدىم. مەندە پارىخورلۇق دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى پەيدا بولدى. بۇ گەپنى دادامدىن سوراي دېسەم، ئۆتكەنكىدەك يەنە خاپا بولۇپ تىل-لاپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئاخىرى بىزنىڭ مۇئەللىمدىن سورىدىم.

— پارىخورلۇق دېگەن سۆزنىڭ مەنى-سى،- دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى مۇئەل-لىم،- رەھبىرى كادىرلار ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، نەپسىگە چوغ تارتىپ، باشقى-لار تۈرلۈك شەكىل ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق «تەق-دىم» قىلغان ھەر خىل سوۋغىلارنى قوبۇل قى-لىپ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى قاندۇرسا ياكى ھاجەتمەنلەرنىڭ ھەر خىل ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ھېسابىغا ئۇلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ پارە ئالسا، مانا بۇ پارىخور-لۇق بىلەن شۇغۇللانغانلىق بولىدۇ. قانۇن ۋە پارتىيە ئىنتىزامى بۇنداق يامان قىل-مىشلارنى قەتئىي چەكلەيدۇ، ھەرگىز يول قويى-مايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن پاي-دىلىنىپ، پارتىيىۋىلىك مەيدانىنى يوقى-تىپ، پارىخورلۇق ھەم قانۇنسىز تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ چىرىكلىشىپ كەتتى. بۇ-نىڭ جەمئىيەت ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى تەسىرى بەكمۇ يامان بولدى. شۇڭا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ خىلدىكى ئادەملەرنى ئۈزۈل-كېسىل ئېنىقلاپ، مەخسۇس ئەنزە تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ تاناۋىنى تارتماقتا...

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. دادامنىڭ قىلغان- ئەتكەن ئىشلىرىمۇ پارىخورلۇققا كىرەمدىغاندۇ؟ ناۋادا شۇن-داق بولسا، مېنىڭ داداممۇ... خىيالىمنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمى-دىم، بۇ قېتىم دادامنىڭ تەقدىرىدىن راس-تىنلا ئەنسىرەپ قالدىم...

ئېزىزجان تـوختىھاجى (ئوقۇغۇچى)

# دادام باشلىـق بولغاندىن كېيىن

( ھېكايە )

مېنىڭ دادام بەش-ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ ئىدارىغا باشلىق بولغان ئادەم. ئۆزىگە پىتان، چىقىشقاق، مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر، سەۋىيىسى يۇقىرى، قوش تىللىق بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى شۇ چاغدا دادامغا ئەسقاتقان، ئەمەلدارلىق تەختىگە ئولتۇرۇشتا پەللە مېيەيلىك رولنى ئوينىغانىدى.

دادام بۇ ئىدارىغا باشلىققا تەيىنلەنگەن كۈنى ئۆيىمىزدىكى ھەممەيلەن خۇشال بولغانىدۇق. بولۇپمۇ، مەن زىيادە خۇشال بولغان، كېچىسى ھاياجاندا ئۇخلىيالماي قالغانىدىم. چۈنكى، دادامنىڭ كىچىك ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئىچىنى قايناتقۇدەك تازا، ئۇلار كەينىمدىن ھەۋەسلىنىپ قاراپ قېلىشىدۇ…

دادام مەنسەپ تۇتقاندىن كېيىن، ئۆيىمىز ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ھەم ئاۋاتلىشىپ كەتتى. تۇرمۇشىمىز باياشات، ھېچنېمىدىن غېمىمىز يوق، يەيدىغىنىمىز ئېشىپ-تېشىپ، كىيىدىغىنىمىز يېتىپ ئېشىپ قالاتتى، ئۆيىمىزدىن مېھمانلار كەم بولمايتتى. ئۇلار ھەر قېتىم كەلگەندە يۇقىرىسى گىلەم، ئۈن ئالغۇ، تۆۋىنى گۆش، تۇخۇم، ياغ ··· قاتارلىق نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشەتتى. دادام دەسلەپتە بۇ نەرسىلەرگە پۇل تۆلىمەكچى بولاتتى، ئەمما مېھمانلار ئۇنىماي: « مەي جۇيجاڭ، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا ئۇنداق، بۇ دېگەن سالىمىغا بولغان كۆڭلىمىز » دېيىشەتتى. كېيىنچە دادام ئۆيىمىزگە بىر نەرسە ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرگە پۇلنىڭ كېيىنىنى قىلمايدىغان، ھەتتا ئاددىي، كىچىككىنەك نەرسىلەرگە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدىغان بولدى.

مەن ئىلگىرى بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيتتىم. كەچقۇرۇنلىرى ئۆيىمىزدە بولىدىغان يۇقىرىقى ئىشلار ماڭا قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى. دادامدىن پەخىرلىنەتتىم، ھۆرمەتتىم، ھەۋەسىم كۈچىيىپ باراتتى. ئۆيىمىزگە بىر نەرسە ئېلىپ كەلگەن ئادەملەرنىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ئۇلار نېمە دېگەن ئوبدان، سېخى، مەرت ئادەملەر-ھە! ئۇلار بۇ ئىدارىنىڭ ئادەملىرى ئەمەس تۇرۇپ، دادامغا نېمانچىلا قىلىپ كېتىدىغاندۇ؟ ياكى ئۇلار دادامنىڭ ئاغىنىلىرىمىدۇ؟ دەپ ئويلاپمۇ قالاتتىم. لېكىن، ئۇلارنىڭ دادام ئالدىدا قىلغان گەپ-سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرىدىن دادامنىڭ ئاغىنىلىرى ئەمەسلىكى، ئەكسىچە بىرەر نەرسە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئاشۇنداق قىلىپ كېتىشىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، داداممۇ ئۇنداق-مۇنداق ئادەم ئەمەس ئىكەن-دە!؟ خۇدايىم دادامنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن، مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن! ئۆيىمىزگە بەكارلىق نەرسىلەر كۈندە كېلىپ تۇرسۇن!

كەچ تەرەپلەردە ئۆيىمىزگە ئەرلەرلا ئەمەس، ئاياللارمۇ كېلەتتى. ئۇلار ئانامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشنى تالىشىپ، خۇددى ئانام باشلىقتەك بىر كۈن ئىچىدە ئىدارىدا، جەمئىيەتتە بولغان ئىشلاردىن ئانامنى خەۋەرلەندۈرۈپ :

— قارىسىلا ئايقىز خېنىم، بۈگۈن چۈشتە مەن ھېلىقى سەمەتۋالىيىنىڭ ئايالى زۆمرەت خېنىم بىلەن كوچىدا كۆرۈشۈپ قالغانىتىم. ئۇ خېنىم ئاتايىن سىلىنى سورىدى، ۋاقتى يەتسە كېلىپ بىردەم — بىردەم ئولتۇرۇپ كەتسۇن دېدى — دەيتتى قايىسىدۇر بىرى ئاۋازىنى سوزۇپ.

— زۆمرەت خېنىم تەكلىپ قىلغانىكەن، بۈگۈن — ئەتە ئىچىدە بېرىپ مېھمان بولۇپ كەلسىلە، ئايقىز، ئىدارىمىزنىڭ بۇرۇنقى باشلىقىنىڭ ئايالىنى تونۇيالىغۇ، ئۇ خامكاۋا، بەدرەڭنىڭ قىلچىمۇ ئىناۋىتى يوقتى، سىلى دېگەن قالتىس ئايال جۇمۇ! — دەيتتى يەنە بىرى ئاغزى — ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ.

ئۇلارمۇ قۇرۇق قول كىرمەيتتى، ياز كۈنلىرى يېزىدىكى تۇغقانلىرى ئەپكىرىپ بەرگەن ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئانارلاردىن، قىش كۈنلىرى قۇرۇق يېمىش، ھەر خىل مۇراببا، كانسىرۋالاردىن «نېسىۋە» ئېلىپ كىرەتتى، شۇ ئارقىلىق مۇددىئا — مەقسەتلىرىنى بايان قىلىشاتتى:

— سىلىمۇ بىلىلا، مېنىڭ يالغۇز بىرلا سىڭلىم بار. ئۇنىڭ كەنجى قىزى بۇ يىل سىنىپنى پۈتتۈرىدۇ، مەيجۇيجاڭغا ئېيتىپ قويسىلا، ئۇنى شەھەر ئىچىدىكى مەكتەپلەرنىڭ بىرەرسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسۇن.

— بىر گېپىم بارتى سىلىگە ئايقىز، دەيمۇ — دېمەيمۇ؟ بوپتۇ دەۋېرەي، ئىككىمىز بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتكەندىكەن؛ ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، بىزنىڭ ھېلىقى بالىنى، تازا ياخشى ئوقۇيالمىغان، شۇڭا بەشىنچى سىنىپتىن چىقىرىۋالغان. يېقىندا ئىدارىغا بىر نەچچە ئىشچى ئالىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم. شۇ ئىشچى لىققا بولسىمۇ مەيجۇيجاڭ بىر ئاماللىنى قىلمـ ۋەتسە بولۇپتىكەن. خوش بولۇپ قالاتتۇق، ياخشىلىقىڭلارنى ئۇنۇتمايتتۇق...

ئانام بۇنداق ھاجەتمەنلەرنىڭ قولىدىن يەل — يېمىشلا ئەمەس، بەزىدە تېخى پۇللۇق، ئېسىل رەختلەرنىمۇ ئالاتتى. ئۇلارغا دادام ئورنىدا بىر مۇنچە ۋەدىلەرنى قىلىپ يولغا سالاتتى...

ئانامنىڭ ئۆيدىكى ئۈچ دانە خۇرۇم چامادانى بىلەن ئىككى دانە چوڭ ئورۇس ساندۇق ھەرخىل رەختلەر، كىيىملەر بىلەن تولۇپ چېكىدىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىرەر يەرگە تويمەرىكىسىۋە مېھماندارچىلىققا بارىدىغان چاغدا، ئۇ نەرسىلەرنى خۇددى دەپتەر ۋاراقلىغاندەك ئۆرۈپ — چۆرۈپ كېتەتتى...

دادام باشلىق بولغاندىن كېيىن، ئۆيىمىزدىمۇ، ئىدارىمىزدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇرۇن ئۆيىمىزدە بار بولغان ئاددىي كونا جاھازلارنىڭ ئورنىدا ھازىر يېڭى، ئېسىل، زامانىۋى ئۆي جاھازلىرى پەيدا بولدى.

ئەمدە ئىدارە ئىشلىرىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە مەن ھېچنىمىنى بىلمەيمەن. چۈنكى، مەن تېخى كىچىك، گۆدەك، ئەمدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇيمەن. ئەمما، ئۆيىمىزنىڭ تامىلىرىغا قاتار ئېسىلغان ھەرخىل تەقدىرنامىلاردىن دادامنىڭ خىزمەتنى ياخشى، ئاكتىپ ئىشلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دادام ھەر يىلى دېگۈدەك مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان يۇقىرى ئورۇنلاردىن تەقدىرلىنىپ، ئاشۇنداق نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىدارە خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاكتىپ ئىشلىمىسە، بىكاردىن — بىكار تەقدىرلىنىدىغان ئىشى بارمۇ؟ ئايلىنىپ قالغان ھۆكۈمەت يوقتۇ؟! بىزنىڭ مەكتەپتىمۇ دەرستە، داۋامدا،

ئىنتىزامدا، ئەمگەكتە ياخشى بولغان بالىلارنى «ئۆچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى دەپ باھالاپ تەقدىرلەيدۇ، ئەمەسمۇ؟!

لېكىن، بۇ يەردە ماڭا چۈشىنىكسىز تۇيۇلىدىغان بىر ئىش بار. يەنى، ھەر قېتىم يۇقىرىدىن بۇ ئىدارىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرگىلى ئادەملەر كەلگەندە، بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولۇشىدۇ. دادام بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنىڭمۇ باشلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، تىنىمسىز پايپاسلاپ چېپىپلا يۈرۈيدۇ. بازاردىن ئېسىل مېۋە، سېمىز قويلارنى، ئالىي دەرىجىلىك ھاراق، تاماكىلارنى ئۆزى تالاپ - خىللاپ سېتىۋالىدۇ. بۇرۇنقى باشلىقلىق سالاپىتىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، كىچىك بالىدەك يوغان قورساق مېھمانلارنىڭ ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ، خوشامەت قىلىپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي كېتىدۇ. توۋا، دادام نېمانداق غەيرىي ئادەمدۇ؟ ئۇمۇ باشلىق تۇرۇپ بۇ خەقلەرگە نېمانچە قىلىپ كېتىدىغاندۇ؟

دادام يۇقىرىدىكىلەرگە ئاشۇنداق مالاي بولسا، تۆۋەندىكىلەرگە پادىشاھ ئىدى. ئىدارىدا دادامنىڭ دېگىنى ھېساب ئىدى. ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايدۇ. ئىدارىمىزدا بىر ئىشچى بولۇپ، ئىسمى سادىق يۇۋاش ئىدى. مەن بۇ ئادەمنىڭ يېزىلىقمۇ ياكى شەھەرلىكمۇ، نەلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەن ئەقلىمگە كەلسەم، ئىدارىنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ، ئەخلەتنى ھارۋىدا توشۇيدىكەن. ئۇ بۇرۇن ئىدارىنىڭ بۇرۇنقى باشلىقىنىڭ ئۆي ئىشىنى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان چاكىرى ئىدى. مانا ئەمدى دادام باشلىق بولۇپتى، بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بولدى. ئەتىگىنى سۈت ئەكىرىش، بازاردىن سەي-پەي، گۆش-پۆش سېتىۋېلىش، ئۇكامنى بېقىش، ئوتۇن يېرىش، كۆمۈر توشۇش... قىسقىسى، ھەممە ئېغىر - يېنىك، يۇڭگۇر - يېتىم ئىشلارنى قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ قاپاق تۈرۈپ، بويۇن تولغاپ باققىنىنى كۆرمىدىم. ھاردىم - ئاچتىم دېمەيدۇ، ۋايسىمايدۇ، زارلانمايدۇ، ئەكسىچە دائىم ھىجىيىپلا يۈرۈيدۇ.

مېنىڭ سادىق يۇۋاشقا ھەم ئىچىم ئاغرىيدۇ، ھەم ئاچچىغىم كېلىدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇنىڭ كۈن بويى تىنىم تاپماي ئاشۇنداق جاپالىق ئىشلارنى خۇددى قۇلدەك قىلىدىغانلىقىغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سادىق ياۋاش چوپچوڭلا بىر ئادەم تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق غۇرۇرى، قەدىر- قىممىتىنى يوقىتىپ، ئىدارە ئىچىدىكى بەلگىلەنگەن ئىشىنى قىلماي، بىكاردىن- بىكار جېنىنى ئۇپرىتىپ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىشىنىمۇ تالىشىپ قىلىپ كەتكىنىگە ئاچچىقىم كېلىدۇ. ھەي، جاھاندا نادان، ساددا، ئاخماق ئادەملەر كۆپتە! ئۇ نېمىش قىلسا قىلمامدۇ، مېنىڭ نېمە كارىم...

يېقىندا گېزىتتىن بىر باشلىقنىڭ پارىخورلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ قالدىم. مەن پارىخورلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتىم. شۇڭا، كەچتە دادامدىن سورىدىم.

-- نېمە قىلىسەن ئۇنى سوراپ؟- توساتتىن دادام كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋارقىرىدى،- سەن بۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەي، دەرسكە، ئوقۇشقا كۆڭۈل بۆل، بولامدۇ؟

مەن ئىندىمىدىم، ئەمما دادامنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ قالدىم...

بۈگۈن گېزىتتىن يەنە ئىچكىرى ئۆلكىدىكى قايسىدۇ بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى كۆپ قېتىم پارىخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىدارە باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن

(ئاخىرى 88 - بەتتە)

AltunOgX

زۇلپىيە

# تۇغماس

(ھېكايە)

چولپان ئەتىگەندىن بېرى كىرىيۇدى، يالغۇزچىلىقتىن زېرىككەن بولسا كېرەك، يۇيۇش ئانچە زۆرۈر بولمىغان كىيىملەرنى-مۇ يۇيۇپ پارقىرىتىۋەتتى. ئۇ يۇغان كىرلەرنى پاكىز چايقاپ، ئەمدىلا يايای، دەپ تۇرۇشىغا، تاشقىرىدىن:

— ھەق دوس، ئەللەللا... خۇدارەھمەت قىلسۇن! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. چولپان تىلەمچى كەلگەنلىكىنى بىلدى-دە، قولىنى پەرتۇقىغا سۈرتىۋېتىپ، بىر پارچە ناننى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان تىلەمچى ئايالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى:

چولپانىنىڭ كۆز ئالدىدا جۇل-جۇل كىيىم كەيگەن، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، يۈز-كۆزلىرىنى خېلىلا قورۇق باسقان بىر ئايال نۇرسىز كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، قوللىرىنى ئالدىغا سوزغان مىسكىن قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئالدىغا خېلىلا پومپىيىپ چىققان قورسىقى ئۇنىڭ قىياپىتىنى غەلىتە ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

ئايال، ئۆزىگە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغان چولپانىنىڭ قولىدىن ناننى ئېلىپ خورجۇنىغا سالغاچ سۆزلىدى:

— رەھمەت سىڭلىم، خۇدايىم بالىلىرىڭىزنىڭ بەخت-تەلىيىنى بەرگەي!...

ئۇ سۆزلەۋېتىپ، چولپانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئېرىقتا سۇ كېچىپ ئويناۋاتقان ئۇششاق بالىلارغا چۈشىنىپ بولغۇسىز بىر خىل ھالەتتە قاراپ: «ئاپپاق قوزىلىرىم، خۇدايىم ئاتا-ئانىڭلارنىڭ قولىغا دەرد بەرمىگەي، ئامىن!» دېگىنىچە دۇئاغا قول كۆتەردى.

تىلەمچى ئايالنىڭ «ئاناڭلار» دېگەن سۆزى بىلەن تەڭ، سۇ كېچىپ ئويناۋاتقان ئاشۇ بىر توپ بالىلارنى ئۆزىنىڭ بالىسى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، شېرىن خىيال سۈرۈۋاتقان چولپان دۇئاغا ھەممەم بولۇشنى ئۇنتۇپ قالدى.

— قانچە بالىڭىز بار، سىڭلىم؟ — دېدى تىلەمچى ئايال چولپانىنىڭ تېخىچىلا بالىلاردىن كۆزىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— مېنىڭما؟ مى... مېنىڭ... بالام يوق، — دېدى چولپان مەيۈسلەنگەن قىياپەتتە ۋە ئاچچىق ئەلەم بىلەن «ئۇھ» تارتىپ قويدى.

چولپانىنىڭ ھەسرەتلىك «ئۇھ» تارتىشىدىن ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان سۆز قىلىپ قويغانلىقىنى سەزگەن تىلەمچى ئايال دەرھال گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋالدى:

— خۇدايىم بېرەر، ئارتۇقچە قايغۇرماڭ ئۇكام، تۇرمۇشتا ئاچا يېپ ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن، قارىمامسىز، ئېرىم تۇيۇقسىز

قازا قىلىپ، چۆچۈردەك بەش بالا بىلەن قالدىم. ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى ئايال كىشى ئۆزى يالغۇز قىلىپ بولالمايدىكەن، بالىلىرىم تېخى كىچىك، ماڭا ياردەملىشەلەيدىغىنى يوق. شۇڭا ئىلاجىسىز مۇشۇ يولغا كىرىپ قالدىم. «كۆتۈرەلمىسەڭ، ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك قورسىقىمدا قالغىنىنى دېمەيسىز، خۇدايىم مەندەك شورپېشانىگە قوشلاپ بەرگىچە، بالادەردىدە زار-زار يىغلاپ، يۈرەك-باغرى پۈچۈلىنىۋاتقان بەندىلىرىگە نېسىپ قىلسا بولماسمىدى؟... — ئايال شۇنداق دېگىنىچە كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

چولپان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، خىيالىغا بىر نەرسىنى كەلتۈردى-دە، بىردىنلا كۆڭلى يورۇپ كەتتى.

— قېنى، ئۆيگە كىرسىلە، ئاچا، — دەپ تەكلىپ قىلدى ئۇ تىلەمچى ئايالنى.

ئايال ھەم ھەيرانلىق، ھەم قورقۇنۇش ئىچىدە چولپاننىڭ كەينىدىن ئاستا ھويلىغا كىردى ۋە چولپاننىڭ تەكلىپى بىلەن ئېگىز پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا قوشقاتلاپ سېلىپ قويۇلغان كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇردى. چولپان ئۇنىڭغا دوستىخان سېلىپ، مەزە ئەپكەلگەندىن كېيىن ئالدىراشلىق بىلەن تاماققا تۇتۇش قىلدى.

تىلەمچى ئايال مەزىگە ئېغىز تەگكۈزگەچ بېدىشتىكى ئۈزۈملەر، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى گۈللەر، باغنىڭ تېمىدىن ماراپ تۇرغان ھەر خىل مېۋىلەر، باغ تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان ئېغىلدىكى بورداق قويلار ۋە كاتەكتىكى توخۇلار...غا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۆزىنى خۇددى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى ۋە بىردىنلا مۇشۇ يەردە دىلى سۇنۇق ياشاۋاتقان چولپانغا ئىچ ئاغرىتتى...

چولپان ھەش-پەش دېگۈچە تاماقنى تەييار قىلدى ۋە ئوخشىتىپ ئېتىلگەن لەغمەندىن ئىككى تەخسە راسلاپ، دوستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى. لەغمەننى كۆرۈپ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كەتكەن تىلەمچى ئايال ئانچە تۇزۇت قىلمايلا ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. لېكىن چولپاننىڭ كۆڭلىدىن ھېچنەرسە ئۆتمىدى. ئۇ تىلەمچى ئايالنىڭ ئاشۇ پومپىيىپ چىققان قورسىقىغا قارىغانچە شېرىن خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— قېنى سىڭلىم، سىزمۇ تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ، — دېدى تىلەمچى ئايال چولپاننىڭ ئۆز قورسىقىغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

— ئاچا، سىلىگە بىر مەسلىھەت بار ئىدى، — دېدى چولپان بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، ئويچان كۆزلىرىنى ئايالغا تىكىپ، — قوشۇلارسىلەمكىن؟

— نېمىدىن تارتىنىسىز، — ئايال سەل ھەيران بولدى، — ئېيتىۋېرىڭ.

— ئۇدۇللا دەۋېرەي جېنىم ئاچا، — ئۇ يىغلامسىراپ سۆز باشلىدى، — توي قىلغىنىمغا بەش يىلدىن ئاشتى، لېكىن ھازىرغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىدىم. خۇداغا شۈكرى، بۇ تۇغرىدا يولدىشىم ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ، ئۆزۈم ئىچ-ئىچىمدىن ئازابلىنىمەن، خالىي قالغاندا ئولتۇرۇپ يىغلاپ كېتىمەن. ناۋادا ماقۇل كەلسىلە، قورساقتىكى بالىلىرىنى...

چولپان شۇلارنى دەۋېتىپ بىردىنلا بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى، ئارقىدىنلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. كۈتۈلمىگەن بۇ ئەھۋالدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان تىلەمچى ئايال چولپاننىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشەندى-دە، چولپاننى ئاستا يۆلىدى.

— جېنىم ئاچا، تەلىپىمگە كۆنسىلە مەن سىلىدىن كۆپ خۇش بولاتتىم. سىلىنى ياخشى كۈتەي، ھەتتا بىر ئۆمۈر خىزمەتلىرىدە بولسام مۇمەيلى، مەندىن يانمىسا، ئاللادىن يانار...

— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى چولپاننىڭ زارىغا چىدىمىغان تىلەمچى ئايال ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — تۇغۇتۇمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۆزۈمۇ ئەنسىرەپ تۇراتتىم، خۇداغا شۈكرى، ئىشقىلىپ سىزدەك بىر ئاقكۆڭۈل چوكانغا ئۇچراپتىمەن.

چولپان تىلەمچى ئايالنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۆز پىكرىگە قوشۇلغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.

— نېمىگە شۇنچە شادلىنىپ كەتتىڭىز، چولپان؟ — ئۇشتۇمتۇت، بوسۇغىدا ئۆزلىرىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان ئېرى — ئەنۋەرنى كۆرگەن چولپان ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالدى — دە، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگەردى. ئۇنىڭ تىلى خوشلۇقتىن گەپكە كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئەنۋەر ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي يەنە سورىدى:

— بۇ ئايال كىم؟

— سىز تېپىپ بېقىڭ، قېنى، — دېدى چولپان كىچىك بالىلاردەك ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— تاپالمىدىم، ئۆزىڭىز تېزراق ئېيتىڭا، — ئەنۋەر خۇددى چولپاننىڭ ئاغزىدىن ئاجايىپ بىر مۆجىزە چىقىدىغاندەك قىزىقتى.

— ئاڭلىسىڭىز چوقۇم سىزمۇ خۇشال بولىسىز، ئالدىرىماڭ، — چولپان شۇنداق دېگىنىچە بايا تېنى بېرى تىلەمچى ئايال بىلەن بولغان ئىشلارنى ئەنۋەرگە بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

«تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك» لا ئېيتىلغان بۇ سۆزلەردىن ھەم ھەيران قالغان ھەم ئاچچىقلانغان ئەنۋەرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. لېكىن چولپاننىڭ خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيسا جىمىپ كەتكەنىدەك بولۇپ قالغانلىقى، بايىقى بالىلارچە خۇشلۇقى ۋە شوخلۇقىدىن ھېچ ئەسەر قالمىغانلىقىغا قاراپ چىدىيالمىدى ۋە پۈتۈن مېھرى بىلەن ئۇنى باغرىغا باسقاچ دېدى:

— دېگىنىڭىزچە بولسۇن، چولپىنىم...

× ×

شۇ كۈندىن باشلاپ تىلەمچى ئايال ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. چولپان بىلەن ئەنۋەر ئىككىسى ئۇنى ئېزىز مېھمان ھېسابىدا كۈتۈپ، پايپېتەك بولۇشتى. بولۇپمۇ، چولپان ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلمىغان قىلىقى قالمايتتى، ھەتتا تىلەمچى ئايال ئۇنىڭغا ئاسماندىكى ئاينى ئەپبېرىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئۇنى ئېلىشقا تەييارلانغۇدەك ئىدى: ھەر كۈنى ئۇ ئۈچ ۋاخ تاماق ئېتىپ، قاچا-قۇچا يۇيۇش بىلەن ئاۋارە بولسىمۇ ھارغىنلىقھېس قىلمايتتى؛ ئايالدا ئازراق ئۆزگىرىش بولسىلا، دوختۇر چاقىراتتى...

ئۇلارنىڭ تەلىپىگە يارىشا تىلەمچى ئايالنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ، پاقلاندەك سېمىز ھەم چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئەر-خوتۇن ئىككەيلەن ئۆزىگە كەلگەن بۇ بەختتىن چەكسىز خۇشاللاندى، بوۋاققا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ ھايات شامى يورۇغاندەك ھېسسىياتتا بولۇشتى. مەھەللىنىڭ ئىمامىنى چاقىرىپ چولپاننىڭ تەلىپى بويىچە «ئەنۋەر»گە ماسلاشتۇرۇپ بالىغا «ئەزىمەت» دەپ ئات قويغۇزدى. بۇ ئىشتىن خەۋەرلەنگەن قولۇم-قوشنىلار ئارقا-ئارقىدىن كىرىپ ئۇلارنى مۇبارەكلەشتى ۋە بوۋاققا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشتى...

«بالىلىق ئۆي—بازار، بالىسىز ئۆي—مازار» دېگەندەك، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردىن تۈن كېچىگىچە بۇ ئۆيدىن كۈلكە-پاراڭ

ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. ئەر- خوتۇن ئىككەيلەن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشقان هالدا بوۋاقنى قولىدىن چۈشۈرمەي تالىشىپ بىقىشاتتى، يەنىلا چولپان ئەزىمەتكە تويما يتتى. بەزىدە ھەتتا بالىنىڭ ئانا سۈتىگە تويۇۋېلىشىغىمۇ تاقەت قىلالماي قالاتتى.

شۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە، بوۋاقنىڭ قىرىق كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانىدى، بالىنىڭ قىرىقىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، چولپان بىر كۈن ئاۋارە بولۇپ تونۇرغا ئىككى قېتىم ئۇششاق توقاچلارنى ياقتى، ئەتىسى ئۆزى چېپىپ يۈرۈپ مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي يىغىپ كەلدى. بالىلار ئارىسىدىكى بۇغداي ئۆڭ، ئوماققىنە كەلگەن بىر قىزچاق بوۋاققا تۇنجى قېتىم سۇ قۇيدى. بوۋاق باشتا ئەندىكىپ يىغلاپ كەتكەن بولسىمۇ، كېيىن چولپانىنىڭ قولىدا خۇددى كىچىك بىلىنجاندەك ئوينىشقا باشلىدى… چولپان شۇ كۈنى بالىغا كىيىم كەيگۈزدى ۋە بىرنەچچە قۇر كىيىمنى زاپاس تەييارلاپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خۇشاللىقى شۇنچە چوڭ ئىدىكى، ئۇ ئۆزىنى جاھاندىكى ئانىلار ئىچىدە ئەڭ بەختلىك، ھەممىدىن تەلەيلىك ھېس قىلاتتى…

× ×

ئىككى ئايدىن كېيىن، تىلەمچى ئايال ئۆزىنىڭ باشقا بالىلىرىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆيىگە قايتماقچى بولدى. ئۇ ئەنۋەر بىلەن چولپانىنىڭ يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ئاندىن كېتىش ھەققىدىكى تەكلىپىگە ھېچ كۆنمىدى. ئەر-خوتۇن ئىككەيلەن شۇ كۈنى بازارغا بېرىپ كۆپ ئايلىنىپ ئايالغا ۋە ئۆينىڭ ئۆيىدە قالغان بەش بالىسىغا ئاتاپ بىرنەچچە قۇردىن كىيىملىك رەخت ئېلىپ بېرىپ — ئېچىپ ئۆيىگە قايتىشقانىدى، ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئۇلارنى قارشى ئالغىنى ئوماق بالىسى ئەزىمەت ۋە تىلەمچى ئايال بولماي، بەلكى قوشقانىتلىق دەرۋازىغا سېلىنغان يوغان چوڭ قۇلۇپ بولدى. «ھېلىقى ئا-

يال قېنىمكىنە؟» ھەر ئىككەيلەننىڭ يۈرىكى «قارت» قىلغاندەك بولدى. ئۇلار ھېرىش — چارچاشنى ئېسىدىن چىقىرىپ دەرھال ئۆزلىرى بۇرۇن ئاچقۇچ قويىدىغان جاينى ئاختۇرۇشتى. بوسۇغىنىڭ تېگىدە يوشۇرۇپ قويۇلغان سېرىق ئاچقۇچ پارقىراپ تۇراتتى. ئۇلار تېزدىن ئۆيگە كىردى ۋە ئاۋۋالقىدەك رەتلىك، پاكىز تۇرغان، سۈپۈرۈپ سۇ چېچىلغان ھويلا — ئارام، ئۆي ئىچىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. «ئەزىمەتجانلار قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ كىرىشىنى كۈتتى. نېمىشقىدۇ خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغان بولسىمۇ، ھېلىقى ئايال ھېچ قايتىپ كىرەي دېمەيتتى. ئۇلار چىقىپ قوشنىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشۋىدى، ھېچكىمنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ياكى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. بىرقانچە قوشنىسى تەرەپ — تەرەپكە چېپىپ ئىزلىگەن بولسىمۇ، ئۇنى تاپالماي ياكى خەۋىرىنى ئالالماي قايغۇ چۈشۈپ كەتتى. مۇشۇ چاغقىچە ئۆزىنى ئاران-ئاران تۇتۇۋېلىپ تۇرغان چولپان كىچىك بالىلاردەك ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ھېلى قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ بۇقۇلدايتتى، ھېلى ئۇنىنى قويۇۋېتەتتى… قوشنىلار چولپانىنىڭ يەريادىغا چىداپ تۇرالماي ئارقا — ئارقىدىن تەسەللىي بېرىشكە چۈشتى.

خېلىدىن كېيىن ھەممە ئىش ئايان بولدى: بازاردىن ئۆيگە كەچ قايتقان بىر يولۇچى بوۋاي ئۆزىنىڭ ئەتىگەن بازارغا ماڭغىچە تىلەمچى ئايالنىڭ بىر بالىنى كۆتەرگەنھالدا جىلغىلىق تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى، يەنە ئۇنىڭ قولىدا بىر كىچىك بوپىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى.

چولپان بۇنى ئاڭلاپ خۇددىنى يوقاتتى، چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈزلىرىنى تاتىلىدى ۋە:

— بالام، مېنىڭ ئەزىمىتىم! — دەپ توۋلىغىنىچە جىلغا تەرەپكە قاراپ يۈگرەپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى…

**روشەنگۈل تۇرسۇن**

# نەسىرلەر

## ھايات مۇساپىسىدا

— قارا، مېنىڭ قىلغانلىرىمغا!...

ئۇ، ئەنە شۇ سۆز بىلەن تەڭلا يەنە كۈلكىسىنى باشلىدى. ئۇ كۈلۈۋاتىدۇ، ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئاچچىق مەسخىرە، چوڭقۇر كەمسىتىش كۈلكىسىنى كۈلۈۋاتىدۇ.

بۇ كۈلكە قۇلاق-مېڭەمنى يەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنى-ئەشۇ مەسخىرە ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن تولغان كۈلكىنى زادىلا توختاتقىلى بولماسمۇ؟

مەن توختىماي زارلىدىم، قوللىرىمنى سوزۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالماقچىمۇ بولدۇم، بىراق قۇربىتىم يەتمىدى: ئاخىرى ھوشۇمدىن كېتىپ، قاچانلاردۇر كۆزۈمنى ئاچسام، ئۇمۇ قانائەت جامىغا تولدۇرۇلغان مەغرۇرلۇق شارابىنى ئىچىپ، مەسھالدا ئۇخلاپ قاپتۇ. مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدىم-دە، دىلىمغا ئۈمىد شامىنى يېقىپ، بېلىمگە شىجائەت كەمىرىنى باغلاپ، مەسخىرە ۋە كەمسىتىش ئۇيقۇسىدىن ھاسىل بولغان چۈشكۈنلۈك ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، مېنى ئۇيالدۇرغان، ئۇنى كۈلدۈرگەن زەپەر مۇنارىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق كېلىدىغان شەرەپ مۇنارىنى ياسىدىم، ئاندىن مەنمۇ جېنىمنىڭ بارىچە كۈلدۈم. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ ھەيران قالدى، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا كۈلكىدىن زارلاندى.

بىر چاغدا مەن يەنە ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەمدى ھېرىپ-چارچاشتىن ئەمەس، بەلكى مەسلىكنىڭ كەيپىدىن بولسا كېرەك، بۇ ۋاقىت ئۇنىڭغا ياخشى پۇرسەت بولۇپتۇ. ئۇ مەن ياسىغان شەرەپ مۇنارىغا چىقىپ، رىقابەتنىڭ ئالتۇن تاجىنى كىيىپ، شاھلىق كۇرسىدا ئولتۇرۇپتۇ.

دېمەك، ئىككىمىز مانا مۇشۇنداق ياشايمىز. بىرىمىز كۈلسەك، بىرىمىز زارلىنىمىز، بىرىمىز ئۇخلىساق، بىرىمىز ھەرىكەت قىلىمىز.

## ھەق تەلەپ قىلىش

يولدا كېتىۋاتاتتىم، تۇساتتىن بىرسىنىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىراۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىسام، كۆزلىرىنى قىزىللىق قاپلىغان بىر ئادەم ئىككى قولىنى شىلتىپ سۆزلەۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرەر كىشى كۆرۈنمەيتتى. مەن ئۇنى «ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان ئادەم ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، مېڭىشقا تەمشىلىۋىدىم، ئۇ يەنە سۆزلەپلا كەتتى:

— ھەي زۇۋانسىز، گەپ قىل! مەن سەندىن ھەق ئالغىلى كەلدىم، سەن مېنى ھەقسىز نەپەسلەندۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ھەق تۆلە!

مەن كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ، «تۇۋا» دەپ، ياقامنى چىشلىگىنىمچە كېتىپ قالدىم. مۇشۇ كۈنلەردە مەن باشقىلاردىن، بەزى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنىڭ ئۆزلىرىنى خالىسانە ھىممىتى بىلەن بېغىشلىۋاتقانلىقى «گۇناھى» ئۈچۈنمۇ ھەق سورىغانلىقلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن نەق ئۆزىنى كۆرۈپتىمەن. بىلسەم، بۇ كىشى ھاۋادىن ھەق تەلەپ قىلىشىپتۇ.

## ماۋزۇسىز

(1)

ئۇ گاھى چاغلاردا شۇنچە خۇشال، گاھى چاغلاردا شۇنچە غەمكىن. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆتكۈنچى روھىي ھالەت مېنى تولىمۇ بەزدۈردى. ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ بىردىنبىر ئىپادىسى سەۋدايىلارچە كۈلۈش. غەمگە چۆككەنلىكىنىڭ بىردىنبىر ئىپادىسى مۆرىمەس بولۇپ يىغلىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ مۆرىمەس چاغلىرى مېنى خاتىرجەم قىلىدۇ. ئۇ، غەمكىن چاغلىرىدىلا ئىنسانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى نامايىش قىلىدىغان كۈلكىسى تولىمۇ مەيۈس، تولىمۇ سۇس.

(2)

سەن زورىغا يىغلايسەن، زورىغا كۈلىسەن. سېنىڭ ھاياتىڭ پەقەت باشقىلارنىڭ سايىسىنى ئۆزۈڭگە ئۆلگە قىلىپ تىكلەش بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ئوخشايدۇ. سەن ساخاۋەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ناھايىتى زور بەدەل تۆلەۋاتىسەن، لېكىن سەن ئۆلۈپ كەتكەندە قالىدىغىنى ياسالمىلىقىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئىبارەت، خالاس. ھەي، بىچارە ئىنسان!

(3)

ئۇ رەھىمسىز، ئۇ قەبىھ ئىنسان. چۈنكى، ئۇ سېنى ساراڭ قىلدى. ساراڭ قىلغانىدىمۇ ئەشەددىي ساراڭ قىلدى. سەن ئەتراپىڭدىكى مۇز سۈپەتلىك ئىنسانىدىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇدۇڭ. سەن خالىغانچە كۈلىسەن، خالىغانچە ئالا-تاغىل تۇۋلايسەن. بىز ساڭا «ساراڭلار پادىشاھلىقىنىڭ سۇلتانى» دەپ سەلتەنەتلىك نامنى سوۋغا قىلدۇق. كېيىن بىلدۇقكى، سېنى بىھۇدە ئەيىپلەپتۇق. سەن ئەسلى ھارارەتلىك مۇزنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ئىكەنسەن. بىزنى كەچۈر، ئەقىللىق، ساراڭ ئىنسان!

(4)

سەن بىراۋنى مازاق قىلىپ كۈلىۋاتقىنىڭدا، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزۈڭگە نەپرەتلىك قاراۋاتقانلىقىنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويما. سەن شۇ چاغدا ئۆز سايەڭنىڭمۇ ئۆزۈڭگە بولغان مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى كۆرەلەيسەن.

ئاتىكەم ئۆمەر

# قۇياشقا سوزۇلغان يول

( نەسىر )

مەن دادامنى ئىزدەپ ماڭدىم. ئۇ تۈنۈگۈن قۇياشنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئالدىمدا دادامنىڭ ئاياغ ئىزلىرى... بۇ ئىزلار تاكى ئۇپۇققىچە سوزۇلغانىدى.

مەن دادامنىڭ ئىزلىرى ئۈستىگە دەسسەپ قۇياش پاتقىچە ئىلگىرىلىدىم. ئاخىرى ھاردىم، چارچىدىم. ئۇيقۇ لەشكەرلىرى كۆزۈمگە سۇنۇق شەمشەرلىرىنى تەڭلىشىپ مېنى ئۇخلاشقا مەجبۇرلىدى. مەن ئۇلارغا بويسۇنمىدىم، پەرۋاسىزلىق بىلەن كىرپىكىمنى كۆزەتكە قويۇپ، قارچۇقىمدا قۇياشنى جۇلالىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك ئىستەكلىرى ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان بۇ يۇمىلاق شار پەيدا قىلغان رەڭدار شەپەق ساماسىغا تىكىلدىم. ئەپسۇسكى، بۇ ئوتلۇق شار ئۆزىدىن مەدەت تىلەۋاتقان يىگانە جانىنىڭ يېلىنىشلىرىغا پىسەنت قىلماي تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇيقۇ لەشكەرلىرى ئەمدى چۈشلىرىمنى ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتتى، چۈشلىرىم غالىپ كەلدى. مەن مەغلۇپ بولدۇم...

چۆچۈپ ئويغاندىم، قۇياش نۇرى مېنى ئويغىتىپتۇ. بىراق تۈنۈگۈنكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان دادامنىڭ ئىزلىرىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. كېچە مەن چۈشۈمدە سەيلى قىلىپ يۈرگەندە، بوران-قۇم بىلەن ئۇنى كۆمۈپ تاشلاپتۇ. سەھەردە بۇ يەردىن ئۆتكەن نامەلۇم كارۋان قۇم ئاستىدا قالغان دادام ئاچقان بۇ يول بىلەن ماڭماستىن يېڭىدىن بىر چىغىر يول ھاسىل قىلىپ كېتىپتۇ. ئىككىلەندىم، تېڭىرقىدىم... يول كۆرسەتكۈچۈم — دادامنىڭ ئىزلىرىنى ئەمدى ئۇچرىتالماسمەنمۇ؟ دادامنى تاپالماسمەنمۇ؟ مەن قۇياشقا ئۈمىد بىلەن تىكىلدىم. كاللامغا بىر خىيال كەلدى، ئەمدى دادامنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. مەن ئادەم ئاياغ باسمىغان قۇملۇقلار، چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ قۇياشقا قاراپ يۈگۈردۈم. چوقۇم دادام قۇياشنىڭ يېنىدا، ئۇ قۇياشقا ئاللىقاچان يەتتى. مەن غەيرەتلىنىپ تېخىمۇ تېزراق يۈگۈردۈم. يىراقتىن دادامنى ئىلغا قىلدىم. ئۇ يەنىلا قۇياشقا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم:

— دادا! توختاپ تۇرغىن، ساڭا يېتىشىۋالاي!

دادام ئاۋازىمنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك، كەينىگە قاراپمۇ قويمىدى. مەن ئەمدى دادامنىڭ ئىزلىرىنى بېسىپ جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈرەشكە باشلىدىم. دادامنىڭ يالغۇز ئاياغ ئىزى ئەمدى ئىككىكىشى ماڭغان چىغىر يولنى ھاسىل قىلغانىدى. كەينىمگە قارىسام، بىز ئاچقان چىغىر يولدا مېنىڭ ۋە دادامنىڭ دوستلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلار يۈگرەپ كېلىشىۋېتىپتۇ... ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئەمدى بايىقى چىغىر يول ئەمەس، كەڭ ۋە ئازادە بىر يول سوزۇلۇپ ياتاتتى. دادام يۈگرەيتتى، مەن يۈگرەيتتىم، كۆپچىلىك يۈگرەيتتى. چوڭ بىر قوشۇن قۇياشقا قاراپ ئىلگىرىلەيتتى...

**ئابابەكرى ئەمەت**

# ساتىرالار

## بازار تاپقان سۈرەت

قولۇمغا تەگكەندە «قانۇن گېزىتى»،
ھەيرانلىق ئىلكىدە قالدى بۇ جىسمىم.
نېمىشقا دېسىڭىز تونۇشلا سۈرەت،
تۇرامدۇ گېزىتتە يەنە بىر قېتىم.

تونۇشۇم ئەمەستۇر سۈرەتتىكىلەر،
ۋە تونۇش ئەمەسمەن مۇخبىرى بىلەن.
تونۇشلۇق شۇ سۈرەت ھەم مۇخبىر ئىسمى،
شۇڭلاشقا ھەيرانلىق باسقىنى ئىكەن.

سۈرەتتە: بىر كىشى ئوقۇيدۇ گېزىت،
گېزىتكە قارايدۇ نەچچە قىز - يىگىت.
«دېھقانلار ئوقۇيدۇ ‹قانۇن گېزىتى›،»
دەپ يازغان ئاستىغا قويۇپ قوش چېكىت.

ئۆلۈشكۈن باسقانتى «شىنجاڭ گېزىتى»،
مۇشۇ بىر سۈرەتنى ئەينەن ئۆز پېتى.
ئوخشىماس يېرى بار، بىر سۆزى پەقەت،
ئالماشقان «شىنجاڭ» غا «قانۇن» دېگەنخەت.

تۈنۈگۈن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»
ئىشلەتتى سۈرەتنى يەنە شۇ پېتى.
ئالماشقان يەنىلا گېزىتنىڭ نامى،
ھەيرانلىق ئاچچىققا ئالماشتى ئەمدى.

نەچچە كۈن ئۆتمەيلا «يۈز تاپقان» سۈرەت،
پەيدا بوپ قالدىغۇ يەنە ئالدىمدا.
بۇ قېتىم خېتىمدە ئۆزگىرىش مۇنداق،
«ئىشچىلار» تۇرىدۇ «قانۇن» ئورنىدا…

سۈرەتنىڭ نېمانچە ئىتتىك بازىرى؟
بولغاچقا تەدبىرلىك فوتو مۇخبىرى.

چۈنكى ئۆز پەسلىنى چېلىك تۇتار گېزىت،
ئۆزگە توپلاشقا كۆپرەك مۇشتىرى.

شۇ مۇخبىر ئورنىدا مەن بولدۇم خېجىل،
بولمىغان بىلەمدۇ تۇغقان يا ئىجىل.
كەسپداش بولغىنىم ئۈچۈن خىجىلمەن،
گېزىتكە باغلانغان سان - ساناقسىز دىل.

مۇشۇنداق بىر نەچچە كاززاپ «مۇخبىر»لار،
گېزىتنىڭ نامىنى تۆكمەكتە قاتراپ.
شۇڭلاشقا مەن بۈگۈن ئېلىپ قەلەمنى،
چاپتۇردۇم قەغەزگە ئولتۇرۇپ ئويلاپ.

«ئەقىللىق» شۇ مۇخبىر ساتسىمۇ مالنى،
پۇل ئۈچۈن قاچىدىغۇ يۈزىنىڭ نۇرى.
كۆرمەسمۇ؟

بىلمەسمۇ؟

كۆز دېگەن كۆرمىك
مۇھەررىر كۆرمىسە، كۆرەر مۇشتىرى.

شۇ مۇخبىر بىر نۆۋەت بىرلا چالمىدا،
بەك ئەپلىك سوقتۇم دەر نەچچە پاختەكنى.
كېيىنكى قېتىمدا ئاتقىچە چالما،
ئۆركىسە پۇشايمان باسار «زېرەك» نى.



## بىر ئائىلىدىكى ئىككى كومسومول

ئاسمانىڭ يېشى توختاپ تۇرغىلى،
سەككىز - ئون يىل بولۇپقالدى، ھارغاندەك.
سېزەر تېخى ئۆزىنى ئۇ شۇ تاپتا،
يېڭىلا توي قىلغان ياپ - ياش چوكاندەك.

كېيىنىشى، پەردىزىدىن سۆز ئاچماي،
ئۇ توختىغان شۇ ۋاقىتتا توختايلى.
«چىقمىسىمۇ قۇياش، كۈندە كەچ بولار»،
بۇ ئۆمۈرنى بولماس باغلاپ قويغىلى.

«ئاچا» دېسە يىگىت - قىزلار ھۆرمەتلەپ،
تىللايدۇ يە سىلكىشلەيدۇ بەك سەتلەپ.
ياشلىقىغا كۆيۈنەمدۇ، ئاغرىمدۇ؟
ياكى ھەۋەس تۇرامدىكى دېۋەيلەپ.

يازدى ياشنى ئانكېتىنىكى كاتەككە،
«يىگىرمە تۆت» دېگەن ئىككى رەقەمنى.
ستاژىغا «ئون توققۇز يىل» دەپ يېزىپ،
ئويلىمايلا قويدى دەرھال قەلەمنى.

ئىنتىپاقتىن چېكىنەمدى ئۇ تېخى،
تولمىغاچقا «يېشى» بۇ يىل ئىچىدە.
كەلدى قىزى خۇشاللىنىپ مەكتەپتىن،
ئىنتىپاقنىڭ ئىزنىكى بار كۆكسىدە.

دېدى:
— ئاچا① بولدۇم بۈگۈن كومسومول،
مۇبارەكلەڭ كۆمۈپ گۈلگە - چېچەككە.
تۇرۇپ قالدى ئاسمامۇ بىر قاراپ،
ئۆز كۆكسىدە تۇرغان ئوخشاش ئىزنەككە.

### دېگىنىڭىزنى قىلدىم

ھامۇت كەچقۇرۇن كەلدى دەلدەڭلەپ،
توۋلىدى بوۋاي غەزىپى ئۆرلەپ:

— ئىچىپسەن يەنە شەيتان سۈيىدۈكى!
سېسىيدۇ سەندىن ئىتنىڭ ئۆلۈكى.

ھۆرمەتلەيدۇ ئەل موللام دەپ مېنى،
تۆكتۈڭ ئەجەپمۇ ئىناۋىتىمنى!

كىرىپ قۇلاققا بوۋاينىڭ سۆزى،
ھامۇتنىڭ ئاستا ئېچىلدى كۆزى.

دېدى ئۇ:
— دادا، كايىما تولا،
ئالدىڭدا تۇرغان ئەقىللىق بالا.

تارتمىدىم زىيان بۈگۈن ھېچقانچە،
پايدا ئەمەسمۇ ئىچسەم قانغىچە...

دىر ىلدەپ كەتتى بوۋاي ساقىلى،
بۇزۇلدى شۇ چاغ ئەلپازى - پەيلى.

چىقتى قولىغا ئەپچىل ھاسىسى،
— ئالجىغان شۇمتەك قېنى پايدىسى؟!

بىراق، ئوغلى بەك شادىمان ئىدى،
— گېپىڭىزدىن ھېچ چىقمىدىم، - دېدى.

— گېپىمگە كىرسەڭ ھاراق ئىچەمسەن؟
— دادا، بۈنىڭغا ئاچچىقلاي دەمسەن؟

«ئەگەر بولسا مۇت② زەھەر بولسا يۇت»
دېگەن بۇ سۆزنى يادىڭدا چىڭ تۇت!

دېگەن نەسىھەتىڭ يادىمدا مېنىڭ،
ۋە بەلكى باردۇر ئېسىڭدە سېنىڭ.

ئاغىنەم سۇندى ئىكەن بەك ئاچچىق،
زەھەر بولسىمۇ ئىچىۋالدىم جىق.

بىر پۇڭ خەجلىمەي ئىچكىنىم پايدا،
ئوغلۇڭدىن بۈگۈن پەخىرلەن دادا!

بوۋاي داڭقېتىپ چۆشتى ھاسىسى،
ئۆز نەسىھەتىنىڭ بۇ خۇلاسىسى.

① ئاچا — قىزىنى ئاچا دېيىشكە ئادەتلەندۈرگەن.
② مۇت — بىكاردىن بەرگەن نەرسە.

**تۇرسۇن ئابباس**

# ساتىرىك شېئىرلار

## چەكلەشكە ھەقلىق ھەممىمىز

جىلڭ تۈزۈپتۇ، بىر ھايانكەش چوكىسى بار، پەللىسىز،
دۆلچەمگە زىت - لايىق ئەمەس، تەگپۈڭ گىرامى بەلگىسىز.
سېتىۋالدا ئاشلىق، پاختا... ھەر بازار كۆن يول توراپ،
شۇ ھايانكەش چۆنتىكىگە ئالدىنامدۇق ئەمدى بىز؟
«شىرىكى» بولغاچ ئۇنىڭ بەزەن «ھۆكۈمەت خادىمى»
سەل قاراپ بولماس ئاگا، قاتتىق جازاسىز - زەربىسىز.
نەپرىتىم قايناپ - تېشىپ، ئۇنداق بېسىمدار ئۈستىدىن،
گاھ قەلەم جىم تۇرمىدى ئۇشبۇ ساتىرا - نەزمىسىز.
جىلڭ، تارازا ھەم مېتر... بولمايدىكەن لىللا قاچان،
كۆزدىتىپ ئەھۋالنى دەل چەكلەشكە ھەقلىق ھەممىمىز!

## پارىخورلۇق ئىللىتى

ئەڭ رەزىل پەسكەش قىلىقتۇر پارىخورلۇق ئىللىتى،
كەلسە - كەلمەس چوڭ سېلىقتۇر پارىخورلۇق ئىللىتى.
قارىماققا ھېچكىشى «سەزمەيدىغاندەك» قىلسىمۇ،
بەزىلەردە بەك ئېپىنىقتۇر پارىخورلۇق ئىللىتى.
نە سىياسەت، ئەمرى - پەرمان قەلبىدە يوقتۇر ئۇنىڭ،
چاكىنا، بەدبۇي سېسىقتۇر پارىخورلۇق ئىللىتى.
بىر جىنازا - مۇردىدىن خالىي بولۇپ كەلگەنمىكىن،
باشقا ئىشلارغا ھېرىستۇر پارىخورلۇق ئىللىتى!
ياخشى ئادەمنى داۋام ۋىجدان ئازابىغا سېلىپ،
قەلبىگە قامچا، چىۋىقتۇر پارىخورلۇق ئىللىتى.
پارىخورلۇق يىلتىزى، مەنپەئەتى ئارقا ئىشىك،
ھەق - ئادالەتكە قېيىقتۇر پارىخورلۇق ئىللىتى.

## ھاشاردىكى ھايانكەش

قابىل ئەمگەك ھېسابلىنىپ قاتاردا،
بارغان ئىدىم قىرىقمىڭ كىشىلىك ھاشارغا؛
بىر ئەمەلدار – ھايانكەشنىڭ قىلمىشى،
قويدى ئېغىر ئىقتىسادىي جازاغا:

قوشنا قىسىم بىر تراكتور بەرگەنتى،
جەڭچى شوپۇر چامىغا ھەيدەپ كەلگەنتى.
بۇ ئىش بىلەن قەلبىمىزگە يېڭىدىن،
ئىتتىپاقلىق ئۇرۇقىنى تەرگەنتى.

تراكتورنى باشقا ئادەم ماڭدۇرۇپ،
شوپۇرنى ياتىقىدا قالدۇرۇپ.
«جىگدە سېلىپ دوپپىسىغا» ئامىنىڭ،
ھايال ئۆتمەي كەتتى «بازار» قوغلىشىپ.

نومۇس قىلماي تراكتورنى «سېتىپ يەپ»،
ھەپتە – ئونكۈن سان – ساناقسىز ئالدى نەپ.
ھەممە چىقىم – تۇرسا مەبلەغ ھەربىنىڭ،
«زىيان چىقتى» دېگەن تېخى قانداق گەپ؟!

بۈگۈن ماڭسا «ئاقيار» كەنتى «ياپىلاققا»،
كەچتە كەتتى بەدەر كالتە ئايلاققا.
ئاجىز كېلىپ تېخنىكىسى كۈچىمىز،
ئېرىشەلمەي قالدۇق «كۆچمە بايراققا»

ھەر مىڭ يەرگە بۆلۈپ چاپقان دەرياني،
سېلىق يېغىپ قالدى يەنە ئارمانى.
بۇنداق ئۇسۇل پرىنسىپقا ئۇيغۇنمۇ،
تۆگىمەيدۇ سۆزلەپ كەلسەك جەرياني!

پۇل تۆلەتمەي بىر قاپ توپا تۇرتمىدى،
لىللا پىكىر بۇ ھاشاردا ئۆتمىدى.

بۈگۈنكى ئىش كېلەر يىلغا سۆرۈلۈپ،
ۋەزىپىمىز دەل پەيتىدە پۈتمىدى!

دېھقانلارنىڭ يۈرەك ۋىجدان خىتابى،
(خىتابىنىڭ يوقتۇر تۆھمەت نىقابى).
بۇنداق ئىشنى قاچانغىچە تۈزەتمەس،
سۇ قۇرۇلۇش – قوماندانلىق شتابى؟!

## سۇلياۋ يوپۇق ياپقاندا

دېھقانلارغا لازىم ئىكەن سۇلياۋ يوپۇق،
ئاق ئالتۇنغا ياپسا ھوسۇلى چىقار تولۇق.
لېكىن، بەزى ھايانكەشلەر تېپىپ پۇرسەت،
ئۆز نەپسىگە «چوغ تارتىشتى» ئىزدەپ يوچۇق:

ئۆتكۈزگەندە بۇ ئەشيانى قولدىن – قولغا،
باھاسىنى ئۆستۈرۈشتى نەچچە ئۇنغا.
تۈرلۈك – تۈمەن ھىيلە – مىكرى قۇۋلۇق بىلەن،
كۆمدى «ئازغان» چىتلاپ يۈرۈپ ھەممە يولغا.

ئاڭلىماستىن ھۆكۈمەتنىڭ گەپ – سۆزىنى،
ھايان دېسە بولىۋالدى «خۇپسەن گاستىن.»
سۇلھى – سالا قىلماي شۇڭا پرىنسىپتا،
قويىۋەتتۇق يۈرەكتىكى گەپنى راستىن.

ھايانكەشلەر گېلىمىزنى بوغۇۋالسا،
ھوسۇلىغا يەرنىڭ شېرىك بولۇۋالسا؛
قانداق قىلىپ بىز بەرداشلىق بېرەلەيمىز؟
غەيرىي سېلىق شىلىلىمىزغا قونىۋالسا؟!

ئۆمەر ئىمىن

# باشلىق بىلەن سۈرەتكە چۈشۈش

(فېلىيەتون)

مەشرەپنىڭ ئالبوم ۋە رامكىغا ئېلىنغان سۈرەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرگەن ئەشرەپ:

— ۋاي - ۋۇي نېمە دېگەن كۆپ سۈرەت، سېنىڭ ئەمىلىڭ بولمىسا قانداقچە باشلىقلار بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ يۈرۈيسەن؟ دەپ سورىدى قىزىقسىنىپ.

— قانداقچە بولاتتى، ھەر خىل يىغىنلار ئاياغلاشقان چاغلىرىدا بولمامدۇ،- دېدى مەشرەپ كۆرەڭلەپ.

— سەن باشلىقلار بىلەن قايسى يىغىنلاردا قاتناشقانىدىڭ؟- دەپ يېنىشلاپ سورىدى ئەشرەپ ھەيرانلىق ئىلكىدە.

— ھېچقايسى يىغىنغا قاتناشقان ئەمەس، ئەمما قايسى يىغىننىڭ قاچان ئاياغلىشىدىغانلىقىنى سۈرەت تارتقۇچى مۇخبىردىن بىلىپ تۇرىمەن - دە، دەل خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشىدىغان چاغدا، بولۇپمۇ فوتو ئاپپاراتنىڭ كۆزى توغرىلانغاندا كىشىلەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ، باشلىقنىڭ يېنىدا تۇرۇۋالىمەن - دە، چىك - چاك،- ئاپپاراتتا سۈرەت تارتقاننى دوراپ جاۋاپ بەردى مەشرەپ.

— بۇنداق قىلىپ سۈرەتكە چۈشكىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟- دېدى ئېتىراز بىلدۈرۈپ ئەشرەپ.

— باشلىق بىلەن سۈرەتكە چۈشۈش ھەر تەرەپلىمە پايدىلىق، بىرىنچىدىن بارماق ساناشقا باشلىدى مەشرەپ:- بىرىنچىدىن، باشلىق بىلەن چۈشكەن سۈرەتلەرنى كۆرگەن بەزى كىشىلەر بىلمەي مېنى «باشلىق دېيىشىدۇ»؛ ئىككىنچىدىن، ئەمەلدار ئەمەسلىكىمنى بىلگەنلەر «باشلىق بىلەن يېقىن ئىكەن» دەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، سۈرەتنى كۆرۈپ ئېسىگە ئالغانلار تۈي ۋە نەزىرلىرىگە تەكلىپ قىلىپ، ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ تۆرگە باشلايدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئابرويىم ئاشىدۇ؛ بەشىنچىدىن، جامائەت مەندىن ئەيمىنىدۇ؛ ئالتىنچىدىن...

— ئالتىنچىسىنى، ئېيتمايلا قوي، سەندىن ئەيمىنىپ تۇرىمەن، ئالدىراش ئىشىم بار،- دېدى تاقىتى تۈگىگەن ئەشرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— نېمىگە ئالدىرايسەن؟

— باشلىق بىلەن سۈرەتكە چۈشكىلى...

— مەنمۇ بىللە باراي ئانداق بولسا ...

ئەشرەپ ئۆزىنى تۇتالماي قاتتىق كۈلۈۋىدى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشكەن مەشرەپ داڭ قېتىپلا تۇرۇپ قالدى.

نىجات يۈسۈپ

# «ئۆزۈمنى باشقۇرالايمەن»

(ھېكايە)

ئەكبەر لاغايلاپ ئۇستەل ئالدىغا كەلدى-دە، خوش ياقمىغان ھالدا ئولتۇردى ۋە تاپشۇرۇق دەپتىرىنى ئالدى…

ئەكبەرنىڭ دادىسى ناسىر ئاكا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئاستا كەلدى ۋە ئېچىغلىق تۇرغان تاپشۇرۇق دەپتەرگە قاراپ، ئۇنىڭ مۇئەللىم سىزغان قىزىل سىزىقلارغا ھەم ئەكبەر ئۆزى قالايمىقان سىزىۋەتكەن گادىرماشلارغا كۆزى چۈشتى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى. بۇنى سەزگەن ئەكبەر دەرھال قولى بىلەن تۇسۇۋالماقچى بولدىيۇ، لېكىن، بۇنداق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قىزىرىپ كەتتى.

بۇ ئارزۇلۇق ئەركە ئوغۇل ئۈچۈن، ئانا بىلەن دادىنىڭ قىلمىغانلىرى قالمىغانىدى. خېلى سەۋرى-تاقەت قىلىپمۇ باققانىدى. دەرۋەقە، ئاچچىقى كەلگەن چاغلاردا دادىسى ئۇنىڭغا بىرەر-ئىككى شاپىلاق تەككۈزۈپمۇ قويغانىدى. گەرچە بالىنى ئۇرۇش ياخشى چارە بولمىسىمۇ، لېكىن ئەكبەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇرۇشمۇ پايدىسىز ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5-سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى باشقۇرالمايتتى، دەرستە ناچار ئىدى. مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا تۆت دەرستىن ئۆتەلمىدى. ئۇلار بالىنى ئەركە باققانىنىڭ دەردىنى خېلى يەتكۈدەك تارتتى. ئۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىنى دەرھال ئاڭلىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالاتتى.

بۈگۈن، ئۇنىڭ قورسىقىغا يەنە جىن كىردى. ئۇ، قەلەم سېپىنى چىشلەپ، قېرىنداش ئۇچىغا بىر رېزىنكىنى سانجىپ، سول قولى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتۇپ، كۆزلىرىنى دېرىزە سىرتىغا ئۇدۇل تىككەن پېتى ئولتۇراتتى.

تىل مۇئەللىمى جاراڭلىق ھالدا دەرس سۆزلىمەكتە. ئۇ، مۇئەللىمنىڭ سۆزلەۋېتىپ قاراپ قويغانلىقىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ، نېمىنى ئويلاۋاتىدىكىن تاڭ! مۇئەللىمنىڭ بىر ئاز ئاچچىقى كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى:

— ئەكبەر، تۇر ئورنىڭدىن، بايا ئۆتكەن دەرسنى سۆزلەپ باقە، مەن ھازىر نېمىنى سۆزلەپ توختىدىم؟

ئەكبەر ئەزمىلەرچە ئىڭغاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە تاياقتەك قېتىپ يەرگە قارىدى.

— ئەكبەر، بايا مەن دەرس ئۆتۈۋاتقاندا نېمىنى ئويلىدىڭ؟ نېمىشقا دەرسنى بېرى-



لىپ ئاڭلىمايسەن؟ ـ مۇئەللىم ئۇنىڭ ئۇدۇ-
لىغا كېلىپ، ئالدىدىن چالا سىزىلغان بىر
ئادەمنىڭ رەسىمىنى ئېلىۋالدى ـ بۇ نېمە؟

ئەكبەر شەلپەردەك قىزىرىپ ۋەدۇدۇقلاپ:

— مەن...مەن ئۆزۈمنى باشقۇرالمايمەن...
دادام ھەمىشە ئۆزۈڭنى باشقۇرالمايسەن دەي-
تى، ـ دېدى.

— ھا ـ ھا ـ ھا ... ئۆزۈمنى باشقۇرال ـ
مايمەن!

— ئۆزىنى باشقۇرالمايتۇ! ھا-ھا-ھا- ...
ساۋاقداشلار كۈلۈشۈپ كەتتى . مۇئەللىم
ئۇلارنى تىنجلاندۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن «ئۆزۈمنى باشقۇرالماي-
مەن» دېگەن سۆز ئەكبەرنىڭ لەقىمى بولۇپ
قالدى.

مەكتەپتىن يانغاندا ئەكبەر دەرۋازىدىن
چىقىۋېتىپ «دادام ماڭا مەكتەپتىن قايتىپ
كېلىپلا تاپشۇرۇق ئىشلىشىمنى تاپىلىغانىدى.
توغرا، بۇنىدىن كېيىن چوقۇم ئۆزۈمنى باشقۇ-
رۇشۇم كېرەك» دېگەننى ئويلىدى. لېكىن بىر-
دەم ماڭغاندىن كېيىن، بۇ ۋەزىپىنى ئۇنتۇپ
كېتىپ، ئۆيگە يەنە بەكلا كەچ قايتىپ كەلدى.

«ھە-ە، نېمە قىلغىنىم بۇ! يەنە ئۆزۈمنى
باشقۇرالمايتىمەنغۇ! ياتىدىغان ۋاقىت بو-
لۇپ قاپتۇ، تاپشۇرۇقنى ئىشلىيەلمەيدىغان
بولدۇم ـ دە!»

ناسىر ئاكا مېڭە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇ-
ئاۋىن تەتقىقاتچىسى ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ، ئىش-
تىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىشىدا ئەكبەرگە بەش-
يۈلتۇز قادالغان چىرايلىق بىر قاسقان شەپ-
كە ئالغاچ كەلدى. ئەكبەر تولىمۇ خۇشال بو-
لۇپ، ئۇنى كىيىۋىدى، خۇددى بويىرۇتۇپ تىك-
تۈرگەندەكلا ئۇنىڭ بېشىغا دەل كەلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ناسىر ئاكا:

— بالام ئەكبەر، بۈگۈن بۇ شەپكەڭنى كى-
يىپ مەكتەپكە بارغىن، بېشىڭدىن ئالمىغىن،
جۇمۇ، ئورۇندىيالامسەن؟ ـ دەپ تاپىلىدى.

— ئورۇندىيالايمەن، خاتىرجەم بول، دا-
دا! ـ ئەكبەر شەپكىسىنى كەيدى ـ دە، سەك-
رىگەن پېتى مەكتەپكە يۈرۈپ كەتتى.

بۇ كۈنى ئۇ ھېچقانداق «غەلىتە ئىش»
قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن، دەرسنى يەنىلا
دىققەت قىلىپ ئاڭلىمىدى. مەكتەپتىن قايت-
قاندىن كېيىن، يەنە ئويناپ، ئۆيگە كەچ
قايتتى. ئەتىسى دادىسى ئۇنىڭ شەپكىسىنى
ئاددىي بىر شەپكىگە ئالماشتۇرۇپ قويدى.
بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ناسىر
ئاكا ئەكبەرنى ئالدىغا چاقىرىپ شۇنداق
دېدى:

— سەن گەپ ئاڭلايدىغان بالا ـ ھە!؟

— شۇنداق،ـ ئەكبەر قەددىنى رۇسلىدى.

— بىراق بەزىدە ئۆزۈڭنى باشقۇرالماي
قالىسەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق،ـ ئەكبەرنىڭ ئاۋازى تۆۋەن-
لىدى، بىر ئاز ئوڭايسىزلاندى.

— ئەمىسە، مەن ساڭا بىر نەرسىنى ئې-
سىڭگە سالغان چاغدا ئۆزۈڭنى باشقۇرالامسەن؟

— باشقۇرالايمەن، جەزمەن باشقۇرالاي-
مەن!ـ ئەكبەر چىڭ ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا ياخشى. بۇنى بىلىۋېلىش-
كە تاقىۋال.

— بۇ نېمە؟ـ ئەكبەر مېتال باغلىق بىر
قول سائىتىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقتى،ـ
بۇ قول سائىتىغۇ، بۇنىڭ ۋاقىت ستىرېلكى-
لىرىمۇ، رەقەملىرىمۇ يوق ئىكەن، بۇ زادى
قانداق سائەت؟

— بۇ ئاجايىپ قول سائىتى،ـ ناسىر ئا-
كا سىرلىق كۈلۈپ قويدى،ـ تاقىۋالساڭلا بو-

لىدىغۇ، سوراپ نېمە قىلىسەن! قولۇڭدىن ئاجراتما، جۇمۇ!

ئەكبەر «قول سائىتى» نى تاقاپ مەكتەپكە كەتتى. ئۇ ئەجەبلىنەتتى، ئەمما خۇشال بولاتتى. ئۇ ئىچىدە ئويلاندى: مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇنىڭ شەكلى سائەتكە بەكلا ئوخشايدىكەن، ئويناشقا نېمە دېگەن ئەپلىك ـ ھە!

1 ـ سائەتلىك دەرس تىل دەرسى ئىدى. مۇئەللىم دەرسنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن: «ساۋاقداشلار، تۆۋەندىكى كۆنۈكمىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، بوش قالدۇرۇلغان ئورۇنلارنى مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن تولدۇرۇڭلار» دەپ بۇيرىدى.

ئەكبەر بىر ئاز كۆچۈرۈپ زېرىكىپ كەتتى ۋە يېنىدىكى ئالىيەنىڭ قانچىلىك كۆچۈرگەنلىكىگە قاراپ باقتى.

— ئاران شۇنچىلىك كۆچۈردىڭمۇ، ئالىيە؟ مەنچىلىك كۆچۈرەلمەيسەن، ـ ئالىيەنى نوقۇپ قويدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

ئالىيە ئۈن چىقارماستىن، ئەستايىدىللىق بىلەن كۆچۈرۈۋاتاتتى.

— ھەي، بۈگۈن كەچتىكى تېلېۋىزور نېمە بىلەمسەن؟ ـ ئەكبەر يەنە بوش ئاۋازدا سورىدى.

«ئەكبەر، نېمىشقا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، تاپشۇرۇق ئىشلىمەيسەن؟» ئەكبەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىردىنلا دادىسىنىڭ قاتتىق ئاۋازى جاراڭلىدى. ئەكبەر چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يېزىشقا كىرىشتى. «ۋىيەي، چاتاق بوپتۇ، دادام مەكتەپكە كەلگەن ئوخشايدۇ!» ئەكبەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇياق-بۇياققا مۆلدۈرلەپ قارىدى. «ھوي يوققۇ! يېنىمپتىمۇ يوق، سىرتتىمۇ يوق. دادام نەدە گەپ قىلغان بولغىيدى؟ ئىشقىلىپ ئۆزۈمنى تۈزۈتۈۋېلىپ، ئاۋۋال تاپشۇرۇقىمنى ئىشلەپ بولاي» شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەستايىدىل تۈردە يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ، ئالىيەنى بىر تەرەپكە تارتىپ:

— ھەي، ئالىيە، بايا دادام كەپتىكەن، كۆردۈڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

— كۆرمىدىم، مەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان تۇرسام.

— ئۇنداقتا، دادامنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ياق، سىنىپ ئىچى تىپ-تىنچ تۇرسا، نەدە گەپ قىلغان ئاۋاز بولسۇن!؟

ئەكبەر پېشانىسىغا ئۇرۇپ قويدى ۋە ئەجەبلەندى. بۇ زادى قانداق ئىش؟

2 ـ سائەتلىك دەرس ھېساب دەرسى ئىدى. ئەكبەر يەنە ئېسىنى يوقىتىپ قويدى. چۈنكى ئۇ چۈشتە يەيدىغان تاماقنى ئويلاۋاتاتتى «ئانام چۈشتە چۆچۈرە ئېتىمەن دېگەنىدى، تازا مېزىلىك ئەتكەن بولسا، بىر چىنە يېۋېتىدىغان بولدۇم ـ دە، پاھ، نېمە دېگەن ...... »

«ئەكبەر، دەرسنى دىققەت قىلىپ ئاڭلا!» دادىسىنىڭ ئاۋازى يەنە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىدى. ئەكبەر تۇرۇپ قالدى: «چاتاق بولدى، مۇئەللىم دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالغان بولسا، مېنى تەنقىد قىلىدىغان بولدى، دەرھال دىققىتىمنى يىغىپ ئاڭلاي.»

مۇئەللىم ھېچنەرسە كۆرمىگەندەكلا، دەرس سۆزلەۋاتاتتى. ساۋاقداشلارمۇ ئەستايىدىل تۈردە مۇئەللىمنىڭ دەرسىگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى.

Altunoq

ئەكبەر دېرىزە سىرتىغا قارىدى. دادىسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

چۈشتىن كېيىنكى دەرسلەردە ئەكبەر ئۆزىنى دېگۈدەك تۇتۇۋالغانىدى. شۇڭا مۇئەللىم ئۇنى بالىلار ئالدىدا تەقدىرلىدى.

ئەكبەر بۈگۈن ھەم خۇشال، ھەم ھەيرانلىق بىلەن ئۆيگە قايتتى. يولدا دادىسىنىڭ ئاۋازى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاندى. ئەمما ئۇ ئۆز ۋەدىسى بويىچە ئىش قىلدى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەكبەر دادىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— دادا، بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن سەن ماڭا ئەگىشىپلا يۈردۈڭ، بىراق، ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتمىدىڭ. سەن زادى قەيەردە ئىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ھا-ھا-ھا... — ناسىر ئاكا كۈلۈپ كەتتى، — مېنىڭ ساڭا ئەگىشىپ يۈرۈشكە نەدە ۋاقتىم بولسۇن، بالام. ئورنۇمدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ خىزمىتىمنى ئىشلىدىم، — ناسىر ئاكا ئەكبەرنىڭ بېلىكىدىكى سائەتنى كۆرسەتتى، — مانا بۇ ساڭا ئەگىشىپ يۈردى، ئۆزۈڭنى ئوبدان باشقۇرۇشۇڭنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى.

ئەكبەر يوغان كۆزلىرىنى چېقىلدىتىپ قويۇپ، بېشىنى سىڭايان قىلىپ سورىدى:

— ئەمىسە، نېمىشقا ئۇ، سېنىڭ ئاۋازىڭدا گەپ قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۆزۈملا ئاڭلايمەنغۇ!؟

— بۇ بەك ئاددىي، — دېدى ناسىر ئاكا چۈشەندۈرۈپ، — سائەتنىڭ ئىچىدە مىكرو ئېلېكترونلۇق مېڭە بولۇپ، مەن ئۆز سۆزلىرىمنى ئېلېكترونلۇق خەۋەر سىگنالى قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدىم. زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ خەۋەرنى سېنىڭ مېڭەڭگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن داداڭ گەپ قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىسەن. باشقىلار بۇنى ئاڭلىيالمايدۇ.

— ھە، ئەسلى مۇنداق ئىكەن — دە! — دېدى ئەكبەر چاۋاك چېلىپ، — دادا، سەن ماڭا ئەپبەرگەن ھېلىقى غەلىتە شەپكە ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن — ھە، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇنداقتا، مەن ئەمدى ئۆزۈمنى باشقۇرالايمەن.

— ياق، سەن سائەت ئىشلەتمەي ئۆزۈڭنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك. ناسىر ئاكا خوتۇنىغا قاراپ دېدى:

— قاراڭلار، ئەكبەر مېنىڭ دېگەنلىرىمنى دەرھاللا چۈشىنىۋالدى. ئۇنى كىم ئەقىلسىز دەيدۇ!

ئەكبەرنىڭ ئانىسى بىر چىنە چۆچۈرىنى ئۇسسۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى، — ئۇنى ئەقىلسىز دېگەن گەپ ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى بىر ئاز باشقۇرالماي قالىدۇ. ئۇ بۇ قول سائىتىنى پات ئارىدا كېرەك قىلمايدۇ، شۇنداقمۇ ئەكبەر؟

ئەكبەر بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئۇ، بۇ گەپنىڭ تېگىگە يەتتى ۋە «ئۆزۈمنى باشقۇرالايمەن» دېگەننى ئويلىدى — دە، تاماقنى يېيىشكە باشلىدى.

**ياقۇپ بەختى**

# سۆيگۈ فونتانلىرى

## كۆڭلۈم پەقەت ساڭىلا تالىق

قىزىلگۈلگە ئوخشاتتىم سېنى،
گۈل سىياقىڭ قىلىپ مەھلىيا.
گۈل خىسلىتىڭ گۈلنى ئەسلىتەر،
گۈل ھۆسنۈڭدىن تامار نۇر - زىيا.

قىزىلگۈلگە ئوخشاتتىم سېنى،
سېغىنىشىڭ ئوتىدا كۆيۈپ.
قىزىلگۈلگە پۈركەنسە باغلار،
قېنىڭۋالسام غۇنچىنى سۆيۈپ.

قىزىلگۈلگە ئوخشاتتىم سېنى،
تىنىقىڭدا گۈلنىڭ تىنىقى.
گۈل پۈرىسەن كېچە يۇ - كۈندۈز.
لەۋلىرىڭدە گۈلنىڭ پۇرىقى.

قىزىلگۈلگە ئوخشاتتىم سېنى،
قىزىلگۈلدەك كۈلۈپ باقىسەن.
تومۇرۇمدا قىزىل چوغ بولۇپ،
دىلخانەمدە يېنىپ ئاقىسەن.

قىزىلگۈلگە ئوخشاتتىم سېنى،
باغ ئىچىدە كۆرۈپ سۈبھى ھال.
گۈل چىرايىڭ جامالىڭ بىلەن،
ئەي جانىم قىلدىڭ مېنى لال.

قىزىلگۈلگە ئوخشاتتىم سېنى،
خۇش ھىدىڭدىن تاپتىم شىپالىق.
غىدىقلايسەن يۈرەك تارىمنى،
كۆڭلۈم پەقەت ساڭىلا تالىق.

## ساراڭ كۆكۈل

كۆڭلۈم ماكما، كۆڭلۈم يانار تاغ،
كۆيدۈردۇ جىسمىمنى ئېلىپ.
يۈرىكىمنى بىر چوپان قىزغا،
بېرىۋەتتى باغرىمنى تىلىپ.

«كۆكۈل ئۆزدىن چوڭ »دېسە زىنھار،
«ياق، ياق!» - دېدىم بەزى ئويلانماي.
ساراڭ كۆكۈل يۈرىكىمنى بەر،
جېنىم بىلەن تولا ئويناشماي.

## قىسىلغان بويۇن

مەن تۇرسەن جانان يېنىدا،
يېتىم قۇشتەك بوينۇمنى قىسىپ.
بەندە بىلمەس بىلەر ئاللاھىم،
- بولدۇم نىچۈن بۇنىڭغا نېسىپ؟!

دېدىم: « تاشلا، مېنى جانىم،
خەجلەيدىغان پۇلۇم يوق مېنىڭ».
دېدى جانان: « قەغەز تېزىدىن-
قورۇلغانمۇ يۈرىكىڭ سېنىڭ؟! »

## گۈل

چېكەمدە ئاق، مەڭزىمدە قورۇق،
بۇلى گۈل دەيمەن،
ئىجادىمدىن ئۈنچىلەر تىزىپ،
يۇرتنى گۈللەيمەن،
گۈلگە پۈركەيمەن.



قولۇمۇ گۈل، قەلبىمۇ ھەم گۈل،
خەلقىمگە تەقدىم،
زامانەم گۈل، ئەمگىكىممۇ گۈل،
بۇ مېنىڭ پەخرىم،
بۇ مېنىڭ بەختىم.

بالىلىقىم، ياشلىقىممۇ گۈل،
قىرانلىقىم گۈل،
چېكەمدە ئاق، مەڭزىمدە سىزىق،
قېرىلىقىم گۈل،
ئەرەنلىكىم گۈل.

مەن ئۆستۈرگەن بىنەپشە، رەيھان،
ئەتىرىمۇ ھەم گۈل،
تىنىقلاردىن سىزىلغان سىزىق،
قەترىمدىمۇ گۈل،
قەبرىمدىمۇ گۈل.

**مەتتىمىن ياقۇپ**

## يىللار ۋە ئادەملەر

سۆز كەتمەس ئۇچىدۇ يىللار تۇلپارى،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە كېتەر يىراقلاپ.
ئادەملەر يىللارنىڭ جەسۇر پەلۋانى،
مىنىدۇ تۇلپارنى بىر-ئىككى تاقلاپ.

«يىللارنىڭ ئۆتۈشى ئۆزىنىڭ يولى»
بوي بەرمەس ئادەملەر يىللارغا بىراق.
ئادەملەر قولىدا يىللار چۇلۋۇرى،
ئەمەستۇر ئادەملەر جىنى يوق قونچاق.

بۇلۇتقا تاقىشىپ ھۆۋلىغان قۇيۇن،
زېمىننى تىترىتىپ قوترىدىغان بوران.
ئادەملەر بېشىدا ئوينىغان ئويۇن!
ئادەملەر ئۈچۈن ئۇ سىناق ئىمتىھان.

كۆرسەتەر ئادەمگە يىللار ھەر خىسلەت،
تىلسىمات زەنجىرىن ئۈزەر ئادەملەر.
ئادەملەر بېشىغا كەلگەن ھەر قىسمەت،
دۇنياغا ھەقىقىي ئادەم كەلتۈرەر.

يىللارنى دەيدىكەن «گويا ئاتقان ئوق»،
ئادەملەر قالدۇرار-ئوقنى ئارقىدا.
ھەر دائىم يىللارنى كۈلۈپ ئۇزاتتۇق،
ھەم چىقتۇق تەبەسسۇم بىلەن ئالدىغا.

ئادەملەر غولىدىن تۆكۈلسە ياپراق،
چىقىدۇ ئورنىدىن يۇمران بىخ ئۈسۈپ.
يىللارمۇ قوغلىشىپ ئۆتىدۇ، بىراق،
ماڭىدۇ نەۋىلەر دەۋرى ئىز بېسىپ.

× ×

سۆز كەتمەس، ئۇچىدۇ يىللار تۇلپارى،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە كېتەر يىراقلاپ.
ئادەملەر يىللارنىڭ جەسۇر پالۋانى،
مىنىدۇ تۇلپارنى بىر-ئىككى تاقلاپ.

**غېنى قۇربان**

## مۇسەۋۋىيات تەرەپەيىن

| | | | |
|---|---|---|---|
| ياشلىق | ئۆمرىنىڭ | گۈلگۈن | چېغىدۇر |
| ئۆمرىنىڭ | بىر بۆيۈك | كۆركەم | تېغىدۇر. |
| گۈلگۈن | كۆركەم | ھاياتىنىڭ | گۈزەل |
| چېغىدۇر، | تېغىدۇر، | گۈزەل | بېغىدۇر. |

**ئابدۇخالىق ئابدۇرۇسۇل**

## نەسىرلەر

### 1

مەن ئەتىرگۈل ئۆستۈردۈم، ئۇ چىرايلىق ئېچىلدى. ئەپسۇسكى، ئېچىلىپلا قۇياشقا قارىۋالدى. مەن خورلۇق ئىچىدە شۈمشەيدىم.

باشقىلار مېنى ماختاشتى:

— ئەجەپ ئېسىل گۈل ئۆستۈرۈپسىز. مەن بىردىنلا جانلىنىپ كەتتىم - دە، غادىيىپ ئاسمانغا قارىدىم.

### 2

بىز گۈلنى ياخشى كۆرىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گۈل ئېچىلماستىنلا ئۈزۈۋېلىشقا ئالدىرايمىز. ئۈزگەننى ئاز دەپ يەنە تېخى بىر قانچە غۇنچىسىنى قوشۇپ ئۈزۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايمىز.

مانا بۇ - سەن ۋە مەن، ئوخشاشلا ئۇ.

### 3

چەكسىز نەزەرىمدىكى بوشلۇقتا بەش بارماق ئۈستىدە بەش خىل دۇنيا ھۆكۈم سۈرگەن غايەت زور بىر قول لەيلەپ يۈرمەكتە.

ئەنە، بىر بارماقتىن ياش، بىر بارماقتىن قان تامچىلىماقتا. يەنە بىر بارماق ئۈستىدە ئاي دۈمۈلسا، يەنە بىر بارماقتىن چاقنىغان چۆلگە ھاياتلىق بەخش ئېتىپ سۇلار ئاقماقتا. ئاخىرقى بىر بارماقتا بولسا قانغا مىلەنگەن ئالتۇن - تىللالار جىرىڭلىماقتا...

ئاھ، مانا بۇ — ھەممىگە قادىر ئىنسانلار قولى!

(بېشى 122 - بەتتە)

ئالمىسۇن. مەن ئۇنىڭ ھاياتىنى تىلەيمەن. «بۇ تېخى مېنىڭ تۇنجى تىلىكىم!» جەبرائىل بۇ گەپنى خۇداغا دەپتۇ، خۇدا بولسا جەبرائىلغا مۇنداق دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ: بوپتۇ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالمىغىن شېھىدىنىڭ رايىغا باقايلى. سەن كىشىلەرگە ئېيتقىن: «مۇندىن كېيىن ئەر- خوتۇنلار، ئاتا- بالىلار، ئاكا- ئۇكىلار، ئاچا- سىڭىللار، دوستلار بىر- بىرىگە ساداقەتمەن بولسۇن، ۋاپاغا جاپا قىلمىسۇن، ئۆزئارا مېھرىبان بولسۇن، ئۇرۇش- تالاش قىلىشمىسۇن، تىنچ- ئامان ئۆتسۇن، بىرسى-بىرسىگە ئورا كولىمىسۇن، شۇنداق قىلغاندىلا «ۋاپادار» بولغىلى بولىدۇ. ۋاپادارلىق مۇقامىغا يەتكەنلەرگە مەڭگۈلۈك ھايات ئىنئام قىلىمەن. ئۇلار ئۆلمەيدۇ!». جەبرائىل بۇ بۇيرۇقنى جاكارلاپتۇ. كىشىلەر «ۋاپادارلار» دىن ئۆگىنىپ مەڭگۈ ئۆلمەسلىك ئۈچۈن، ئۆز يۇرتلىرىغا مېھرىبانلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىككى يىگىت ئەل ئىچىدە مەڭگۈ ھايات قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇرۇش - جىدەللەر، ئىناقسىزلىقلار ئازىيىپ، ئەل - ئامان، يۇرت - تىنچ دەۋرى باشلانغانىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: مەرھۇم ئىبراھىم ئاخۇن، رەتلىگۈچى: پەيزاۋات ناھىيىلىك يەر-جاي ئىشخانىسىدىن يۈسۈپ ئۆمەر)

غولام ئەبەيدۇللا

# شائىر، تارىخچى مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ ئىجادىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى

شائىر ۋە تارىخچى مەھمۇت ھېكىمبەگ (1818 - 1902) ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى مەلۇماتلىق سۆز سەنئەتكارى ۋە نوپۇزلۇق جامائەت ئەربابى. ئۇ، 1818- يىلى ئاتۇش شەھىرى يېنىدىكى مەشھەدنىڭ لەنگەر باغ كەنتىدە بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى مىر ئەخمەدخان «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىنىڭ ئەۋلادى شەيخى بولۇپ، كېيىنچە «ھەزرەت سۇلتان» مەدرىسىدە بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغان دىنىي ئۆلىما كىشى ئىدى. ئانىسى ھەمرا بۇۋى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، تەربىيە كۆرگەن ۋە شېئىرىيەتتىن مەلۇماتى بار ئايال بولغانلىقتىن، 5- ئوغلى مەھمۇتخاننى كىچىكىدىنلا شېئىرىيەتكە قىزىقتۇرۇپ، ئابدۇراخمان جامى، ئەلىشىر ناۋايى، فۇزۇلى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ياد ئالدۇرغان. ئۇ، ئوقۇش يېشىغا يەتكۈچە ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ، 1825- يىلىدىن 1833- يىلىغىچە ئۆز يېزىسىدىكى روزى ئاخۇن خەلپىتىم ئىسىملىك موللامدا باشلانغۇچ دىنىي تەربىيە ئالغان. 15 يېشىدىن باشلاپ، شېئىرىيەتتە زېھنىي-ئىدراكلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، خەتتاتلىقتا يېتىشكەن. 1833- يىلىدىن كېيىن «ھەزرەت سۇلتان» مەدرىسىدە ۋە قەشقەر «خانلىق» مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگىنىپ مۇكەممەل تەرجىمە سەۋىيىسىگە يەتكەن. «خانلىق مەدرىس»نى ئەلا دەرىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، «ھەزرەت سۇلتان» مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان. بۇ جەرياندا، ئانىسى ھەمرا بۇۋىنىڭ قىزلارنى ئوقۇتۇپ، دىنىي ئىلىمدىن خەۋەردار قىلىشىنى قوللىغان. ئۆز ئىلمىي قابىلىيىتى، ئەقىل-پاراستى بىلەن جامائەتكە تونۇلغان مەھمۇت ھېكىمبەگ 1848- يىلىدىن كېيىن پەيزاۋات ۋە ئاتۇشقا ھاكىمبەگ بولغان. مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى بولغان ئاشۇ يىللاردا پاك ۋە دىيانەتلىك بولۇپ، «ھۆكۈمدارغا ئادالەت، رەئىيەگە ئىلىم»نى تەكىتلەپ، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ، ياشلىق دەۋرىدىلا دۇتار، تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەنگەن ۋە نەغمە - ناۋاغا ھېرىسمەن بولغانلىقتىن، قەشقەردىكى ئاتاقلىق مۇقامچى ۋە ئۇستا سازەندىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، 12 مۇقام نەغمە - نەزملىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان؛ ئۆز خەلقىنىڭ بۇ بۈيۈك سەنئەت مىراسىدىن پەخىرلىنىپ، «مەن ھاكىمبەگ ئەمەس، ئاددىي بىر مۇغەننى ۋە مۇئەررىخ» دېگەن.

ئىچكىرىدىن قوزغىلىپ كېلىۋاتقان تەيپىڭ-تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭى (1851-1864) نىڭ تەسىرىدە كۆتۈرۈلۈۋاتقان قەشقەر خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنىڭ ئىلھامى بىلەن مەھمۇت ھېكىمبەگ ئاقتو تەۋەسىگە ھاكىمبەگ بولغان. قىرغىز سىدىقبەگ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، خەلقنى تەشكىللەپ، مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتەرگەن،

Altun0q

«ئىككىنچى تۆمۈر قورغان» دەپ ئاتالغان يېڭىسارنىسا قالاۋاتقان مەنچىڭ قوشۇنلىرىنى زور تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، يېڭىسار قەلئەسىنى ئىشغال قىلغان. لېكىن، خائىنلارنىڭ مەلۇمات يەتكۈزۈشى ۋە مەنچىڭنىڭ يەكەندىن ياردەمگە كەلگەن قوشۇنىنىڭ كۆپ بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئۇ رۇشىنىڭ 17- كۈنى خەلق قوزغىلاڭچىلىرى مەغلۇپ بولغان، كېيىن مەھمۇت ھېكىمبەگ پەرغانىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ پەرغانىدا بەش - ئالتە يىل تۇرۇش جەريانىدا داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلىپ، شەرق ئەدەبىياتى ۋە تارىخى بىلەن تېخىمۇ مۇكەممەل تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. شۇنداقلا ئۆزى تۈپەيلى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن. پەرغانىدا ئىزچىل سىدىقبەگ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان مەھمۇت ھېكىمبەگ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ 1864- يىل ئاخىرىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

سىدىقبەگ قەشقەردە ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر ئارىسىدا «خوجىلاردىن بىرسى كېلىپ قەشقەرنى سورىسۇن» دېگەن غەۋغا كۆچەيگەن، ئۆزلىرىگە «سەييىد ئەۋلادى» دەپ يالغان نەسەپنامە ياسىۋالغان خوجىلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى تونۇپ يەتكەن، بولۇپمۇ 1848- يىلى ۋە 1857- يىلىدىكى «يەتتە خوجا» مالىمانچىلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە بۇ پاجىئەلىك تارىخىي رېئاللىقتىن نارازى بولغان مەھمۇت ھېكىمبەگ ئۈچ كۈن ئۇدا ۋەز-نۇتۇق سۆزلەپ، مەنچىڭدىن ۋە خوجىلاردىن كەلگەن بالايى- ئاپەتلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى تەكرار ئېيتقان. لېكىن، بۇ غەۋغادىن ئەنسىرىگەن سىدىقبەگ ئۆز ئورۇنباسارى مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل تاپماي، بىلگىنىچە ئىش كۆرگەن. بۇ ھەقتە بەزى ماتېرىياللاردا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «قەشقەردىكى خەلق ھاكىمىيىتى ئۈستىدە تۇرغان سىدىقبەگ بىلەن تۇڭگانچىلىك شائىبىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئۇۋىسى بولغان قەشقەر يېڭىشەھەرگە بىرنەچچە نۆۋەت ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرۇپمۇ ئالالماي، يېڭىشەھەرنى داۋاملىق قامال قىلدى ھەمدە شىنجاڭدا قۇرۇلغان بىرقانچە ھاكىمىيەتلەرنى بىر مەركەزگە توپلاش، بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىشى ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىپ، يۇرت چوڭلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر قوقەن خانلىقىدا تۇرۇۋاتقان بۈزرۈك خوجىنى شىنجاڭغا كېلىپ باش بولۇشنى تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى» ①. سىدىقبەگ بۈزرۈك خوجىنىڭ يۇرتدارلىق رەۋىشى ۋە لەشكەرلىك ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز، شۇنداقلا «يەتتە خوجا» غا ئوخشىمايدىغان بەزى تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتقانىدى، «بۈزرۈك خان تۆرەم تۆردىلىك مەنسىپىدە، قۇشبېگىخىز مەتكارلىق دەرىجىسىدە قەشقەرگە كەلگەن. بۇ تارىخىي ھىجرى 1281-يىلى (مىلادى 1864 - 1865) جەددى ئوغلاق پەسلى ئىدى»② شۇنداق قىلىپ، بۈزرۈك خان تۆرەم كەلگەندە قەشقەر خەلقى ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ئاق كىگىزدە كۆتەرگەن. لېكىن، ئادەم نۇرغۇن، قىستا- قىستاڭ بولغانلىقتىن، سىدىقبەگ تەدبىر قوللىنىپ،

---

① ئىبراھىم نىياز «تارىختىن قىسقىچە بايانلار» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 292- بەت.

② موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەممىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 335 - بەت.

بۇزرۇك خان تۆرىنى بەدەخشان ئارغىمىقىغا مىندۇرۇپ، سىپىل ئۈستىدە شەھەر ئايلاندۇرۇپ، خەلق بىلەن كۆرۈشتۈرگەن. ئۇنى، سەييد ئەۋلادى، ئۇلۇغ ئەۋلىيا، ئۇنىڭغا ئەگەشسەك خۇدا بىزگىمۇ نۇسرەت ئاتا قىلار، دەپ ئىخلاس قىلغان، «قەشقەر ئەھلىنىڭ ئىچىدىكى تۆرەمگە ئەقىدە-ئىخلاس قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «خوجاملار كەلدى، قىپچاقلارنى ئۇرۇپ-ھەيدەپ چىقىرىش كېرەك» دېگەن ساداسى بىلەن قەشقەر ئالامانچىلىرى قىرغىز-قىپچاقلارنى تاياق-چوماق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى... بۇ چاغدا سىدىقبەگمۇ تۇرالماي ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۆز يۇرتى پاراچقا باردى ۋە ئۇيەردە ئالتە-يەتتە مىڭ ئادەم توپلاپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ، شەھەرنى قامال قىلدى. بۇزرۇكخان تۆرەم بىلەن قۇشبېگى ئۆزىنىڭ يىگىتلىرىنى ئېلىپ، شەھەردىكى نۇرغۇن باشباشتاق ئادەملەرنى توپلاپ ئۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا سىدىقبەگكە ئوق تېگىپ يىقىلدى①. «تۆرەم شاھلىق تاجىنى مۇبارەك بېشىغا قويدى... ئۇ، ئاتۇشلۇق مەھمۇتخاننى شاغاۋۇل قىلىپ تەيىنلىدى»② كېيىن مەھمۇتھېكىمبەگ يېڭىسارغا بىر يىل ھاكىمبەگ بولغان. 1867 - يىللىرى ئاتۇشنىڭ لەشكەر قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن.

مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ بۇزرۇكخان تۆرە ۋە ياقۇپبەگ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بىر قېتىم ئۇلار «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا زىيارەتكە چىقىپ، مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ ئۆيىدە چاي دوستىخانىغا داخىل بولغان سورۇندا بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ تاماكا چېكىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن مەھمۇت ھېكىمبەگ:

تۆرەم تەخسىر قۇرۇلغان دۆلىتىڭنىڭ نامى ئىسلامدۇر،
ئەگەر راست بولسا شۇ نامىڭ تۇتۇندە كالنى ئىسلامدۇر،-

دېگەن نەزمىنى ئوقۇپ، بۇزرۇكخان تۆرىنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. سورۇندا ئولتۇرغان ياقۇپبەگ بۇزرۇكخان تۆرىگە يان بېسىپ:

— ھە، مامۇتخان، سىزلەردە مامۇتخان، سابىتخان، دابىتخان دەيدىكەنسىزلەر، يەنە ئايشەمخان، ھاۋاخان، نىساخانمۇ دەيدىكەنسىزلەر، سىزلەر قايسى خانلاردىن؟ - دەپ سوئال قويغانىدا، مەھمۇت ھېكىمبەگ:

— تەقسىر، بىز سۇلتان ساتۇق بۇغراخان، قىلىچ بۇغراخان، يۈسۈپ قادىرخان، ئەلى ئارسلانخانلاردىن، شۇلارغا ۋارىس بولۇپ، نامىمىزنى «خان» ئاتاپ كەلگەنمىز، - دەپ تەمتىرىمەي جاۋاب بەرگەن. ياقۇپبەگ يەنە بىر قېتىملىق سورۇندا مەھمۇتھېكىمبەگكە قارىتىپ:

ئېگىز - ئېگىز قارىغاي،
ھەر نەرسىگە يارىغاي.
ئەگرى - بۈگرى قارىغاي،
نە نەرسىگە يارىغاي؟

دەپ شېئىرىي سوئال تاشلىغانىدا، مەھمۇت ھېكىمبەگمۇ:

ئېگىز - ئېگىز قارىغاي،
ئىمارەتكە يارىغاي.
ئەگرى - بۈگرى قارىغاي،
لىڭگىلچاققا يارىغاي.

①② - موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەممىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 335-336-بەتلەر،

دەپ كىنايە بىلەن جاۋاب بەرگەن. كېيىنچە مەھمۇت ھېكىمبەگ توغرىسىدا ياقۇپبەگ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىككى كىشىدىن ئېھتىيات قىلىمەن. بىرسى ئاتۇشلۇق مەھمۇت ھېكىمبەگ، يەنە بىرسى يەكەنلىك نىياز ھېكىمبەگ، مەھمۇت ھېكىمبەگ خەلق ئىچىدە ئىلىم ۋە ئىناۋەتتە ئۈستۈن، ئالىم ئادەم. نىياز ھېكىمبەگ ناھايىتى ھىيلىگەر، سىياسەتچى زالىم ئادەم».

مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ نىياز ھېكىمبەگ بىلەن مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ئۇ، نىياز ھېكىمبەگنى ناھايىتى يامان كۆرگەن بولۇپ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش توپلىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا:

نىياز دۈكتۈك ئىلە بىر نەچچە تۈكتۈك،
چېرىكلەر باشىغا قارا چىرمىتىپ.
بىرى ئون شايا تۈنغا دەرس ئۆرگىتىپ،
نەناۋنى قىلدى خاراب.

دېگەن. ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندە يەنە مۇنداق دېگەن:

مىللىتىگە چاڭ سالغان ئەمەلدارلار ئوغرىدۇر،
كىمكى ھارام مال يىغسا تارتىۋالماق توغرىدۇر.

ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان مەھمۇت ھېكىمبەگ: «ئەل قىساسى مىنەلھەق» دېگەن ۋە ياقۇپبەگنىڭ كىچىك ئوغلى بەگ قۇلىبەگ ئاكىسى ھەق قۇلىبەگكە سۇيىقەست قىلىپ، ئىچكى نىزاھ قوزغىغاندا، ئۇنىڭ تالان ـ تاراج ھەرىكەتلىرىگە قارشى خەلقنى تەشكىللىگەن. بەگ قۇلىبەگ پەرغانىغا قاچقاندا، يەنە مۇنداق نەزمە ئوقۇغان:

دىنان، دىنان، قايانىدۇر ۋەتەن،
سالالماس ئاتىنىڭ بېشىغا يۈگەن.
كۆرۈك مىكىيان بولدى مەردانىلەر،
قاچا قىلارغا خەلق بولدى ھەيرانىلار.

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى (1865 ـ 1878) ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 1878 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قەشقەرگە ئامبال بولغان لى جاۋىن «ئاپپاق خوجا» مازىرىدىكى ياقۇپبەگنىڭ قەبرىسىنى ئاچقۇزۇپ جەسەت كۆلىنى كۆيدۈرگەن، مال ـ مۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلغان. سۆز نۆۋىتى كەلگەندە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئاتاقلىق تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ھەزرەتلىرىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» دە ئەھۋال يۇقىرىقىدەك بايان قىلىنغان بولسىمۇ، يەنە بەزى تارىخچىلار «ياقۇپ بەگنىڭ جەسىتى يەرلىكىدە قويۇلغان كۈنى يېرىم كېچىدە جەسەت كۆردىن چىقىرىلىپ باشقا جايغا يۆتكىۋېتىلگەن، ئورنىغا بەدەن قۇرۇلۇشى ئوخشايدىغان باشقا جەسەت قويۇلغان. بۇ مانجۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەن ئىش بولۇپ، كېيىن كۆيدۈرۈلگىنى ياقۇپبەگنىڭ جەسىتى ئەمەس» دەپ ئىسپات تىلاپ چىقتى. ئۆز كېيىمىزگە كەلسەك، لى جاۋىن «ھېيتگاھ جامە» سىنى ياقۇپبەگ كېڭەيتىپ ياساتقۇزغان دېگەن باھانە

بىلەن ئۇنى بۇتخانىغا ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ تالاشتۇۋاتقان. قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى باش قازىسى ئابدۇقادىر قازى كالان (ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ چوڭ دادىسى) قەشقەر خەلقىنىڭ «ھېيتگاھ جامە»سىنى ئېچىپ بېرىشكە قەتئىي تەلەپنى ليجاۋىن رەت قىلغانلىقتىن، بۇ ئىشقا مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغان (ئابدۇقادىر قازى كالان مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ سىڭلىسى بۈۋى رابىيە خېنىمنىڭ كۈيئوغلى ئىدى) ۋە «ھېيتگاھ جامە» سىگە سېلىنغان قۇلۇپنى چېقىپ، شۇ كۈنكى جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن بىرلىكتە جامەدە ئوقۇغان. بۇ ئىشتىن غەزەپلەنگەن ليجاۋىن قازى كالاننى تۈرمىگە ئېلىپ، جامەنى قايتا تالاشتۇۋاتقان. مەھمۇت ھېكىمبەگ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، «ھېيتگاھ جامە»نى ئېچىپ بېرىش بۇتخانا ئۈچۈن ئايرىم جاي تەييارلاپ بېرىشتەك سۇلھى بىلەن ئادەم كىرگۈزۈپ، ئامالىنى يۇمشاتقان. جامە ئېچىلىپ، قازى كالان تۈرمىدىن بوشىغاندىن كېيىن، قەشقەرشەھىرىدىكى بىرنەچچە بايلاردىن ئىئانە توپلاپ، ھازىرقى شەھەرلىك بەشىنچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئەسلى ئورنىدىكى ئون نەچچە ئاتىلىلىك باغ - ھويلىنى سېتىۋېلىپ، كېيىنكى ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ئەينى شارائىتتىكى ۋاقىتلىق يۇمشاق سىياسەت نەتىجىسىدە مەھمۇت ھېكىمبەگ 1878-يىل ئاخىرىدا قەشقەرنىڭ باشھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، بىرقاتار ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ھەتتا ئۆز جەمەتىگىمۇ ئادىل ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىپ:

مىر ئەلىشىر ئوغلىدۇر باقى شەيخ ئەلەم،
ئۇنىڭ ئەلەملىكى ۋاللاھۇ ئەلەم.

دېگەن. ئەپسۇسكى، بەزى بەگلەرنىڭ پىتنىسى بىلەن قارىلانغان مەھمۇت ھېكىمبەگ توققۇز ئايدىن كېيىن مەنسەپتىن يىقىلغان ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي قىرىق كىشى ئامال تەرىپىدىن قومۇلغا يىگىرمە يىللىق پالانغان. ئۇنىڭ «ئاكىلىگىز ئىنى ئەھلۇ ئالەم بىرھېكايە تۇ ئەجەپ» دەپ باشلىنىدىغان ئون ئىككى بېيتلىك مەسنەۋىسىدە بۇ ئەھۋال تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. شۇنداق قىلىپ، ئاتمىش ياشتىن ئاشقان مەھمۇت ھېكىمبەگ 1879- يىلى قىشتا قىرىق كىشى بىلەن سۈرگۈن جازاسى بىلەن يولغا چىقىپ، قومۇلنىڭ بارىكۆلگە ئورۇنلاشقان ۋە بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئوچۇق - يورۇق خاراكتېرى، ۋەتەن سۆيەر روھى، مەردانىلىقى ۋە ئىشچانلىقى يەرلىك خەلقنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بۇ سۈرگۈندىكى ھاياتىدا قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى پاش قىلىپ بىر مۇنچە شېئىرلارنى يازغان.

سۈرگۈن مۇددىتى بېرىملاشقاندا، خوجىدار ھەسەنما نجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بارلىق ئىقتىسادىنى ئېلىپ، قەشقەرگە قاچقان. مەھمۇت ھېكىمبەگ قومۇل ۋاڭلىرى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ئەرز تۇتقان. نەتىجىدە، ھەسەن ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلۈپ، سوراق قىلىنىش ئارقىلىق ئوغرىلانغان مال ئۆز ئىگىسى مەھمۇت ھېكىمبەگكە قايتۇرۇلغان ۋە تۆلىتىپ بېرىلگەن. بۇ جەرياندا مەھمۇت ھېكىمبەگ قومۇلدىن قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن سەنەشىخا گىزدىن يەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن. مەھمۇت ھېكىمبەگ ئۈرۈمچىدە تىجارەت بىلەن تۇرمۇش

كۆچۈرگەن ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر مۇنچە شېئىرلارنى يازغان. مەسىلەن: ئۇنىڭ «تارتما كىشىنىڭ مىننەتتىن»، «دەھقاب»، «مۇزلىدى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا تارىخىي ھەقىقەت بىلەن ئىجتىمائىي ئادالەت ساداسى ياڭرايدۇ. بولۇپمۇ شائىرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى سىڭگەن «مۇزلىدى» رادىيالىق شېئىر ئۈرۈمچىدە ناھايىتى زور ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلغان (بۇ شېئىرنىڭ تولۇق نۇسخىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ).

سۈرگۈن مۇددىتى ئاخىرلاشتۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان 1896 - يىلى مەھمۇت ھېكىمبەگ ئۈرۈمچىدىكى ئۆي-ئىمارەتلىرىنى كەمبەغەل-موساپىرلارغا بېرىۋېتىپ(بۇ جاينى ھازىرغىچە كونىلار «مامۇت غوجام مەھەللىسى» دەپ ئاتايدۇ) يۇرتىغا قايتقان. بۇ چاغدا، ئاتۇش ئىكىساقتىكى يېڭى مائارىپ مەكتىپى ئاللىقاچان ئېچىلغانىدى. ئۇ، ئالاھىدە كېلىپ مەكتەپنى تەبرىكلىگەن ۋە نۇتۇق سۆزلەپ، مەكتەپكە بېغىشلىغان شېئىرىنى ئوقۇغان، ئاتىغان سوۋغىسىنى تاپشۇرغان. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي مەھمۇت ھېكىمبەگ ھەج تەرەددۇتىغا چۈشۈپ، چارباغدىكى ئون بەش ئىشىكلىك ئۆي ۋە بىر بۆلۈك يەر-زېمىننى ئاتا-ئانىسىنىڭ زىراتگاھلىقىغا ۋەخپە قىلغان؛ «ھەزرەت سۇلتان» مازارىغا ئىككى دانە داشقازان ۋەخپە قىلىپ، مازار ئالدىدىكى چوڭ كۆلنى ئۆز خىراجىتى بىلەن چاپتۇرغان. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، ئۇزۇن يىللار بىرگە بولغان ئىشەنچلىك كىشىلىرىنى ئېلىپ ھەج سەپىرىگە كېتىپ، 1898 - يىلى قايتىپ كەلگەن. 1902-يىللىرى ئاتۇشتىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە سەكسەن ئاتلىق يېشىدا ۋاپات بولغان.

مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ ئىجادىيىتىنى شېئىرىيەت ۋە تارىختىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىشقا، ئىجادىي پائالىيەت تارىخىنى 19- ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى، 80 - يىللىرى ۋە ئاخىرقى ئۆمرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئۇ، شېئىرلىرىدا «ھەمرايى»، يىرىك ئەسەرلىرىدە «شەيخ مەھمۇت غېرىبى» (بەزىدە «مۇغەننى») دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. ئۇ، شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ۋەتەن تېمىسىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن؛ شەرق ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، شېئىرىيەتنىڭ پۈتۈن تارىخىغا ئومۇمىي تېمىلاردا ئۆزىگە تەۋە پىكىر، مەجازى(مىتافورالىق) ئىبارىلەر ۋە يېڭى قاپىيە تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە غەزەل ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئىجادىي كۈچى ۋە زېھنىنى كۆپ سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كلاسسىك شەكلى بولغان ئارۇز ۋەزنىنىڭ كۆپ بوغۇملۇق بەھرىلىرىدە كۆپ يازغان، ئۇسلۇب جەھەتتە كلاسسىك شائىر زاھىرىدىن بابۇر (1482-1530) دىن ئۈلگە ئالغان ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى شەكلى رەڭدار، ۋەزنى راۋان بولۇش، تىلى ساپ ۋە خەلقىنىڭ جانلىق تىلىغا تولىمۇ يېقىن بولۇش، شۇنداقلا ئانا تىلغا پىششىق بولۇشتەك روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شائىر قۇمۇلدىكى سۈرگۈن ھاياتىدا، پارس-تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ 15-ئەسىردىكى نامايەندىسى ئابدۇراخمان جامىنىڭ «يۈسۈپ زۇلەيخا» ناملىق پارسچە ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ، شۇ ناملىق داستاننى يازغان (بۇ ئەسەرنىڭ 236 بەتلىك كۆچۈرمىسى ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتىدۇ). ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، 19-ئەسىردىكى زور ئىجتىمائىي داۋالغۇشلارنى ئەسلەپ «تارىخ نامە ياقۇپخان» (1911-يىلى پېتىربورگدا ئېلان قىلىنغان «ئاسىيا مۇزېيىدىكى مۇسۇلمانچە قولـ يازمىلار 590-8772» ناملىق كاتالوگنىڭ 14-بېتىدە كۆرۈلىدۇ) ۋە «زەپەرنامە» ناملىق

ئىككى قىسىملىق داستاننى يازغان. 1982-يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1-سانىدا يولداش نىزامىدىن ھۈسەيىن «زەپەرنامە داستانى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى قاغىلىقتىكى راشىدىن ئەلەمنىڭ ئوغلى راشىدىن مۆپتىنىڭ ئوغلى ئابلىمىت مەخسۇمدىن ئالغانلىقىنى ئىزاھلىغان. راشىدىن ئەلەم بولسا مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ كاتىپى بولۇپ، يېڭىدىن تېپىلغىنى داستاننىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ئېنىق. مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ پەرغانىدا يازغان غەزەللىرى ئىچىدە بۇنى دەلىللەيدىغان مۇنداق مىسرالار بار:

راشىدىن ئەلەم يېزىپتۇ ئاتا-ئانا ئۆلدى دەپ،
مۇسىبەتتە يىغلىدىم غېرىب باشىمنى قايغۇ يەپ.

مەھمۇت ھېكىمبەگ ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى مەلۇماتلىق ۋە نوپۇزلۇق جامائەت ئەرباپى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەتراپقا سەمىمىي زەڭ سېلىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، روھىي ۋۇجۇدىنى بېيىتىپ بارغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئادالەتپەرۋەر ئادەملىرى بىلەن ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قويۇق ئارىلاشقانىدى، ئىجادىيەت ئىدىيىسى تېخىمۇ توغرىلانغان، ھەم ئاڭ پىكرى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆز جەمئىيىتىنىڭ تارىخ ئېقىمىنى ھەر قايسى خەلقلەر بىلەن تەڭكەش ھالدا ئىلگىرىلىتىشكە تىرىشقان، شۇنداقلا تولۇق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ باشلامچىسى ۋە ئەمەلىي يېتەكچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ھۆكۈمدارغا ئادالەت، رەئىيەگە ئىلىم» دېگەن شوئار ئاستىدا ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تەرەققىپەرۋەر ھادىسە. دەۋر تەلىپى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى، مەنىۋى ئەركىنلىك ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئاشۇنداق ئىدىيە ئەينى زامانغا نىسبەتەن ئىلغارلىق ۋە ئىنقىلابىلىق ئىدى.

مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ كۆپ ئۆمرى سەرسانلىق، دېشۋارچىلىق، مۇساپىرچىلىق، مۇھاجىرلىق ۋە قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە غەم چېكىپ، ئاچچىق يۇتۇپ ئۆتكەن. تۇرمۇش خاتىرجەمسىزلىكى ئۇنىڭ ئۆز تالانتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەرنى قالدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر قىلمىغان. يازغان ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتى بولغان، ھەتتا خېلى بۇرۇنلا چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان. شۇڭا، ئۇنىڭ زامانىدىشى، قەشقەرلىك ئۆلىما، جامائەت ئەرباب ئابدۇقادىر قازىكالان ئاخۇنۇمنىڭ «مەھمۇت ھېكىمبەگ ناۋايى ئەمەس، ناۋايىدىنمۇ كەم ئەمەس» دېگەن باھاسى بىلەن، مەشھۇر دىنىي ئالىم ۋە شائىر شەمسىدىن داموللامنىڭ:

سانى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ئاتۇش مەشھەدى،
ئاتىسى مىر ئەخمىدى سۇلتان ساتۇق شەيخى ئىدى.
ياخشى ئىزلار قالدۇرۇپ كەتتى ئەجەپ ئول رەھمەتى،
دىنۇ-مىللەت خىزمىتىدىن ئۆزى بولغاي جەننەتى.

دېگەن مەرسىيەسى خەلقىمىزنىڭ مەھمۇت ھېكىمبەگكە بولغان يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىگەن. دېمەك، مەھمۇت ھېكىمبەگ 19-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدا، بولۇپمۇ ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىگە يارىشا ئورنى تۇرغۇزۇلغان تارىخىي شەخس. دەرۋەقە مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە بەزى بىر نۇقسانلار بولسىمۇ، ئۇنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ 19-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى باھالىغىنىمىزدا، ئوبيېكتىپ رېئال پاكىتلارنى، ئۇنىڭدىكى ئىلغار ئامىللارنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم.

# ۋاپادارلار

(چۆچەك)

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە يايلاقلىرى كەڭ، ئوت - چۆپلىرى مول، چارۋىلىرى غول، تۇپرىقى گۆھەر، سۈيى زەمزەم، باغلىرى ھاۋالىق، مېۋىسى داۋالىق، خەلقى ئىشچان «بوستانقۇم» دېگەن بىر يۇرت بولغانىكەن. بۇ يۇرتتا سادىق بوۋاي دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قاپلاندەك كۈچتۈڭگۈر ئۈچ ئوغلى ۋە ھەددى - ھېسابسىز مال - مۈلكى، يايلاقلىرى بار ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سادىق بوۋاينىڭ جېنىدىن ئېزىز كۆرۈدىغان بىر ئېتى يوقاپ كېتىپتۇ. ئاتنىڭ دەردىدە بوۋاينىڭ كەيگىنى كەيگەن، يېگىنى يېگەن بولماپتۇ. ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ. چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— دادا، رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن بېرىپ ئېتىڭىزنى تېپىپ كېلەي! دەپتۇ.

سادىق بوۋاي رۇخسەت بېرىپ، ئوغلىنى سەپەرگە يولغا ساپتۇ. ئەسلىدە سادىقباي ياش چېغىدا سېھىرگەرلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇزۇندىن بېرى «ئوغۇللىرىنىڭ ئەقلىنى سىناپ بېقىش» كويىدا ئىكەن. يوقالغان ئاتنى ئىزدەپ تېپىش — بوۋاي ئۈچۈن تېپىلماس ياخشى پۇرسەت بولۇپتۇ. ئۇ، ئوغلىنى يولغا سېلىپلا بۆرىنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ ئالدى داۋاندىن ئېشىپ، ئوغلى ئۆتىدىغان بىر ئۆتەڭنى ئالدى تەرەپتىن توسۇپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا ئوغلى يېتىپ كەپتۇ - دە، بۆرىلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ، ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ، شۇ ھامان قاچقىنىچە ئۆيگە كېلىپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ يېتىپتۇ. سادىق بوۋاي ئۆيگە كېلىپ، ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، گەپ سورىمايلا سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلى دادىسىنى ئىزدەپ «ئاتنى ئىزدەشكە مەن باراي» دەپتۇ. دادىسى ماقۇللۇق بېرىپتۇ - دە، ئارقىدىنلا قاپلان سۈرىتىگە كىرىپ، ئوغلىنىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇپ يېتىپتۇ. بىر مەھەلدىن كېيىن ئوغلى كېلىپ، ۋەھشى ھايۋانلاردىن قورقۇپ تىترەپ، ئۇدۇللا ئۆيگە قاراپ قېچىپتۇ. دادىسى ئۆيگە كېلىپ، ئوغلىنىڭ ھالىدىن كۆڭلى بىر ئاز يېرىم بوپتۇ.

بۇ چاغدا كەنجى ئوغلى كېلىپ دادىسىدىن رۇخسەت سوراپتۇ.

— بوپتۇ بارغىن! دەپتۇ دادىسى. ئۇنىڭغىمۇ چوڭ ئوغۇللىرىغا ئوخشاشلا سەپەر جابدۇقلىرىنى ھازىرلاپ بېرىپتۇ. ئارقىدىن ئۆزى ئالتە يولۋاسنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ بىر تاغنىڭ قاپتىلىنى توسۇپ يېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كەنجى ئوغلى يېتىپ كەپتۇ. ئۇزۇن ساپلىق نەيزىسىنى ئوينىتىپ، ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، يولۋاسلارغا قەھرى بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا بۇ يولۋاسلار بىر يۇمىلاپلا دادىسى سادىقبايغا ئۆزگىرىپتۇ. سادىقباي يەنە ئوغلىغا:

خەزىنە

— ئوغلۇم يارايسەن! مانا بۇ ھىممەت كەمىرىنى ساڭا باغلاپ قوياي! ساڭا ئاق يول تىلەيمەن! ئىزدىگىنىڭ ئالدىڭدىن چىقىپ تۇرغاي. قۇلاق سالغىن: ئالدىڭدا بىر چوڭ مازار ئۇچرايدۇ. كۈندۈزى بېرىپ قالساڭ دۇئاسىز ئۆتمە. كېچىسى بېرىپ قالساڭ قونماي كەتمىگىن. غەلىبە ساڭا يار بولسۇن! — دەپتۇ — دە، ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. كەنجى ئوغۇل بولسا دادىسىنىڭ سۆزىدىن ئىلھام، غەيرەت ئېلىنىپ، ئىشەنچىگە تولۇپ يولىنى داۋام قىلىپتۇ.

كەنجى باتۇر بىر قانچە يىللىق يول ئۈستىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇنىڭ ئالدىغا چوڭ بىر زاراتگاھلىق ئۇچراپتۇ. ئاتتىن چۈشۈپ، ئەتراپقا سەپ — سېلىپ قاراشقا باشلاپتۇ. بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەپتۇ، باشقا تىۋىشلەرمۇ ئاڭلانماپتۇ. دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى ئېسىگە چۈشۈپ، بىرەر ئوچۇق قەبرىگە كىرىپ ئۇخلاپ ئەتىسى يولغا چۈشمەكچى بولۇپ، قەبرىلەرنى ئارىلاپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر يېڭى قەبرە كۆرۈنۈپتۇ. مۇساپىر يىگىت بىر ئاز مەيۈسلەنگەن ھالدا: «بۇ يەردە مۇڭداشقىدەك بىرەر ئادەم يوقمۇ؟!» دەپ توۋلاپتۇ. شۇ چاغدا يېڭى قەبرىدىن: «بۇرادەر! كىمگە سۆزلەۋاتىسەن؟» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. كەنجى باتۇر ھەيران بولۇپ ئۇياق — بۇياققا قاراپ بولغىچە، قەبرە ئىچىدىن قاپ — قارا قاش، بۇلۇق چاچ، قاڭشالىق، كىرۇي كەلگەن بىر يىگىت چىقىپ كەپتۇ — دە «ئەسسالام!» دەپتۇ. كەنجى باتۇر بۇ يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن ئۆزىنى يولدىن ئازغان بىر مۇساپىر، دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. قەبرىدىن چىققان يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «كۆزۈڭنى يۇم، ئارقامدىن ماڭ. رۇخسەت بولمىغۇچە كۆزۈڭنى ئاچما! گېپىمنى ئېسىڭدە تۇت» دەپتۇ. ئاندىن قەبرە يېنىدىكى بىر تۆشۈكتىن پەسكە چۈشۈپتۇ. يەر ئاستىغا كىرىپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، «كۆزۈڭنى ئاچ!» دەپتۇ. مۇساپىر يىگىت كۆزىنى ئاچسا، ئۆزى تولا ھەشەمەتلىك، كاتتا بىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغىدەك. باشلاپ كەلگەن يىگىت بولسا بىر مۇنچە خىزمەتكارلارغا: «تېز بولۇڭلار! مېھمانغا ئەڭ سېمىز بورداق قوچقارنى سويۇڭلار، ياخشى كۈتۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلىۋاتقىدەك. بىردەمدىلا ئۆي ئىچى گويا جەننەتتەك، ھەممە نەرسە تەل بولۇپتۇ. ئىككى يىگىت بىر دوستىخانغا ئولتۇرۇپ، ھوزۇر — ھالاۋەت بىلەن نازۇ — نېمەتلەرگە ئېغىز تېگىشىپتۇ، غەمسىز ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە دوستىخانغا تىزىلغان نازۇ — نېمەتلەر تېخىمۇ كۆپ ۋە ئېسىل بوپتۇ. دوستىخان ئۈستىدە ساھىپخان يىگىت: «ئىككىمىز ۋاپادار دوست بولساق قانداق؟» دەپتۇ.

— بولساق بولدۇق! — دەپتۇ مۇساپىر يىگىت شۇ ھامان. ئىككەيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، قوللىرىنى چىڭ سىقىشىپتۇ. «ئەبەدىل — ئەبەت بىر — بىرىمىزگە يۈز ئۆرۈمەيمىز، ئۆز ئارا ۋاپادار بولىمىز» دەپ قەسەم قىلىشىپتۇ. شۇندىن كېيىنلا مېھمان يىگىت ئۆزىنىڭ بۇ تەرەپلەرگە نېمە ئۈچۈن كېلىپ، قانچىلىك يوللارنى كەزگەنلىكىنى راستىنى بىلەن سۆزلەپتۇ.

— دوستۇم ئالدىرىمىغىن! — دەپتۇ ساھىپخان يىگىت، — ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى — سائىتى بولىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلىدىڭ، بىراق مېنىڭ سەرگۈزەشتەمنى تېخى ئاڭلىمىدىڭ. دوستلار بىر — بىرىنىڭ سىرىنى بىلسە ئاندىن دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولالايدۇ. سەنمۇ مېنىڭ ھېكايەمنى ئاڭلاپ باق. بەلكىم ھاجىتىڭگە يارىدىمىم تېگىپ قالار.

كەنجى باتۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىنى باسالماي دەپتۇ:

— ئۆزۈممۇ ئاخشامدىن بۇيان كۆپ ئىشلاردىن ھەيران، لېكىن سوراشتىن خىجىل بولۇپ تۇرار ئىدىم، ئەمدى ياخشى بولدى. دوستۇم، قانغىچە سۆزلىگىن. سېنىڭ ھېكايەڭ تۈگىمەي تۇرۇپ مەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن.

— ماقۇل، — دەپتۇ ساھىپخان يىگىت، — سۆزلەپ بېرەي. بىزنىڭ ماكانىمىز ئەسلىدە بۇ تاغنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى يۇرتتا ئىدى. دادام ئاتىقى چىققان باي ھەم يۇرت چوڭى ئىدى. كۆپ يىللار تىنچ ئۆتتۇق. بىر يىلى يۇرتىمىزغا ياۋ باستۇرۇپ كەلدى. دادام بىر قانچە قەبىلىلەرنى قوزغىتىپ ياۋغا قارشى ئاتلاندى. مەنمۇ جەڭگە ماڭدىم. ئاستىمدا ئۇچار ئارغىماق، قولۇمدا ئۆتكۈر شەمشەر، سەپ ئالدىدا بوراندەك كېتىپ باراتتىم. دۈشمەنلەر بىزنى كۆرۈپلا قاچتى، بىز قوغلىدۇق. ياۋنىڭ يۇرتىغا ئەمدىلا قەدەم باسقان ئىدۇق، كۈتمىگەندە ياۋ قوشۇنلىرى ئارقىغا بۇرۇلۇپلا بىزگە ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار ئىچىدىن بېشىغا قەرىمە جىبەكلىك قارا قالپاق كەيگەن، قارا قاشقىلىق ئاق ئات مىنگەن، قولىغا ئۇزۇن ساپلىق قىزىل پوپۇكلۇق نەيزە ئالغان قاپ - قارا ساقاللىق بىر باھادىر چىقىپ كېلىپ توپ - توغرا مېنىڭ ئالدىمدىلا توختىدى. ئاندىن دېدى:

— مەرد بولساڭ مەيدانغا چۈش! يەككىمۇ - يەككە ئېلىشىمىز!

بىزدەرھال ئارىنى سەل ئاچتۇق. مەن ئېتىمنى دېۋىتىپلا ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا باردىم. ئۇزاق ئېلىشتۇق. بىراق مېنىڭ نەيزەم قىسقا بولغاچقا، رەقىبىمنىڭ نەيزىسى ماڭا سانجىلىپ ئۆلدۈم. مەن شېھىد بولغانىدىم. ئەلچا مائەت مېنى يۇيۇپ سەن كۆرگەن ھېلىقى قەبرىگە قويدى. تېخى ئۆچكۈنمۇ بولمىغانىدى، سەن كەلدىڭ. ئىككىمىز كۆرۈشۈپلا دوستلىشىپ قالدۇق... ئەمدى سەن كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن. مېنىڭ كېپىم تېخى تۈگىمىدى. ئاخىرىنى ئۇبدان ئاڭلا، بۇنىڭسا ئاڭا ياردىمى تېگىپ قالار. مەن شۇ قېتىمقى جەڭگە ئاتلىنىش ۋاقتىدا دادامدىن «ئىككى يۈرەك» ئاتىنىڭ بىرسىنى بېرىشنى سورىغانىدىم. دادام «كېيىن كېرەكى بولىدۇ» دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئاتىنىڭ «ماڭسا ئۇچار قاناتىنى ئۆزىگە يەتكۈزمەيدۇ. قوغلىسا ياۋنى ئامان قويمايدۇ. قاچسا ياۋنى ئۆزىگە يېقىنلاتمايدۇ» دېگەن تەرىپى مەشھۇر ئىدى. ھازىر بۇ ئاتلار ئاتخانىدا بار. سەن ئىزدەپ يۈرگەن ئاتمۇ شۇ يەردە. بۇ ئاتلار ئاۋۇپ يىلقا بولدى. سەن ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆيگە بار، مانا بۇ شەمشەرنى ئال، ئىچىڭگە يوشۇرۇپ ساقلا، ھەرگىز بىرەر كىشىگە كۆرسەتمە. چۈنكى ئۇلار بۇنى تونۇيدۇ، ئاندىن بىرەرچارە قىلىپ ھېلىقى ئىككى «يۈرەك»نى ئۆلتۈرۈۋەت. ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساڭ، بەك قىيىنىۋەتسە راستىڭنى دېسەڭ بولىدۇ. ھەرگىز ھودۇقما، تەمكىن بول، ئەمدى ماڭساڭ بولىدۇ!...

شېھىد يىگىت دوستىنى ئۇزىتىپ، ئۆزى قەبرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. كەنجى باتۇرمۇ دوستىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ، بىر چاغدا ئاتخانىنى تېپىپ ھېلىقى ئاتلارنى تۇتۇپ قارنىنى يېرىپ تاشلاپتۇ، ئاندىن قاچاي دەپ تۇرغاندا بىر قانچە كىچىك بالىلار كۆرۈپ قاپتۇ. بىردەمدىلا نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ ئۇنى باغلاپ باي ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. ئۇرۇپتۇ، تېپىپتۇ. كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئاختۇرۇپتۇ. شۇ چاغدىلا ھېلىقى شەمشەر پاش بولۇپ كىشىلەر ئۇنى تونۇۋاپتۇ. كەنجى باتۇر ئەمدى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ راستىنى

سۆزلەپتۇ. بىراق ئۇلار «سىزنىڭ كېيىنكىگە ئىشەنمەيمىز، راست بولسا سەن ئۇ يىگىتنى بىزگە كۆرسەت! ئاندىن ئىشىنىمىز» دەپ تۇۋلاپتۇ.

— ماقۇل كۆرسىتەي، — دەپتۇ يىگىت، — بىر شەرتىم بار. مەن ئۇنى چاقىرىمەن، ئۇ كەلگەندە ھېچكىم كۆز يېشى قىلمىسۇن!

جاماەت «بولىدۇ» دېيىشىپتۇ. ئۇلار مازارغا كەپتۇ. كەنجى باتۇر قەبرە ئالدىغا كېلىپ «دوستۇم، تۇغقانلىرىڭىز بۇ يەرگە كەلدى. دوستلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەبرىدىن بىر چىقسىڭىز!» دەپ چاقىرىپتۇ. شېھىد يىگىت قەبرىدىن چىقىپ كەپتۇ. دادىسى، ئانىسىغا سالام بېرىپتۇ. ئۇكىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە مېڭىپتۇ. شۇچاغدا قېيىنئاتىسى ئالدىغا ئۆتۈپ قولىنى تەڭلەپتىكەن، شېھىد يىگىت چىمچىلاق قولى بىلەن ئۇنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىپ ئۇكىسىنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۇكىسىنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقىپ كېتىپتۇ — دە، ئۇدۇللا ئاكىسىنىڭ پۇتىغا دومىلاپ چۈشۈپ زور كەلكۈنگە ئايلىنىپتۇ. شېھىد غەرق بولۇپتۇ. خالايىق ھەيران بولۇپ كەنجى باتۇرنىڭ كېيىنكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ. شېھىدنىڭ دادىسى:

— ئوغلۇم ساڭا ئىشەندىم، سەن ئوغلۇمنىڭ دوستى ئىكەنسەن. ئوغلۇمنىڭ ئورنىدا ماڭا ئوغۇل بول. كەتمە، بارلىق بىسات مېنىڭ يېرىمى سېنىڭ بولسۇن! — دەپ كۆپ يالۋۇرۇپتۇ. بىراق بۇ يىگىت ئۇنىماي: «ماڭا سېنىڭ بىر تال گىياھىڭمۇ كېرەك ئەمەس. دادامنىڭ ئەتىۋارلىق ئېتىمنى بەرسەڭ كېتىمەن!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باي ئىلاج ئۇنىڭ ئاتلىرىنى قولۇلىرى بىلەن قوشۇپ ئالدىغا سېلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. يىگىت ئاتلىرىنى ھەيدەپ ئالدى بىلەن دوستىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كەپتۇ. «جېنىم دوستۇم، ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈۋالاي. بىر چىقىڭ!» دەپتىكەن، دوستى چىقماپتۇ. ئۇدا ئۈچ قېتىم تۇۋلاپتۇ، يىگىت چىقماپتۇ. يەنە بىر نۆۋەت چاقىرغان ئىكەن، رەڭگى تاتارغان، روھى چۈشكەن ھالدا يىگىت قەبرىدىن چىقىپتۇ. ئاندىن مۇنداق دەپتۇ: «سېنىڭ ئۈنۈڭنى ئاڭلاپ چىقاي، دەپ تۇرسام، ئۇكامنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش مېنىڭ بەدىنىمنى چۆكۈرگىلى تۇردى. تىرىشتىم، تىرماشتىم. سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىققاندا، سەن ئىككىنچى نۆۋەت چاقىردىڭ. ئۈچىنچى نۆۋەت چاقىرغاندا مەن سۇ يۈزىگە چىقتىم. ئۇھ، بەكمۇ ھېرىپ كەتتىم. كېچىكىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى مۇشۇ! ئەپۇ قىلغىن، دوستۇم!» ئىككىيلەن ئايرىلىش ئالدىدا قانماي مۇڭدىشىپتۇ. ئاخىرىدا شېھىد يىگىت دوستىغا مۇنۇلارنى تاپىلاپتۇ: «دوستۇم ئېسىڭدە تۇت، سەن يۇرتۇڭغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي خەلقلەر ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ، تۇغقانلىرىڭ سېنى ‹ئارام ئال، بارمىغىن› دېيىشىدۇ. سەن ‹ماقۇل› دەپ قوي. لېكىن ئۇرۇشقا ئاتلان. ياۋ زېمىنىغا كۆپ پېتىشتىن بېسىپ كىر. ماڭا نەيزە ئۇرغان ھېلىقى قارا ساقال ساڭا ئات سېلىپ كېلىدۇ. سەن ئۇنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، ‹دوستۇمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم› دەپلا كاللىسىنى كەس. ئېتىنىڭ قارنىنى يار! شۇ چاغدا ھەممە يىلەن غەنىمەت بۆلۈشۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. سەن ئېتىڭنى چېپىپ كۆن يۈرۈشكە ماڭ. بىر مەھەللىگە كېلىسەن، بىر ئۆي بار. ئىچىدە ئىككى قىز، بىر كېلىن، بىر قارچۇغۇ بار. سەن ئېتىڭنى بوسۇغۇغا باغلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەت. ئۆي ئالدىدا بىر تۈپ تېرەك، بىر تۈپ سۆگەت بار. ئۇلارنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ ئېلىۋالغىن. لېكىن ھەرگىز ئولجا ئالما. يولدا تۆگىنىڭ ماياقلىرى ئۇچرايدۇ، تېرىپ ئېلىۋال. بىر قارا نار تۆگە ئوتلاپ يۈرۈيدۇ. ئۇنى ئېلىپ يۈك — تاقاڭنى يۈكلىۋال. يۇرتۇڭغا يەتتە كۈنلۈك يول قالغاندا، سۆگەت چىۋىقلىرىنى ئېلىپ، تۆگە قۇمۇلاقلىرى قاچىلانغان قاپنى ئۇرساڭ، ئالدىڭدىن ئاتلار كىشنەپ، تۆگىلەر بوزلاپ، قويلار مەرەپ، كاللار مۆرەپ چىقىشىدۇ. تېرەك شاخلىرىنى كەسلەپ خورجۇنغا سېلىۋال. ئۆيۈڭگە بارغاندا ئالتۇنغا

ئايلىنىدۇ. كاتتا باي بولۇپ كېتىسەن». كەنجى باتۇر بۇ گەپلەرنى دىلىغا مەھكەم پۈكۈپ، زور ئۈمىد بىلەن يولغا كېتىپتۇ. بىر قانچە ۋاقىت ئۆتۈپ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. دوستىنىڭ دېگەنلىرى راست چىقىپتۇ. ئاتلىرىنى دادىسىغا تاپشۇرۇپتۇ، كېيىن ئورۇشقا بېرىپتۇ. قارا ساقاللىق رەقىبىنى ئۆلتۈرۈپ، دوستىنىڭ ئىنتىقامىنى ئاپتۇ. قاشقا ئېتىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۆيىگە كىرسە ئايدەك گۈزەل بىر قىز تۇرغىدەك. يىگىتنىڭ ئىچى ئاغرىپ، كۆتەرگەن قىلىچى-نى بىر پەس توختىتىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈۋاپتۇ. ئاندىن بىرلا قىلىچ ئۇ-رۇپ جېنىنى ئاپتۇ. قالغان ئىككى قىز، قارچۇغىنىمۇ جېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. غەلىبە خۇشلۇ-قىدا يۇرتىغا قايتىپتۇ. مەھەللىگە ئاز قالغاندا قاتتىق بوران چىقىپ، ئاز بولمىغان ئادەم، ئات، تۆگە، مال - دۇنيا، ئولجىلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. كەنجى باتۇرنىڭ ھېچنىمىسى زى-يانغا ئۇچرىماپتۇ. ئەسلىدە يولدا ئۇچرىغان نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى سېھىرگەر بولۇپ، مال-دۇنياسىنى سالامەت ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دەرەخ، قۇم-ئولاق سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ قويغانىكەن. ھەممىسى ئەسلىگە قايتىپتۇ. كەنجى باتۇر بۇ بايلىقلارنى كۆرۈپ شېھىد دوستىنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى تۇغۇلۇپ، ياراق ئاتتىن بىرنى مىنىپتۇ-دە، دوستىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. دوستىغا سالام بېرىپتۇ. شېھىد يىگىت قەبرىدىن چىقىپ، دوستىنى سارايغا باشلاپ مېھمان قىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۆز ئۆيىگە قايتماقچى بولغانىكەن، شېھىد دوستى مۇنداق دەپتۇ: «دوستۇم يارايسەن! دېگەنلىرىمنىڭ بارىنى ئادا قىلدىڭ. مەن سەندىن ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم رازى. ئەمدى يولغا چىقساڭ بولىدۇ. سەن يۇرتۇڭغا بارغاندا ئىككى ھارۋىغا مال باسقان بىر سودىگەر ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئېتى بار: بىرسى جەرەن، بىرسى تورۇق. سەن بۇ ئاتلارنى قانچە دېسە بېرىپ سېتىپ ئالغىن. ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۈچ يىلغىچە يۈگەن سالما، مىنمە، ئىگەرلىمە. ئاندىن تورۇق ئاتنى ئۆلتۈرۈپ، سۆڭەكلىرىنى، مېڭىسىنى، يىلىكىنى ئاقتۇر. ئەگەر يېغى ئاق بولمىسا ياكى مەڭدەك يېرى قارا بولسا جەرەن ئاتنى يەنە ئىككى يىل باق. ئاندىن ئۆيى ئىچىگە باغلىغىن. مىنمە، تاكى ئات ئورۇقلاپ قاقشىدەك قالمىغۇچە، كۈندە پەقەت بىر چىشلەم ئوت، بىر يوتۇم سۇلا بېرىپ تۇر. بىر مەزگىل ئۆتكەندە سېنىڭ بېشىڭ ئاغرىشقا باشلايدۇ. ساقىيىپ قالسا مەيلى، ساقايمىسا جەرەننى مىنىپ دەرھال-مېنىڭ ئالدىم-غا كەل. مېنى ئۇنتۇپ قالمىغىن.» دېگەندەك، كېيىن كەنجى باتۇرنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىشقا باشلاپتۇ. نائىلاج جەرەن ئاتنى مىنىپ دوستىنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. بۇ ئىشلارنى شېھىد يىگىت كۆڭۈل ئەي-نىكىدە كۆرۈپ تۇرىدىكەن. ئەسلىدە جەرەن ئات كۆكسى قىزىدىغانچە بەك چاپىدىكەن. «ئۇنى توختىتالماي قالسا قانداق بولار؟» دېگەن غەم ئىچىدە قالغان شېھىد يىگىت قىرىق غۇلاچ كېلىدىغان بىر يىپەك ئاغامچىنى يولغا توغرا تارتىپ قويۇپتۇ. يىگىت مىنگەن جەرەن ئات پۇتلىشىپ مۈدۈرگەندە، كەنجى باتۇر دەل دوستىنىڭ قەبرىسى ئالدىغىلا يىقىلىپتۇ. ئات ئۆدۈل كېتىپ قاپتۇ. شېھىد يىگىت دوستىنىڭ چارىسىنى تېپىپ ساقايتىپتۇ. بۇ چاغدا جىبرائىل كېلىپ شېھىددىن سوراپتۇ: «بۈگۈن ماڭا بىر ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىشقا بۇيرۇق بولغانىدى. ئۇ جان بەرمەك تەسكې-لىپ بۇ يەرگە قېچىپ كىرىۋالدى. سەن ئۇنى يوشۇرۇپ قويدۇڭ، ھازىر ئۇنى ماڭا تاپشۇر، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ كېتەي». شېھىد يىگىت مۇنداق دەپتۇ:

— مەن شېھىد بولغاندا، خۇدا مەندىن نېمە تىلىكىڭ بار؟ دەپ سورىدى. مەن: ئۈچ نۆۋەت تىلىكىمنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگىن، دېدىم. خۇدا ماقۇل بولدى. مەن بۇ يىگىت بىلەن ۋاپادار دوست بولغانىدىم. خۇداغا ئېيتقىن: ئۇ بۇ يىگىتنىڭ جېنىنى

(ئاخىرى 110 ـ بەتتە)

ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار

## ۋاقىتنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش

ۋاقىتنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش ئەسلى ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىدى. كېيىنچە بۇ خىل ئۇسۇل مودېرنىزمنىڭ كېيىن شەكىللەنگەن ئېقىملىرىدىلا ئەمەس بەلكى رېئالىزمغىمۇ سىڭىپ كىردى. ئەدەبىياتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىدىمۇ قوللىنىلدى. يالغۇز غەرب ئەللىرى ئەدەبىياتىدىلا قوللىنىلىپ قالماستىن، شەرق يازغۇچىلىرى تەرىپىدىنمۇ قوللىنىلدى. نەتىجىدە ۋاقىتنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تەسىرى ۋە ئۈنۈمى ناھايىتى چوڭ بولغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ قالدى.

ھازىرقى زامان پەلسەپىسى ۋە پسىخولوگىيىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇ ئۇسۇلنىڭ شەكىللىنىشىنى مۇھىم نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. پەلسەپە تەرەپتىن فرانسىيىلىك ئۇلۇغ پەيلاسوپ بېرگسون (1859 - 1941) نىڭ ۋاقىت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك. بېرگسوننىڭ قارىشىچە، ۋاقىت ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ: بىرسى ئەنئەنىۋى ۋاقىت، بۇ كىشىلەر ئادەتتە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ماكان چۈشەنچىسى بويىچە ئۆلچىنىدىغان ۋاقىت، بۇ ۋاقىت ئەمەلىيەتتە «تاشقى ۋاقىت» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىرسى بولسا پسىخىك ۋاقىت، بۇ ۋاقىت تەركىبلىرىنىڭ (ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى دېگەنلەرنىڭ) ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە تىزىلىدىغان ئاشۇ تەرتىپنى يوقىتىپ، ئۆز ئارا ئارىلىشىپ، سىڭىشىپ كېتىشىدىن تۈزۈلگەن ۋاقىت، بۇ ۋاقىت ئەمەلىيەتتە «قەلب ۋاقتى» بولۇپ، مانا مۇشۇ ۋاقىتلا ھەقىقىي ۋاقىتتۇر. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ قارىغان: چىنلىق ئادەم قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئورۇنلاشقان بولىدۇ. بۇ چىنلىقنى ئادەتتىكى ۋاقىت تەرتىپى بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولسا، ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چۈنكى قەلب (ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات) ئەقىل، ئاڭ دېگەنلەرنىڭ كونتروللۇقىغا بويسۇنمايدۇ. قەلبتە يەنە ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى دېگەندەك ئېنىق ۋاقىت تەرتىپى مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا، قەلبتىكى چىنلىقنى ھەقىقىي تۈردە ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن «پسىخىك ۋاقىت» قا مۇراجىئەت قىلماي بولمايدۇ.

پسىخولوگىيە تەرەپتىن ئامېرىكىلىق ئۇلۇغ پسىخولوگ ۋىليام جويىس (1842 - 1910) نىڭ «ئاڭ ئېقىمى» قارىشىنى تىلغا ئېلىش زۆرۈر. جويىسنىڭ قارىشىچە، ئاڭ دېگەن بىر ئېقىم. شۇڭا ئۇ ھەرگىز پارچىلانمايدۇ، بۆلۈنمەيدۇ، توختاپ - ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئۇ مارجان ياكى زەنجىر ئەمەس، پەقەت ئېقىن.




ھازىرقى ئاڭ بىلەن بۇرۇنقى ئاڭ، كېيىنكى ئاڭ بىر - بىرىگە سىڭىشىپ ئۇلىنىپ بارىدۇ. ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىنكى ئېڭىمىز ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى ئېڭىمىزغا ئۇلىنىدۇ، ئۇ ھەرگىز باشقا بىر ئاڭغا ئۇلانمايدۇ ياكى مۇستە-

قىلىش مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپمۇ قالالمايدۇ. شۇڭا، ئاڭ بىر خىل ئېقىم. ئۇنىڭ ھەر قايسى تەركىبلىرى (ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى) ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق روشەن چەك - چېگرا مەۋجۇت بولمايدۇ، ھامان سىڭىشىپ، ئارىلىشىپ، بېرىكىپ كەتكەن ھالەتتە بولىدۇ.

ئاۋستىرالىيىلىك دوختۇر، پىسخولوگ فىروئىد (1856 - 1939) نىڭ «يوشۇرۇن ئاڭ» تەلىماتىمۇ ئۇ ئۇسۇلغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. فروئىدنىڭ قارىشىچە، بىز ئادەتتە بىلىدىغان ئاڭنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا بىر خىل ئاڭ قاتلىمى بولۇپ، پۈتۈن ئاڭنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم قىسمى بولغان بۇ قاتلام «يوشۇرۇن ئاڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى پەقەت يوشۇرۇن ئاڭدىلا ئىپادىلىنىدۇ. ھەقىقىي چىنلىققا يوشۇرۇن ئاڭنى ئىپادىلەش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ ئاڭ ماكان ۋە زامان تەلىپىنى، ئەقىل ۋە ئاڭنىڭ كونتروللىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. خىيالىي دۇنيا، چۈش ۋە رېئاللىق دۇنيا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئانچە چوڭ پەرق بولمايدۇ ھەم بۇ پەرقلەرنى ئايرىپ ئولتۇرۇشمۇ ھاجەتسىز.

بۇ ئۇسۇلنى قوللانغان يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات قارىشىمۇ ئاساسەن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ھەقىقىي چىنلىققا پەقەت قەلبنى ئىپادىلەش بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ۋاقىت تەرتىپى (ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى تەرتىپى) بويىچە ئەسەر سيۇژىتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ھەقىقىي چىنلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ۋاقىت تەرتىپىنى ئاساس قىلىش ئەدەبىي ئەسەرنى ساختا قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق سەۋەب. ھەقىقىي يازغۇچى پېرسوناژنىڭ قالايمىقان، ئەقىل ۋە ئاڭنىڭ كونتروللۇقىغا بويسۇنمايدىغان قەلبىنى بىۋاسىتە (نېمە بولسا شۇنى ئەينەن) يازىدۇ. شۇنداق قىلىپ پېرسوناژ قەلبى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيانى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

ۋاقىتنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ۋاقىتلارنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى دېگەن تەرتىپ بويىچە ئايرىپ ئولتۇرماي، بۇ ئۈچىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر - بىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان ۋاقىتتا، ئەسەردە قايسى رېئاللىق، قايسى ئادەمنىڭ ئەسلىمىسى، قايسى كەلگۈسى ھەققىدىكى خىيال بۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان بىر خىل «بىر پۈتۈن» مەنزىرە شەكىللىنىدۇ.

ۋاقىت تەرتىپسىزلىكى مۇقەررەر يوسۇندا ئورۇن تەرتىپسىزلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئىككى تەرتىپسىزلىك ئۆز ئارا بىر - بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ۋاقىت تەرتىپسىزلىكى ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئورۇن تەرتىپسىزلىكى ئەسەر سيۇژىتىغا بىۋاسىتە غايەت چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل قوللىنىلغان ئەسەرلەردە ئەنئەنىۋى ئەسەرلەردىكىدەك ئۇنداق سەۋەب - نەتىجىسى، باش - ئاخىرى ئېنىق، مۇكەممەل ھېكايە ۋەقەلىكى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئىزچىللىقىمۇ ئىگە بولمايدۇ. ۋەقەلىك پەقەت پارچە - پۇرات، بىر - بىرى بىلەن ئانچە چوڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولمىغان تەپسىلاتلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. گەرچە بۇ تەپسىلاتلار تولىمۇ ئۇششاق مۇستەقىل تەركىبلەر بولسىمۇ، قارىماققا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوقتەك تۇرسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇلارنى ئاسان كۆرگىلى بولمايدىغان، ئەمما ئومۇمىي بىر پۈتۈنلۈكتە روشەن گەۋدىلىنىدىغان بىر ئاساسىي لىنىيىدىن يىراقلاپ كەتمەيدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا ئەسەر تولىمۇ قالايمىقانلىشىپ، تەرتىپسىزلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئەھۋال تامامەن ئۇنداقمۇ ئەمەس. بۇنداق ئەسەرلەر كىتابخانلاردىن سەۋىيە ۋە زېرەكلىك تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا،

بۇ ئۇسۇل قوللىنىلغان ئەسەرلەر بىر تەرەپتىن كىتابخانلاردا چىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىتابخانلارنى ئەسەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنىمۇ ئىجادىيەتكە ئارىلاشتۇرىدۇ، كىتابخانلارنى «ھاكىباقتى» ھالەتكە قالدۇرمايدۇ.

ۋاقىتنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن بىز «20 - ئەسىر پروزىچىلىقىدىكى يىگانە بۈيۈك ئەسەر» دەپ قارىلىدىغان «پولىسىس» (ئاپتورى ئەنگلىيە يازغۇچىسى جامېس جويىس) رومانىدىن بىر مىسال كۆرۈپ باقايلى:

بودۇم دوبىرىندىكى بىر كوچىدا كېتىپ بارىدۇ. نەزەرىي ئالدىدىن بىرە-بىرە ئۆتۈپ تۇرىدىغان قىز-يىگىتلەردە. ئۇنىڭ قەلبىدە تۇيۇقسىز ناھايىتى چوڭ سەكرەش يۈز بېرىدۇ:

......................»

بولمىسا خارىس بوۋايلارنىڭكىگە باراي، ياش سىڭىللىرى بىلەن پاراڭلاشمايمەنمۇ؟ ئۇ تەربىيە كۆرگەن ئادەم. ئېھتىمال ئەتىگەنلىك تاماق يەۋاتقاندۇ. مەن ھېلىقى دۇربۇننى رېمونت قىلغۇزاي... گېرمانىيىلىكلەر ھەممە يەردە خۇشامەت قىلىشۋاتىدۇ. ئۇلار چىقارغان ماللارنىڭ باھاسى مۇۋاپىق بولغاچقا بازارلارنى قولغا ئېلىۋاپتۇ، زىيان تارتىدۇ. پۇرسەت كەلسىلا بېكەتتىكى يۈتكەن نەرسىلەرنى ساتىدىغان ئورۇندىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ. سۆزلەپ كەلسە غەلىتىلىك، كىشىلەر پويىز ئىستانسىسىدىكى كىيىم-كېچەكلەرنى ساقلىتىدىغان يەردە ھېچنەرسىسىنى ئۇنتۇپ قالمايدىكەن. بىراق ئۇلار يەنە نېمىنىمۇ ئويلار؟ ئاياللارمۇ شۇنداق. بەلكىم... ئاۋۇ تەرەپتىكى بانكىنىڭ ئۆگزىسىدە بىر دانە قول سائىتى تۇرىدۇ، دۇربۇن بىلەن قاراپ باقاي، دۇربۇن ياخشى ئىشلەمدۇ-يوق.

... ... ...

خارىس بوۋاي، دۇربۇن، گېرمانىيىلىكلەر، پويىز ئىستانسىسىدىكى كىشىلەر، قول سائىتى... گەرچە بۇلارنىڭ ئادەتتە بىۋاسىتە باغلىنىشى بولمىسىمۇ ئەسەردە بودۇمنىڭ گادىرماش، قالايمىقان ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان ئەسەرلەردە ئاپتورنىڭ ئورنى ۋە ئىقتىدارى ئەنئەنىۋى ئەسەرلەردىكىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئەسەرلەردە ئاپتور ھەممىگە قادىر بولسا، بۇ خىل ئەسەرلەردە ئاپتورنىڭ ئەسەرگە «ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ». ئاپتور پەقەت پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ پائالىيىتىنى يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەپ بېرىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، بەئەينى نەقمەيداننى سۈرەتكە ئالغان سىنئالغۇچقا ئوخشاشلا. ئاپتور چىنلىق بىلەن نېمە بولسا شۇنى ئەينەن يازسىلا بولىدۇ. پېرسوناژ ئۆز ئوبرازىنى ئۆزى يارىتىدۇ. ئاپتور ئۇنى باشقۇرالمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «چىنلىق» قا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## دەستلەش

دەستلەش يەنە شېئىردىكى مەنىۋى ھالەتنى دەستلەش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھازىرقى زامان غەرب شېئىرىيىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل دەسلەپ مەنىۋى ھالەتچىلىك (ئىماگىزم) ئېقىمىغا تەۋە شائىرلار تەرىپىدىن، جۈملىدىن ئامېرىكىلىق مەشھۇر شائىر ئېزرا پوئۇند (1885-1972) تەرىپىدىن كۆپ قوللىنىلغان. كېيىنچە باشقا ئېقىمدىكى شائىرلارنىڭمۇ كۆپلەپ قوللىنىشىغا ئەگىشىپ شېئىرىيەتتە ئومۇملىشىپ كەتكەن.

دەستلەش ئۇسۇلى كىنودىكى مونتاژغا ناھايىتى بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئالايلۇق، كىنو ئېكرانىدا ئەگىز سۇلىرى ئېقىپ تۇرغان بىر ئېرىق، ئاندىن كۆرۈنۈش يۆتكىلىپ باشباھاردا ئېچىلغان گۈل يەنە تاماشىبىنلارغا ئارقىسىنى

قىلىپ تۇرغان قىز ئانىدىن يەنە ھېلىقى گۈل كۆرۈنسە، تاماشىبىنلار بۇ كۆرۈنۈشلەردىن ھېلىقى قىزنىڭ ئەمدىلا ياشلىق ھاياتىغا قەدەم باسقان بىر گۈزەل قىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ئېكراندا يەنە ھېلىقى گۈلگە بىر بۇلبۇلنىڭ ياكى كېپىنەكنىڭ قونغانلىقى كۆرۈنسە، تاماشىبىنلار ھېلىقى قىزنىڭ مۇھەببەتتە ۋىسالىغا يەتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. مانا بۇ يەردە بىر قانچە خىل كۆرۈنۈش بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە دەستىلىنىپ، ناھايىتى روشەن بىر خىل مەنا ئىپادىلىگەن، ئەلۋەتتە. بۇ دەستىلىنىشتىن كېلىپ چىققان مەنا ئەسلىدىكى ئايرىم - ئايرىم ھەتتا دەستىلەنگەن كۆرۈنۈش بىۋاستە ئىپادىلەيدىغان مەنانىڭ ئۆزى ئەمەس. مانا بۇ دەستىلەش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىشىدۇر. ئەمما شېئىرىيەتتىكى دەستىلەش ئۇسۇلى تىلنى ۋاستە قىلىدۇ. كىنودا ئەمەلىيجانلىق سۈرەتلەر ئارقىلىق «تىل» شەكىللەندۈرۈلۈپ، مۇشۇ تىل ئارقىلىق مەقسەت ئۇقتۇرۇلىدۇ. شېئىرىيەتتە بولسا تىل ئارقىلىق سۈرەت شەكىللەندۈرۈلۈپ، گۈزەل مەنىۋى ھالەت يارىتىلىدۇ. شائىر ئۆز شېئىرىدا مۇشۇنداق مەنىۋى ھالەتتىن ئىككىنى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ. شائىرنىڭ مەقسىتى ھەرگىز ئەشۇ مەنىۋى ھالەتنى كىتابخانلارغا كۆرسىتىپ بېرىش ئەمەس. بەلكى مۇشۇ مەنىۋى ھالەتلەرنى دەستىلەش ئارقىلىق باشقىچە بىر خىل مەنىۋى ھالەت يارىتىش. دەستىلەنگەن مەنىۋى ھالەتلەر بىلەن ئۇلاردىن كېلىپ چىققان مەنىۋى ھالەت بىۋاستە باغلىنىشقا ئىگە ئەمەس. مانا بۇ بىز دەۋاتقان شېئىرىيەتتىكى دەستىلەش ئۇسۇلىدۇر. دېمەك، دەستىلەش ئۇسۇلى دېگىنىمىز — ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنىۋى ھالەتنىڭ بىرىكىپ بىر مەنىۋى ھالەت يارىتىشى، ئەمما بۇ مەنىۋى ھالەت بىلدۈرگەن مەنىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىۋى ھالەتلەر بىۋاستە ئىپادىلەيدىغان مەنىگە ئوخشىماسلىقى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ۋاستىلىق ھالدا مۇئەييەن مەنا مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇشىدىن ئىبارەت.

دەستىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش شېئىرىيەتتە ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا ئاجايىپ ئېسىل ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەنلىرى گەرچە بىزنىڭ كۆزىمىزگە دائىم چېلىقىپ تۇرىدىغان ئاددىي نەرسىلەر بولسىمۇ، دەستىلەنگەندىن كېيىن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ئۇنىڭدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئاجايىپ گۈزەل بىر شېئىرىي مەنزىرىنى كۆرىمىز، ئەلۋەتتە. بۇ گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ تۇرۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزىمىزمۇ تۇيماي شائىرنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقىپ قالىمىز، ئىجادىيەتكە ئارىلىشىپ قالىمىز. نەتىجىدە، بىز شېئىردىكى «غۇۋالىق» پەردىسىگە ئورالغان ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنالايمىز.

ئېزرا پوئوندنىڭ «پويىز ئىستانسىسىدا» دېگەن شېئىرىنى كىشىلەر دەستىلەش ئۇسۇلى ئەڭ ئۈنۈملۈك، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قوللىنىلغان دەپ قارايدۇ. بۇ شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

ئادەم توپى ئىچىدە لاپ - لاپ ئۆتەر چېھرەلەر،
نەمخۇش دەرەخ شېخىدا جىلۋە قىلار گۈل بەرگى.

پوئوند بۇ شېئىرىدا گۈل بەرگىنى ئادەمنىڭ چىرايىغا ئوخشاتمىغان ياكى بۇ ئىككىسىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرغىنىمۇ ئەمەس. بەلكى «ئادەم توپى ئىچىدە لاپ - لاپ ئۆتكەن چېھرەلەر» نىڭ ئۈستىگە «نەمخۇش دەرەخ شېخىدا جىلۋە قىلغان گۈل» بەرگىنىڭ ئۈستىگە دەستىلەپ، بۇ ئارقىلىق ئادەم چىرايىدىكى گۈزەللىكنى تولىمۇ جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇنداق ئۇسۇل ياكى بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇسۇللار بىزنىڭ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

تۈزگۈچى: كېرىمجان ئابدۇرېھىم.


## ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا ئۆتكەن ياشلىق ھايات.



«قۇتادغۇبىلىك» ئىجادىيىتى ئۈستىدە.




«قۇتادغۇبىلىك» نى قاراخانىلار خانىلىقىنىڭ خاقانى تاۋغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلانخانغا تەقدىم قىلىش.

(رەسىملەرنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت سىزغان)



ئۇلۇغ ئالىم مەڭگۈ ئەۋلادلار قەلبىدە.



قەشقەر تۇمەنكۆل مەنزىرىسى


**قەشقەر ئەدەبىياتى** (19-يىل نەشرى)

«喀什噶尔文学»（双月刊）

*KASHGAR LITERATURE*
*IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL*

---

1990 - يىل 1 - سان (قوش ئايلىق ژۇرنال)

نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب ـ ژۇرنال سودىسى باش شىركىتى

( بېيجىڭ 2820 ـ خەت ساندۇقى )

(O.P. BOX 2820 BIEJING CHINA)

فورماتى 787 × 1092 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: GN 65—1081/1

---

پوچتا ۋاكالىتەن نومۇرى: 58 — 62

باھاسى: 100 فۇڭ

تېلېفون نومۇرى: 23196